# تارىم

12

1988



ئىنتىلىش

سۈرەتنى ئەرشىدىن،
توختى ئارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

12

1988

38 - يىل نەشرى

ئەگەر مەدەنىيىتىمىزنى ئۆلمەس مەدەنىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈمىدىدە بولساق، ئۇنى جەزمەن باشقا ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئېلىئوت

ھازىرقى زامان سەنئىتىدىكى كەم نەرسە شەكىل ئەمەس، بەلكى روھ، ھەقىقەت ئەمەس، بەلكى ئەركىنلىك.

شىللىر

ئۆزىنى ئىپادىلىيەلمىگەن ئىنسان — قۇل.

گېگېل

بىر مىللەتنى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى داۋالاشلا ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

بەيياڭ

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بورھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئوسمانجان ساۋۇت

# شېئىرلار

## پىلسىرات

ھەر تاغدا تاغ ھۆسنىگە قاراپ ئۆتتۈم،
ھەر تاغدا بىر گۈزەللىك، بىر تىلسىمات.
ھەرتاغدىن بىر مۇھەببەت شوراپ ئۆتتۈم،
ھەر تاغدا بىر جەننەت ۋە بىر پىلسىرات.

جەننەتنى بىرەر ماڭا ئېسىل جاھان،
سۆيىمەن، سۆيۈلىمەن، ئۇمۇنىمەن،
ھەسرەتتىن يىغلىسام گاھ، گاھى بىر ئان
بەختىيار سەزگۈلەرگە كۆمۈلىمەن.

ناخشىلار باشلىنىدۇ مىسلى شاراب،
بوشلۇقلار شۇنچە سۇزۇك
(قېنى مانان؟)
يايرايسەن باللىقىڭ قايتا قاراپ،
يەر جانان،
ئاسمان جانان، ھەممە جانان.

ئالدىڭدا يۈز ئاچىدۇ مىڭ مەۋجۇدات،
بەرھەق ھەم،
مۇلايىم ھەم،
چىرايلىق ھەم.
قايسى مەرد بەرگەنىكىن بىزگە ھايات،
ئۇلۇغ ھەم، مۇقەددەس ھەم، قۇلايلىق ھەم.

چاقنىغان نىگاھلارغا قۇدرەت تىلەپ،
سۆيگۈ ئېيپ،
سۆيگۈ بېرىپ يۈرگىنىمدە؛
تايىنىپ ھېسلىرىمغا مۇرە تىرەپ،
جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگىنىمدە؛

بىردەملىك ھېسلىرىمغا دېدىم: سەن كەت،
سېھرىدىن ئايرىدىم ۋە تىلسىماتنى
ھېسلىرىم بەرگەن ئىدى ماڭا جەننەت،
ۋىجدانىم بەردى ماڭا پىلسىراتنى.

جان ئەمدىم ئانا يەردە ئانا تاغدىن،
باشلاندى دېمەك پەرۋاز — قاناتلاندىم.
پىلسىرات — پەرىز سېزىش پەرزەنتلىكنى،
پەرزەنتمەن، پىلسىراتتا ئاياغلاندىم.

## پىچىرلاشلار...

جىمجىت تاغدا جىمجىت تۇرۇپ شادىمان،
پىچىرلىشىش ئادىتىمدۇر ھەمىشەم.
تازىرىدۇ ئاشۇ چاغدا جان، ئىمان،
ئاشۇ چاغدا پەرىشتىدۇر خانىشەم.



ئاشۇ چاغدا ئۇنتۇلىدۇ بارچە غەم،
ئايلىنىمەن ئىككىنچىلەپ بالىغا.
ئاشۇ چاغدا زېمىن كۆركەم، كۆك كۆركەم،
ئاشۇ چاغدا ئوخشار كۆڭلۈم دالىغا.

پىچىرلايدۇ شۇندا سۇبھى — شۇندا تاڭ،
قۇچىقىمغا تۆكەر چېچەك گۈل - لەيلى.
توزۇپ كەتتى ئىپارلاردىن خۇش بۇي چاڭ،
بالقىپ كەتتىم بالقىغان تاڭ تۇپەيلى.

پىچىرلايدۇ شۇندا سۇبھى، شۇندا تاڭ،
ئېسىل كۈيلەر - ناۋالارغا ئۇلپەتمەن.
بۇرچۇك سۆيۈش، دەر يۈرەككە خۇش ئاھاڭ،
سۆيەلمىسەك كۈلپەت سەنۇ، كۈلپەتسەن.

پىچىرلايدۇ شۇندا سۇبھى، شۇندا تاڭ،
پارلاق خىيال، پارلاق ئۇيغا يانداشمەن.
تاڭدەك سۆيۈش،
شۇندا مەندە غالىب ئاڭ،
تاڭ خۇمارمەن تاڭلار بىلەن قانداشمەن!

## بۇغىلار تىمسالىدا...

سالالىق مۈڭگۈزلەر مىسالى چاڭگاك،
ياشايدۇ ئورماندا بۇغىلار ئىجىل.
ئۇسسۇشمەس ئۆزئارا، مېھىرلىرى پاك،
ئادەم بىز، بۇنىڭدىن بولىمىز خىجىل.

راست، ئۇلار ياشايدۇ ئۆملىشىپ ئىناق،
ئېلىشىپ قالماس ھەم ھەتتا كېچىدە.
ئادەملەر ئۇسسۇشۇپ ياشايدۇ، چۈنكى
مۈڭگۈزى ئۇلارنىڭ بولغاچ ئىچىدە.

## ئۆتۈنۈش

مەيلى سەن تاغلارنى يىقىت ئۈستۈمگە،
مەيلى سەن سۇلارغا غەرق قىل مېنى.
مەيلى سەن ئەزرائىل بولغىن ئۆمرۈمگە،
ۋە مەيلى تەڭرى قىپ سايلاي مەن سېنى.

مەيلى سەن ئۆچۈرگىن شان - شۆھرە-
تىمنى،
مەيلى سەن ئىلكىمدىن دېڭىزىمنى ئال.
مەيلى سەن ئىسلىغىن ھەق - ھۆررىيىتىمنى،
مەيلى سەن قوش مېنى خەسلەرگە دەرھال.

تەقدىرىم ھەققىدە كېسىم كېسىشنى
ئىتىرەپمۇ تۇرماستىن بېرەي مەن ساڭا.
ۋەلېكىن ئالدىمدا ئىشلەتكىن ئۇنى،
كەينىمدە كۆرۈنمەي تون پىچما ماڭا.

## ماۋزۇسىز

ئىچ - باغرىمنى تالاي يېرىپ كۆرسەتتىم،
يۈرىكىمنى تالاي سالدىم قولۇڭغا.
قەسەملەرنىڭ باھاسىنى ئۆرلەتتىم،
سۇ سەپتىمەن كۆز يېشىمدا يولۇڭغا.

مەن ئىشەنگەچ ئادەملەرگە، سۆزلەرگە،
ئىشەنچ تىلەپ ئادا بولدۇم، كىم بىلدى؟
ئىشەنچ بىلەن باقتىم تەلۋە كۆزلەرگە،
ئاشۇ كۆزلەر يۈرەك تىلدى، دىل تىلدى.

بىلىشمەسلىك قىسمەتلەرگە تاشلاندى،
زەھەر ئىچتۇق مۇسەللەس دەپ بىلىشمەي.
ھەممە بالا يېرىكلىكتىن باشلاندى،
قالدى شۇڭا مىجەزىمىز كېلىشمەي.

قەلبىم ئۇچۇن ساڭا بېرەي بىر ئىزاھ،
مىسرالىرىم قانلىرىمدىن يارالغان.
يۈرەك سىرىم شېئىرىمغا چىن ئىلاھ،
شېئىرلىرىم يۈرىكىمدىن تارالغان!

## كەينىمدە سايىدەك باردۇر بىر ئېقىن

كەينىمدە سايىدەك باردۇر بىر ئېقىن،
سوئىدىشار تىنىمسىز، بۇ ئايان ماڭا.
ئۇنىڭدا بار ھەممە يىراق ۋە يېقىن،
ھېچقانداق چارە يوق مېنىڭدە ئاڭا.

بار ئۇندا چۇقانلار، قىيا - چىيالار،
بار ئۇندا ھاقارەت، بار ئۇندا لەنەت.
بار ئۇندا ساتقۇنلار، رويى سىيالار،
بار ئۇندا دۇشمەنلىك، بار ئۇندا نەپرەت.

بار ئۇندا قىلىچلىق زۇغۇي كۆلكىلەر،
بار ئۇندا چايانلار تۆرەلگەن يۈرەك.
بار ئۇندا مىكىرلىك قېرى تۈلكىلەر،
بار ئۇندا ئارسىزلار ئۈتكۈزگەن كۈرەك.

بار ئۇندا پىتنىلەر، بوغۇلۇپ قاۋاش،
بار ئۇندا يۈزسىزلىك، باردۇر خىيانەت.
بۇ ئېقىن ئۆمرۈمگە ئۇلپەت ۋە قاياش،
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەم تىلسىم، رىۋايەت.

كەينىمدە سايىدەك باردۇر بىر ئېقىن،
سوئىداشسۇن مەيلى، مەن چەكمەيمەن
پەرياد.
قەلبىمدە پەقەتلا چاقنىدۇ چېقىن،
سۆيگۈدەك يورۇقلۇق،
سۆيگۈدەك ھايات!

## ياق، پەقەت ھېچكىمگە ئوخشى-مايسەن سەن

شوخ گۈللۈك رومالنى سىلىپ بېشىغا،
دوقمۇشتىن نۇرلىنىپ ئۆتتى بىر دىلبەر.
ھىلال ئاي قوندى دەي ئەگىم قېشىغا،
ئۈزلۈكى ئۈزلۈقا
ئۈزەك ۋە جەۋھەر.

بەك ئوخشاپ كەتتى ئۇ گۈزەلىم ساڭا،
چۈشلەرنىڭ سەتھىدەك مىسلىسىز شۆتاپ.
سۆبھىدەك تويغۇلار مېھماندۇر ماڭا،
بۇ ئالتۇن ئالەمدە پارلىدى ئاپتاپ.

ئوخشىدى، ئوخشىدى زەپمۇ ئۇ ساڭا،
سەنىڭغۇ دەپ ئۆندەرەپ -مەگىدەپتىمەن مەن.
ئادەمغۇ ئادەمگە ئوخشايدۇ، ئەمما
ياق، پەقەت ھېچكىمگە ئوخشىمايسەن سەن.

## ئاھ ئۇرما، دىلبىرىم، سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ

ئاھ ئۇرما، دىلبىرىم، سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ،
مۇقەددەس ھېسلارنى بۇزالماس ھەسرەت.
چىن سۆيگۈ دەردلەرگە كۆكۈل بۆلمەيدۇ،
ۋە تۇغماس ئاداۋەت، ۋە تۇغماس نەپرەت.

ئۆزۈمنى سېنىڭدىن چەتكە ئالمىدىم،
ئۆزگىگە قويمىدىم سېنى ئامانەت.
تاقىتىم تاغ بولدى، ئەسلا تالمىدىم،
قىلمىدىم سۆيگۈگە ھەرگىز خىيانەت.

شېرىن چۈش بۆشۈكى ئەمەستۇر دۇنيا،
ئىلكىمدە ئەمەستۇر بارچە ئىمكان ھەم.
ئىشكىنى ئاچسەن خىزىرغا، ئەمما
ئالۋاستى تاشلايدۇ ئۆيۈڭگە قەدەم.

قوشۇلۇش ۋە نىكاھ بەرگەن نېمەتكە
سۆيگۈ دەپ قارىما، ئۇ ئەمەس كۆركەم.
سەن ۋە مەن بېرىلگەن شۇ مۇھەببەتتە،
يول پەقەت بەدەلسىز سۆيۈشتۇر ئەركەم.

ئايرىلدۇق، چاڭلاردا كۆمۈلدى يوللار،
ئۇنتۇشنىڭ ئىلاھى يىللار بەك سېخى.
ۋە لېكىن ئوكۇمدا سەن سوزغان قوللار،
ئالتۇندەك، مەرمەردەك خاتىرەڭ تېخى.

ئاھ ئۇرما، دىلبىرىم، سۆيگۈ ئۆلمەيدۇ،
چىن سۆيگۈ دەردلەرگە كۆكۈل بۆلمەيدۇ.

## راست ۋە يالغان

شاراب غوۋغا چىقىرىپ، شاراب كۈلگەن بىر ئاخشام،
جانانلارنىڭ كۆزلىرى ئەينەك ئىچرە يانغان شام.
زەپمۇ دادىل تۆكىدۇ سىرلىرىنى يۈرەكلەر،
چوغدەك يانار قاراقلار ئىنچىكىلەپ بىر باقسام.

ساقىي سۆزى شەمشەردەك، ئايلىنىدۇ ئالتۇن جام،
مىسرالىرى ھەيىيامنىڭ ئۆتكۈر دەستەك، تىلغا رام.
تورى بىلەن مۇشت دېگەن، زورى بىلەن شارابمۇ،
مۇھەببەتلىك زورلاشتىن ئالالمايسەن ھېچ ئارام.

شۇ ئەسنادا ئۇلپەتنىڭ بىرسى سەپتىن چېكىندى،
ئاغرىق، دېدى، ئاشقازان، شۇ قامالغا بېكىندى.
بىرسى دېدى يۈرىكىم، بىرسى دېدى جىگىرىم،
ئۇلپەتلەرنىڭ شۇنداق قىپ ئاغرىقلىقى بىلىندى.

كەيپى ئۇچۇپ ساقىينىڭ ھەممىمىزگە دوق قىلدى،
«بۇ ئاغرىقلار بەزمىنىڭ شوخ پەيزىنى يوق قىلدى.
ھاياتىڭنى سىزىشچۇن شاراب ئىچسەڭ، شاراب ئىچ،
شۇڭا قىسمەت ھاياتنى شاراب بىلەن توق قىلدى.»

شارابسىزمۇ ساقىي دوست، مۇھەببىتىم بالقىيدۇ،
بۇ ھاياتنى سېزىدىغەن سەزگۈم كۆكتىن ھالقىيدۇ.
راست سۆزلەيمىز مەستلىكتە، يېشىلگەندە كۆپ يالغان،
مەن ئىچمىدىم، تېنىم ساق، ئەمما كۆڭلۈم ئاغرىيدۇ.

## ئادەم، شائىر، ھەيكەل، ئەجەل

(ئۇستاز ئابدۇكېرىم خوجىغا مەرسىيە)

1

ھەر ئەسنادا چاقنىغان پەرز سېزىش ئادەملىك،
ھەر قەدەمدە بېسىلغان قەرز سېزىش ئادەملىك.
ئايرىلغاندا بۇ ھېستىن بەندىلىككە بېرىلىپ،

جازا سوراپ ۋىجداندىن ئەرز يېزىش ئادەملىك.
بىر ئىش ئۈچۈن مىڭ قېتىم خىجىل بولۇش ئادەملىك،
ئىزدەپ تېپىپ چىنلىقنى ئىجىل بولۇش ئادەملىك.
نۇر چاقنىغان جايلاردا پەقەت زەررە بولسىمۇ،
«تەلىيى» دىن تەۋرىمەي سىجىل تۇرۇش ئادەملىك.
كۆرۈپ تۇرۇپ قىلچىنى راست سۆزلىگەن ئادەملىك،
ئۆزنى ئەمەس ئۆزگىنى راست كۆزلىگەن ئادەملىك.
غۇرۇرىنى بىباھا، يۇلتۇزلارغا قوندۇرۇپ،
پايخانىغا دىللارنىڭ چىمەن تۆزمىگەن ئادەملىك.
قەسەمخوردۇر يالغانچى، ئاڭا ياقماس ئادەملىك،
يالغانلاردىن پۈتۈلۈپ شەكىل تاپماس ئادەملىك.
زەررىسىنىڭ باھاسى تۇرار زەررە مۇھەببەت،
ئاسان يەرنى چۆشكۈن قىپ ئاسان ياتماس ئادەملىك.
بەدەل كېرەك، بەدەلدىن سان ئالىدۇ ئادەملىك،
سامان ئەمەس خاماندىن دان ئالىدۇ ئادەملىك.
بۇ يول ئۆتكاي يول ئەمەس چىدىغانغا چىقارغان،
چىدىغىنىڭ ئادەم بول، جان ئالىدۇ ئادەملىك.
ئادەملىككە تېۋىنغان ئەجەب ئادەم ئىدىڭىز،
ئادەملىكچۈن ھەمىشە تولغىنىپ غەم يېدىڭىز.
دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ سەكراتتا يېتىپمۇ،
قۇرۇپ كەتسۇن شەخسىيەت، ياشىسۇن ئەل، دېدىڭىز.

2

شائىرلىقنى ھەنسەپكە ئۇستەك بېرىپ تېگىشىپ،
قېيىن تۇرۇپ، ئۇيالماي يۈگەيلەرگە ئېگىشىپ،
نەپسى ئۈچۈن بەزىلەر «دىن» دىن چىقتى بىراقلا،
تەقدىرىنى ئايانماي دەرىجىگە چېگىشىپ...
بۇ مۇقەددەس پىرلىق ئىش شۇنىڭ بىلەن چەتندى،
قەسىرلەرگە يەتكەن كۈي قەلبلەرگە يەتمىدى.
ھەممە ئۈستى ۋە لېكىن ئۆسمەي قالدى شائىرلىق،
بۇ ئاھانەت، ئاھانەت يۈرەكلەردىن كەتمىدى.
مېۋە قىيام بولغاندا ئۇنىڭ كۆزى ياشلىنار،
پۇتاقلارغا خوش ئېيتىپ ئانا يەرگە باشلىنار.
نىدا قىلار ھىجراندا شاختا قالغان ياپراقلار،
ئۆزى تىترەپ، كۆزلىرى ياشلىنار، ئاھ، ياشلىنار!
يۈرەكلەردىن كەتمىدى بۇ ئاھانەت، ئاھانەت،

يانداۇردىڭىز ۋۇجۇدنى، بولدى بۇ بىر پاراغەت.
قىقنۇسلار تىرىلدى يېڭىباشتىن يىپيېڭى،
قالغان كۆڭۈل ئېلىندى، شىپا تاپتى جاراھەت.
كۆزلىرىمىز ياشلاندى، شائىر كەتتى ئالدىراپ،
شائىر سالغان دەرد ئېغىر، كەتتى يۈرەك قالتىراپ.
ھەر سەھەردە ئىزدەيمەن سەھەر كەبى شائىرنى،
ئانا بۇغدا ئۈستىدە ئۇ تۇرىدۇ يالتىراپ.

3

ھەيكەل ئىشى بولمىغان ھەيكەل ئىزدەپ تىنمايدۇ،
ئۆزگىلەرگە ھەرگىزمۇ بىر ھەيكەلنى قىيمايدۇ.
ھەيكەل تاللاپ ئالالماي ھەيكەل باسقان ئالەمدىن،
ھەيكەلى يوق ئۆتكەننى ھەيكەلسىزلىك قىينايدۇ.
تۈز ماڭغىنىڭ بىر ھەيكەل، ئۈز ماڭغىنىڭ بىر ھەيكەل،
ئۇرغا تەۋە ئىشلىرىڭ ھەيكەل، ھەيكەل، مىڭ ھەيكەل!
گرانىتتىن تاراشلاپ ياسىغىنىڭ بوش تۇپراق،
يۈرىكىڭدىن ياسىساڭ ئۆپرىمايدۇ چىڭ ھەيكەل...
ھەيكىلى كۆپ شائىرنىڭ قويالمايمىز يۈتتۈرۈپ،
چۈنكى ئۇنى يۈرىمىز بىز ھەممىمىز كۆتۈرۈپ.
يەر كۆتۈرگەن ھەيكەلدىن ئەر كۆتەرگەن ھەيكەل خىل،
توپان سۈيى كەلسىمۇ كېتەلمەيدۇ چۆكۈرۈپ.
كەمتۇكۇم بار ئاجايىپ تولۇقلاشنى بىلمەيمەن،
تىرىكىدە تىرىكنى ئۇلۇغلاشنى بىلمەيمەن.
تىلسىماتلار بۇرجىدا بىر يۇلتۇزۇم نۇر چاچسا،
مۆڭگىلىكىمۇ، ئىشقىلىپ، قۇتلۇقلاشنى بىلمەيمەن...
شۇ ئەيىبىم خۇن قىلدى نىگاھىمنى، قەلبىمنى،
كۆرەلمىدىم ۋاقتىدا ئادەملىكنى — بەختىمنى.
ئادەملىكنى قەدىرلەش، بايقاشلارمۇ ئادەملىك،
ئادەملىككە ئۆتۈندۇم ئادەملىكسىز تەختىمنى.

4

ئىشكلەرگە دوقۇرۇپ دەيدىپ يۈرەر بۇ ئەجەل،
ئۇمۇ سۆيەر ياخشىنى، ئېلىپ ماڭار بىبەدەل.
شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن قاقشايمىز،
ئۆزگەرمەيدۇ ھەمىشە، ئۆزگەرمەيدۇ بۇ ئەمەل...
ئادىل دەيتتىم مەن ئۇنى «بۇغداي، قوناق» يېمەيتتى،

ماۋۇ يېقىن، ماۋۇ يات، ماۋۇ دۇشمەن، دېمەيتتى.
تەڭشەك ئىدى بىردىنبىر تەڭشەيدىغان ئالەمنى،
مەنسەپ - پەنسەپ، دەرىجە دېگەنلەرنى بىلمەيتتى.
بۇ ئادىلىم بۇ قېتىم ئادالەتسىز ئىش قىلدى،
ئادالەتسىز ئىش بىلەن كۆڭۈللەرنى قىش قىلدى.
بالدۇر قاقتى شائىرنىڭ ئىشىكىنى، مىڭ ئەتتەك!
سۆيىدىغان لەۋلەرنى چىشلەيدىغان چىش قىلدى...

5

شائىر ئۇخلاپ تىنىچ ياتار ئانا يەرنىڭ قوينىدا،
سۆيگۈسىدىن ئۇ ئۆزى تۇمار ئاسقان بوينىغا.
پۇراپ تويماس تۇپراقنىڭ ئىپارىغا ئەبىدى،
ئىپار، ئىپار، كۆپ ئىپار شائىر ئىپار قوينىدا.

ئابدۇلئەھەد سەلەي

## كېچە ۋە ئانا

ئايدىڭ كەچ، ئولتۇرار مۈگدەپ ئانا،
ئەللەيىنىڭ كۈيىدىن شېرىن مەست بولۇپ.
تەۋرەيدۇ بىر بۆشۈك سېھىرلىك قولدا،
ئاق يۈزلۈك پەرىنىڭ ھەمراھى بولۇپ.

ئۇيقۇمۇ ئۇيۇلار، ئولتۇرسا ئانا
بوۋاقنىڭ جىسمىنى مېھرىگە ئوراپ.
يۇلتۇز قىپ ئاسمانغا چاچىدۇ خۇدا
ئانىنىڭ شەنىگە قۇياشنى توغراپ.

نۇرلارنى ئوغرىلاپ پەنجىرىدىن ئاي
ئالماقچى بولغاندەك دېغىنى يۇيۇپ،
مېھرىنى لېۋىدە، ئانىجان تويماي،
بوۋاقنىڭ لېۋىگە قويىدۇ قۇيۇپ...

ئۇيقۇدا تامام جان كۈن ئويغانغىچە،
نۇر تۆكەر ئانىجان كېچىگە ئويغاق.
تەسلىمنىڭ بەلگىسى ئاشۇ ئاق كېچە—
تەبىئەت چىقارغان بەلگىم ئاق بايراق!

بىر بۆشۈك تەۋرەيدۇ، بۆلەكلىك ئاڭا
شۇ ئانا دۇنياغا كەلتۈرگەن ئىنسان.
كېچىلەر ئۇلۇغدۇر، ئۇلۇغدۇر شۇڭا،
ئانىلار بولغاچقا ئاڭا ساھىبخان!

## ئاتا مېھرى

ئاتا مېھرى قۇياشتۇر قۇياش،
يۈرىكىمگە تۆكىدۇ يالقۇن.
ئاتا مېھرى دەرىيادۇر دەريا،
يۈرىكىمدە كۆتۈرەر دولقۇن.

ئاتا مېھرى سامادۇر ساما،
مەن قۇش ئاڭا ھۇرمىتى پەۋەس.
ئاتا مېھرى ھاۋادۇر ھاۋا،
مەن ئالىمەن شۇڭلاشقا نەپەس!

## ئاپئاق كۆڭلۈم گويا ئاق بايراق...

«ئاقكەن كۆڭلۈڭ» دېدىڭ سەن مېنى،
شۇنداق، كۆڭلۈم رۇخسارىڭدەك ئاق.
يۈرىكىڭدىن كۆردۈم مەن سېنى،
تىترەر تېنىم بولۇپ يوپۇرماق...

كۆڭلۈڭ تۆككەن ئىشقىڭنىڭ دېنى
قەلبىمدە بىخ سۈردىمۇ قانداق؟
تاپشۇرايمۇ تەسلىمنامىنى،
ئاپئاق كۆڭلۈم بۇ دەم ئاق بايراق!...

## گۈزەلىم

چاچلىرىڭدا ئىلەڭگۈچ ئۇچۇپ،
كىرپىكىڭگە مۆككۈم كېلىدۇ.
قاشلىرىڭدا ھىلال ئاي قۇچۇپ،
كۆزلىرىڭگە چۆككۈم كېلىدۇ.

گۈزەللىكىڭ ئۈچۈن مەڭ بولۇپ،
رۇخسارىڭغا قونغۇم كېلىدۇ.
قۇياش تۆككەن شەپەق رەڭ بولۇپ،
لەۋلىرىڭدە سۇنغۇم كېلىدۇ.

نەپەسلەنسەڭ، بولۇپ ساپ ھاۋا،
ساڭا راھەت ئەتكۈم كېلىدۇ.
يۈرىكىڭگە سېلىپ مەن ئۇۋا،
مەڭگۈ ئۇخلاپ كەتكۈم كېلىدۇ...

## سېنىڭ ئۈچۈن تۇتىمەن ماتەم

سەن ئۈچۈن توي بۈگۈن، ماڭا مۇسىبەت،
تەقدىرنى مەسخىرە قىلىدۇ مېھمان.
بەختتىن مەست قىلسا سېنى مۇھەببەت،
ماگمىدەك قاينايدۇ قەلبىمدە پىغان.
سەن كۈلگىن، تويۇڭدىن شادلان، مەھبۇبەم،
مەن تۇتاي سەن ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ماتەم.

كۆكسۈڭدە قىزىل گۈل، مەن ئۈچۈن ئۇ ئاق،
ئاق تويلۇق كۆڭلىكىڭ گويا ئاق كېپەن.
سەن ئۈچۈن ھازىدار بولدۇم مەن، بىراق
كېتەرسەن شاد كۈلۈپ يىگىتىڭ بىلەن.
سەن كۈلگىن، تويۇڭدىن شادلان، مەھبۇبەم،
مەن تۇتاي ياش تۆكۈپ سەن ئۈچۈن ماتەم.

ئالدىمدا ئۇرغۇتۇپ سەن قىزلىق ۋىجدان،
«سۆيىمەن ئۆلگۈچە» دەپ قىلغان قەسەم.
يالغانچى بولىمەن ئەگەردە شۇدەم،
مەھبۇبەم ئۆلمىدى ئالەمدە دېسەم!
سەن كۈلگىن، تويۇڭدىن شادلان، مەھبۇبەم،
مەن تۇتاي ياش تۆكۈپ سەن ئۈچۈن ماتەم.

## كېپەنلەنگەن سۆيگۈ

لەۋلىرىڭنى تەگلىمىگىن مەھبۇبەم،
دەردلىرىمگە يېقىلمىسۇن سەرەڭگە.
گۆرگە كۆمگەن سۆيگۈمىزنى بىز نىكەم،
ئەمدى يۈرەر نېچۈن بولۇپ كۆلەڭگە؟!

لەۋلىرىڭنى تەگلىمىگىن مەھبۇبەم،
يۇيالمايدۇ ئۇنى مەڭگۈ كۆز يېشىڭ.
ھېسداشلىقىم بولسۇن ساڭا سەدىقەم،
كېپەنلىنەر ئەمدى ئاچچىق كەچمىشىم.

لەۋلىرىڭنى تەگلىمىگىن مەھبۇبەم،
كۆمۈلەيلى بىز قويىنىغا توزاڭنىڭ.
سۆيسەم سۆيەي مەگزىدىن مەن پاكلىقچەم،
قۇچىقىڭدا تېپىچەكلىگەن قوزاڭنىڭ!...

مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروپ

## ئۈمىد

كۆنۈللار ئېيتقان: «ئۈمىدسىز شەيتان»
نا ئۈمىد ياشىما، ئەقىللىق ئىنسان.
ھەزەر قىل دائىما نائۈمىدلەردىن،
سۆيمەيدۇ نىگارىڭ، سۆيمەيدۇ دەۋران!

گۈللەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار، چىرايلىق،
رەڭلەرنىڭ ھەممىسى گۈل ئەمەس لېكىن.
ئۈمىدنى يوقاتساڭ، دوستۇم دېمەسمەن،
ئاي بىلەن كۈنگە گەر بولساڭ شاھ تېكىن.

تارىختا قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئەجداد
ياتسىمۇ قاراڭغۇ زىندانىدا بىھوش.
شۇندىمۇ ھۇرلۇكتىن ئۈمىد ئۈزمىگەن
بېشىمغا قونار دەپ بىر كۈن بەخت قۇش.

بۇ يىللار قونۇپتۇ بېشىمغا، قاراڭ،
راستىنلا بىز كۈتكەن بەختىنىڭ قۇشى.
بىز ئۈچۈن باھاردۇر — يىللار باھارى،
ۋە يەنە گۈلىستان يىللارنىڭ قىشى.

باھارنىڭ ئاق گۈلى كۈمۈش چاچلىرىم،
كەتمىدى باز تېخى مېنىڭ ياشلىقىم.
بىر ئۆمۈر جور بولغان سىردىشىم ئۈمىد،
شۇ مېنىڭ نىگارىم، قەلەم قاشلىقىم.

نەيىم يۇسۇپ

## ئانا تىلىكى

بىزدە بىر تەمسىل بار: «گاچا قىز
تىلىنى بىلىدۇ ئانىسى.»
دۇچ كەلدىم ئۆزگىچە بىر ھالغا،
بارمىدۇ بۇنىڭ بىر چارىسى؟

خۇش ئىدىم بالامدىن «شائىر» دەپ،
(شېئىر ۋە داستانغا ماھىر دەپ.)
ئانىغا زور شەرەپ ئەمەسمۇ
شائىر بوپ يېتىلسە بالىسى!

بىر چاغلار يازاتتى رىتىملىك،
مىسرالار ئاممىباپ، يېقىملىق.
ئىدى ھەر سۆزلىرى مىسالى —
ئانارنىڭ شەربەتلىك دانىسى.

دىللارغا زوق - ئىلھام بېغىشلاپ —
تۇرغاچقا، ئوقۇيتتۇق يېنىشلاپ.
دەيتتى ئەل: «ئېرىشتى مەلھەمگە
شېئىردىن يۈرەكنىڭ يارىسى...»

ۋادەرىخ، ئەمدىچۇ ئازدى ئۇ،
شېئىردەپ تېپىشماق يازدى ئۇ.
بەك سىرلىق، بەك قىيىن مۇئەمما،
ئۇقمىدۇق (مەن ياكى دادىسى).

قوشنىلار — ئىشچىلار، دېھقانلار ...
شېئىرغا چىن ھەۋەس قىلغانلار،
كايىشتى: «كېتىپتۇ يىراقلاپ
بىز بىلەن بالاڭنىڭ ئارىسى ...»

دېيىشتى كۆرگەنلا زىيالىي:
«نېمىكىن شائىرنىڭ خىيالى؟
بارمىكىن قەلبىدە ئۆزىنى —
ئۆستۈرگەن شۇ خەلق ئاممىسى؟»

ئاڭلىسام، بالام ھېچ تەپتارتماي،
ھازىرقى دەۋردىن گەپ ئاچماي،
دەپتۇدەك: «يازغىنىم كەلگۈسى —
يۈز يىلنىڭ بولىدۇ ئىگىسى.»

ئەزەلدىن شائىرغا ئەل ئاشنا،
ئەڭ ياخشى شېئىرغا مەن تەشنا.
ياشاندىم، چۈشەنمەي كېتەيمۇ،
بارمۇ يا ئۆلمەسنىڭ دورىسى؟

ئېھ، بالام، سەن شېئىر يازغۇچى،
ئەل ئۈچۈن جاۋاھىر قازغۇچى،
تەشنالىق قالمىسۇن ئەتىگە،
سۆيگۈگە تولسۇن دىل خانىسى.

سۆيىمىز بۈگۈننى بىز جاندىن،
كۈيىمىز ئەتىگە ھەم ئاندىن.
بۈگۈننى كۈيلىگىن ھەم سۆيگىن
گەر بولساڭ كېلەچەك ۋارىسى.





# قامغاق



(پوۋېست)

جالالىدىن بەھرام

چوڭ كوچىدىكى راشىدىننىڭ دۇكىنى ھەر كۈنى پاراڭچى قېرىلار بىلەن ئاۋات ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىسىدىن كېيىن ھاسىلىرىغا تايىنىپ، ھەسە-كالاچلىرىدا يۇمشاق دەسسەپ، دۇكان سەيناسىغا ئىنجىقلاپ چىقاتتى-دە، قوش بەلدىگدىن ئورۇن ئېلىشاتتى ۋە ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سالام-سائەتتىن كېيىن مەھەللىدىكى يېڭىلىقلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشاتتى.

بۇگۈنكى پاراڭمۇ قېرىلارنىڭ كالتە يۆتەللىرىدەك قىسقا-قىسقا باشلاندى.

— ھوي، مەخپىر، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇزۇن كۆكۈش ساقاللىق، سۆپۈرگە قاشلىق بوۋاي، — مۆمىن يۇمشاقنىڭمۇ چەت ئەلدىن ئاكىسى كەپتۇ، دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟

— قايسى مۆمىن يۇمشاق ئۇ؟ — دېدى 55 ياشلاردىكى مەخپىر سېرىق، ساپسېرىق يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ھېلىقى ماشىنىچى مۇسا يۇمشاقنىڭ كىچىك ئوغلى مۆمىن يۇمشاقچۇ، ھەر كۈنى چوڭ كوچىدىن ھارۋىدا ئالما سۆرەپ ئۆتىدىغان.

— ھە، مۇنداق دېگىن، كېۋىر ئاكا، خۇمدان كوچىسىدىكى مۆمىن باققالنى دېگىنە، بىز ئۇنى مۆمىن باققال دەيمىز.

— ھە، شۇنىڭ چەت ئەلدىكى ئاكىسى مۆيدۇن چاپاق كەپتىمىشقۇ؟

— كەلدى، كەلگىنىگىمۇ ھەپتە بوپقالدى، — دېدى 60 ياشلاردىكى ئاق بۇرۇتلۇق بىر كىشى. بۇ كىشى مەھەللىدىكى جېدەل-ماجىرا، دەۋا-دەستۇرلەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى «ئەنسارى ئاقساقال» دەپ ئاتىشاتتى.

— شۇ كەپتۇمۇھوي؟ — راشىدىننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — رەھمەتلىك مۇسا يۇمشاق بىلەن ئازنەم ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىغانىدى. ئۇ كىچىكىدە قىپقىزىللا بىر ئوغرى ئەمەسمىدى.

— ئەمدى ئادەم بولغاندۇ، — كېيۇر ساقاللىرىنى سىيپاپ قويىدى، — مۆمىن يۇمشاقنىڭ بىرنەچچە يىل يول ماڭغىنى بىكار كەتمەپتۇ. مانا، نېمىلا بولسا كەپتۇ. ئادەم بالىسى ئەلنى ئەمەس، يەرنى سېغىنىدۇ. 25 يىل دېگەن ئاز گەپمۇ بۇ، ئىنسانىنىڭ بىر قەرنە ئۆمرى - دە.

— چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوقۇرىنى بەك ئېگىز دەپ ئاڭلايمىز، — دېدى راشىدىن قىزىل يۈزىنى سىيپاپ قويۇپ، — مۆمىننىڭ كۆتۈپ ئالغۇدەك ۋەجى بارمىدۇ؟

— هازىر ئۇنىڭ هال - كۈنى ياخشى، — دېدى ئەنسارى، — هەر يىلى 9 - 10 مىڭ سوملۇق باغ كىرىمى بار، هويلىسىدا يەر ئاستى، يەر ئۈستى ئىككى قەۋەت ئامبىرى بار، هەر كۈزدە 30 - 40 تونىنا ئالما، 7 - 8 تونىنا نەشپۈت بېسىۋالىدۇ.

— پاھ، پاھ، تېگى چىڭكەن،—دېدى كېيۇر ساقىلىنى چىمداپ، — ئېسىڭدىدۇ ئەنسارى، ئاشۇ بىر يىللىرى 7 - 8 يىل پالەچ ياتقان مۇسا يۇمشاق قورۇسىنى باھاغا قويغاندا، ئاشۇ بالىنىڭ سودىنى بۇزۇۋەتكەنلىكى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ «يىقىلىپ چۈشسە يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ قوپقۇچىلىقى بار جىگەرلىك بالىكەن» دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈۋىدىم.

— هەي ... بۇ بالىغا كەلگۈلۈك راسا كەلدى. دەرد - ئەلەم، يوقسۇزلۇقتا ئۇنىڭ يۈرىكى تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە ئايلاندى، — ئەنسارى ئاپئاق بۇرۇتلىرىنى سىيپاپ، گېلىنى قىرىپ قويدى، — ئۈچ سىڭلىسىنى، بوۋاي - مومايىنى باقىمەن دەپ كىرمىگەن گۆر، چىقمىغان دۆڭ قالمىدى.

— تېخى «ئاكاڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ» دەپ ياچىيكا قورۇسىدا سىلىپ كەتكەن زۇلۇمچۇ،—مەخپىر سېرىقمۇبېشىنى ئىرغىتىپ، تامىقىنى چاكىلدىتىپقوشۇپ قويدى،—ئاكىسمىغۇ ئاش دېسە چوكىنى تارتىدىغان، ئىش دېسە چېپىغا تارتىدىغان تازا ئالىقاپ-بىر نېمە ئىدى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، — راشىدىن مانچىستىر دوپپىسىنى ئارقىغا سۈرۈپ قويدى، — دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت. 20 - 30 يىل ئايرىلىپ كەتكەن قوۋم - قېرىنداشلارنى، ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - بالىلارنى دىدارلاشتۇرغان ئىككى هۆكۈمەتنىڭ ئىنساپىغا دۇئا قىلساق بولىدۇ.

— توۋا، زامانە ئاخىر بولغانمۇ نېمە ۋوي، — دېدى كېيۇر كوچىدىن توغرا كېسىپ كېلىۋاتقان كىشىنى ئىما قىلىپ، — باياتىنزە گېپىنى قىلىۋاتساق ئۇزىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈڭ.

پاكار بوي، ئۇزى ۋىجىك، قوشۇقتەك يۈزىدە ئېگىز بۇرنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان 41 - 42 ياشلاردىكى مۆمىن قېرىلارغا سالام بەردى - دە، داستىخانىغا ئورالغان گۆشنى پۈكەي ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ موزاينىڭكىدەك مۇلايىم كۆزلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا، تارتىشقان يۈزى، قوللىرىدىكى كۆپكۆك پۈلتىيىپ چىققان تومۇرلىرى، قاغجىرىغان يەردەك يېرىلغان يېرىك ئالقانلىرى ئېغىر مېهنەت سەندىلىدە تاۋلانغان بىر پارچە تۆمۈرنى ئەسلىتەتتى. لېكىن بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ چىرايىدىن،

ئاجايىپ مېھرىبان، شەپقەتلىك، سەممىمىي ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— راشىدىن ئاكا، — دېدى مۆمىن مۆلايىم كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، — ئۇچىدا سۆزگۆچى بار پاپىروستىن بارمىكىن؟ چەت ئەللىكلەر بىزدەك موخۇركا چەكمەيدىكەن.

— ھە، بىزمۇ شۇ گەپنى قىلىپ ئولتۇراتتۇق، — دېدى راشىدىن بىر قاپ تاماكىنى پۆكەي ئۈستىگە قويۇپ، — خەۋەرمۇ قىلىپ قويماپسەنا، كىرىپ قويغۇلۇقتى.

— ۋاي-ۋۇي، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قويغان پۈتكۈل-نۇمنى بىلمەيلا قالدىم. خۇشاللىقىمۇ ئادەمنى گاڭگىرىتىپلا قويىدىكەن، — دېدى مۆمىن چۆرىسىگە قارا خۇرۇمدىن جىيەك تۇتقان كۆل رەڭ شىلەپىسىنى ئاۋايلاپقىنا قولىغا ئېلىپ.

— بۇ شىلەپىنى ئاكاڭ ئەكەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

مۆمىنىنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىردىنلا شادلىقتىن يۇمۇلدى. ئاكىسى كەلگەندىن بېرى يارى-بۇرادەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ياكى شىلەپە توغرىلىق گەپ سورىغان كىشىلەرگە تەكرارلاپ كەلگەن سۆزلىرىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە چۈشەندۈرۈپ كەتتى:

— شۇنداق، ئاكام ئەكەپتۇ. تېخى ئۇ ماڭا ئاتاپ بىر پەلتو ئالغانىكەن چېگرىدىن ئۆتكۈزمەپتۇ. ئاكام: «ئەتتىگىنەي، ساڭا قويۇپ قويغاندەكلا كېلەتتى» دەيدۇ. مەن: «قوي، ئاكا، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلما، ئۇنىڭسىزمۇ دىدار كۆرۈشتۇقمۇ» دەيمەن. ئاكامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەلتونى كىيگەن بولسام، گېنېرالنىڭ ئۆزى بولۇپ كەتكۈدەكمەن. چۈنكى پەلتونىڭ مۇرە، يەڭلىرىدە پوگونداك ھەيۋەتلىرى بار ئىكەن.

— قىزىق ئىش، — دېدى مەخپىر سېرىق، — شۇنچە خەقنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلىرى كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەكەلگەن پەلتونى چېگرىدا تارتىپ ئالماپتۇ، ئەجەب سېنىڭ ئاكاڭنىڭكىنى تارتىۋاپتا؟..

— ئەمدى ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى مۆمىن سەل ئوڭايسىزلانغان ئەلپازدا، — ھۆكۈمەت دېگەننىڭ نىگېز تۈزۈملىرى بولىدۇ. سېنىڭ بىلەن بىز قايسىبىرىنى بىلىپ كېتەلەيتتۇق.

— دۇرۇس، مۆمىن توغرا ئېيتىدۇ، — ئەنسارى، ئاكىسىنىڭ ئىززەت-نەپسىنى قوغداۋاتقان مۆمىنىنىڭ دىلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن گەپنى يۇپۇتتى، — ھە، مۆمىن، سەپىرىڭ قاچانغا تايىن تاپتى؟

— شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ؟... — قېرىلار كۆزلىرىنى چەكچىقلىتىپ ھەيران بولۇشتى.

— شۇنداقراق تۇرىدۇ، ئاكامنىڭ ئۈرۈمچى، ئىچكىرىلەرنى كۆرگۈسى بارىكەن، ئاپىرىپ بىر ئوينىتىپ كېلەي دەيمەنا.

— ئالمىلىرىڭنى قانداق قىلىسەن؟

— يولغا چىققۇچە ئالمىلارنى بىر ئۆرۈۋەتسەم، بەش-ئون كۈن چىداشلىق بېرىدۇ. شېرىكىم خال ساتقاچ تۇرىدۇ. ئۇ خېلى دىتلىق، ئاق كۆڭۈل بالا.

مۆمىن ئەتىۋارلىق شىلەپىسىنى يۆۋلەپ، بارماقلىرى بىلەن ئۇ يەر-بۇ يېرىنى چېكىپ قويۇپ، ئاۋايلاپقىنا بېشىغا كىيدى ۋە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ: «قېنى، ئۆيسەن باشلاي، چەت ئەلنىڭ تاتلىق-تۈرۈملىرى بىلەن مېھمان قىلاي» دېدى-دە، چوڭقۇر تەزىم بىلەن يولغا راۋان بولدى.

بەزى ھاللاردا مېھماننىڭ كەلگىنىدىن «كېلىدۇ» سى بىر ئاۋارىچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. «مۆمىن باققالنىڭ ئاكىسى چەت ئەلدىن كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەرنىڭ كوچا-كويلاردا ئېقىپ يۈرگىنىگە توپتوغرا ئۈچ يىل بولۇپ قالاي دېگەنىدى. مۆمىن ئۈچۈنمۇ «كېلىدۇ، كەلمەكچى، يولغا چىقىپتۇ» دېگەنىدەك سۆزلەر قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك يادا بولۇپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ ئاكىسىنىڭ كېلىشىدىن نائۈمىد بولدىمۇ، ياكى كىشىلەرگە يالغان ئېيتىۋېرىپ خىجىل بولدىمۇ، سورىغۇچىلارغا بېشىنى گىلىدىڭلىتىپ قويۇپ، بەزىدە غەلىتىلا ھېجىيىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇۋالغانىدى. مانا شۇنداق مەست ئادەمدەك گاراڭ يۈرگىنىدە، بىردىنلا ئاكىسىنىڭ كېلىپ قېلىشى مۆمىن ئۈچۈن خۇددى ئاسماندىن گۆھەر چۈشكەندەكلا بولدى.

تۈنۈگۈن ياغقان كەچكۈزنىڭ قار ئارىلاش يامغۇرى يوللارنى پاتقاق قىلىۋەتكەنىدى. مۆمىن يولنىڭ ئۇ قاسنىقىغا ئۆتۈپ كالىچىنى شالاپلىتىپ تەستە ئۆتتى. ئۇ كالىچىدىكى پاتقاقلارنى تازىلاۋېتىپ نېمىنىدۇر دەپ غۇدۇڭشىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مەخپىي سىرىقا خېلىلا ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئاددىيسى، ئاكىسى توغرىلىق ئېيتىلغان ھەرقانداق ئىلمەك گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمەيتتى. تېخى ئالدىنقى كۈنىلا مۆمىننىڭ ئايالى پاتىمە ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋېتىپ: «چەت ئەلدىن كېلىۋاتقانلار بىرلا ئاكىڭىز ئەمەس، باشقىلار خېلى-خېلى نەرسىلەرنى ئەپكېلىدىكەن، ئەجەب سىزنىڭ ئاكىڭىزنىڭلا ھەممە نېمىسىنى دېگۇدەك تارتىۋاپتا؟!» دېدى. مۆمىن بىردىنلا ئاچچىقلاپ: «ھە، سەن نەرسە-كېرەكنىڭ غېمىدا قاپسەن-دە، مەن ئۈچۈن ئاكام بىلەن يۈز كۆرۈشۈش مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرگەنىدىن ئەلا...» دېدى. پاتىمە: «يا دەيمەنا، ئەڭ بولمىسا ئىككى قىزىڭىزغا بىردىن ياغلىق ئالغاچ كەلگەن بولسا...» دېدى-دە، گېپىنى يىغىشتۇرۇۋالدى.

مۆمىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ كېلىۋېتىپ بۇنىڭدىن 25 يىل ئىلگىرىكى ئاكىسىدىن ئايرىلغان ھېلىقى لەنىتى قارغىش تەگكۈر، كۆڭۈلسىز چارشەنبە كۈنىنى خىرە-شىرە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى:

...مۆمىن ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر مەھەللىلىك ئاغىنىسى ھاسىرىغىنىچە ماشىنا بېكەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى سۆزلەپ، مۆمىننىڭ ئاكىسىنىمۇ شۇ يەردە كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەن مۆمىن ساراڭلاردەك يۈگۈرۈپ ماشىنا بېكەتكە باردى. يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ كوزۇپلىرىغا ئېسىلىپ چىقىۋاتقان كىشىلەر، ۋارقىرىغان، يىغلىغان، تىللاشقان، قالايمىقان يۈگۈرۈشكەنلەر بېكەت ئالدىنى قىيامەت قايىنىغا ئايلاندۇرغانىدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغان مۆمىن ئالمان ئارىسىدا

يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاكىسىنى تەستە تاپتى. مۆمىننى كۆرگەن مۆيدۈن دەسلەپتە چۆچۈگەندەك بولدى - يۇ، لېكىن دەرھال ئۇنى قۇچاقلىۋالدى:

— يۈر، ئۇكام، ماشىنىغا چىق، بىللە كېتىمىز... — دېدى مۆيدۈن مۆمىننىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ. — تېز بول.

— ياق ئاكا، جېنىم ئاكا... سەنمۇ كەتمە... دادام كېسەل، ئاپاممۇ ئاغرىقچان... ئۈچ سىڭلىم تۇرسا... ئۇلار... ئۇلارغا...

— ھازىر بۇلارنى ئويلايدىغان ۋاقىت ئەمەس، — مۆيدۈن ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى، — ماڭ، تېز بول، ئۇلارغا خۇدايىم بار...

— ياق، مەن سېنى كەتكىلى قويمايمەن. سەن... سەن... كەتمەيسەن...

مۆمىن ئاكىسىنىڭ پۇتلىرىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ماشىنا قوزغالدى... مۆيدۈن ئۇكىسىنىڭ قوللىرىدىن يۇلقۇنۇپ ئاجرىدى - دە، ماشىنا كوزۇپىغا ئېسىلىپ پاناھ قاققانلەك تىقىلىپ كەتكەن ئادەملەر ئارىسىغا ئۆزىنى تاشلىدى. مۆمىن ماشىنا ئارقىسىدىن تۇۋلاپ نەچچە پۇتلىشىپ يىقىلىپ، توپا - چاڭ ئارىسىدا خېلىغىچە يۈگۈرۈپ، ماشىنىنىڭ قارىسى يوقالغاندىن كېيىنلا ئۆزىنى تاشيول چېتىدىكى ياۋا ئوتلار ئارىسىغا تاشلاپ يىغلىۋەتتى...

«شۇ چاغدا ئاكام ماڭا قاراپ تەلپۈنگەندەك قىلىۋىدى، — دېدى مۆمىن ئاستا پىچىرلاپ، — ھەي... قېرىنداشلىق رىشتى دېگەن باشقا گەپ - تە، ... مانا 25 يىلغىچە ئۇنتۇماپتۇ...»

مۆمىن يامغۇردىن كېيىنكى بۇلۇتلۇق ئاسمانغا، ئاجىز نۇر چېچىپ تۇرغان كۆز قۇياشىغا كۆزىنى قىسىپ قارىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭغا ئاسمان بۇرۇنقىدىنمۇ تېنىق، ئاپتاپ ئادەتتىكىدىن ئىللىقراق تۇيۇلدى...

مۆمىن ئاكىسى كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ مەھەللىگە چوڭ نەزىر بەردى. ئۇ ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن موسىپىتلار بىلەن قۇچاقلاشتى، سۆيۈشتى، بەزىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى، لېكىن جامائەت يىغىلىپ قىرائەت ئاياغلاشقاندا مۆمىن ئۆزىنى سېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن 18 يىل ئىلگىرى دادىسىنىڭ تاۋۇتىنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ بوزلاپ يىغلىغىنىدەك، بېلىنى تۇتۇپ ھويلىدا قوشاق قېتىپ يىغلاپ يۈرەتتى:

— ئاھ ئاتام، يۈرەك پارىلىرىڭ جەم بولدىغۇ، ئاتام... كۆز قارىچۇقۇڭ تۇپرىقىڭنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدىغۇ، ئاتام... جاھاننىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي بالىلىرىم، كۆز نۇرلىرىم دەپ ئارماندا كەتكەن ئاتام...

كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق بۇسلۇق قازانلىرىدا قويماقتەك قورۇلۇپ، يۇمشاق كۆڭۈل، دىلى سۇنۇق بولۇپ قالغان مۆمىننىڭ ئىچى - ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان قىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرگەن جامائەتمۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئەنسارى بېلىدىكى پوتىسىدا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتكەچ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— يىغلىما، مۆمىن، ئاتا - ئاناڭنى ئارمانسىز باقتىڭ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالدىڭ،

ئاتاڭمۇ-ئاناڭمۇ سېنىڭ قۇچىقىڭدا جان ئۈزدى... كىچىك قالغان سىڭىللىرىڭنى بېقىپ چوڭ قىلدىڭ، ئەمدى سەندە نېمە ئارمان! سەندىن بىز تىرىكلەرمۇ رازى، ئەرۋاھلارمۇ رازى!...

دەرۋەقە ئاتا-ئانىغا ئاتاپ بېرىلگەن نەزىردە مۆمىننىڭ بۇرنىغا دادىسى بىلەن ئاپىسى پۇرىغانىدى... ئۇ ئاتا-ئانىسىنى ياخشى كۆرەتتى...ئاشۇ، تونۇردا قاش-كىرپىكلىرى چارلىشىپ، يۈزى تاۋلىغان كەتمەن يۈزىدەك قىزىرىپ كېتىدىغان پاخما باش ئايال ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مېھرىبانىدى. تونۇردىن سويغانچە ياغاچقا سانجىپ بېرىدىغان كىچىك توقاچنى ئاشۇ مۇلايىم كەم سۆز ئايالدىن باشقىسى بەرمەيتتى... مۆمىن هازىر ئويلاپ باقسا دادىسى ئۇنىڭغا داۋاملىق يالغان ئېيتقانىكەن... مۆمىننى يەۋالسۇن، تويۇۋالسۇن دەپ «چىشىم ئاغرىق»، «ماڭا زىيان قىلىدۇ» دېگەن ئىكەن...شۇنداق، مۆمىن ئۇچۈن ئۇلار تاۋاب قىلىدىغان مازار ئىدى. قىسقىسى، مۆمىن قەلبىدە ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئەنە شۇنداق جانلىق بۇلاقنى ساقلاپ قالغانىدى...

...ئۆيى ئالدىغا كېلىپ قالغان مۆمىن ئالقانلىرىدا كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، چىرايىغا مۇلايىم تەبەسسۇم بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

* *

— پەتىچىلەرنىڭ ئايغى ئۈزۈلۈپمۇ قالغاندۇ؟ — ئەنسارى چەت ئەللىك مېھمانغا چاي قۇيۇۋېتىپ بېشىنى ئىرغىتتى، — مۆمىننىڭ كەلمىگىنى يامان بولدى-دە.

— ئۇ، بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئامبارىدىكى ئاشلىقلارنى بىر ئۆرۈۋەتمىسەم بولغا چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەيمىز، دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قويۇشنى ماڭا تاپىلىدى.

— قارا، بۇ چاپاكەشنى، — ئەنسارى چاينى بىر ئوتلاپ قويۇپ مېھمانغا قارىدى، — قېنى، مۆيدۇن، بۇ نەرسىلەردىن ئالغىنا. سېرىق ماينا ئىشتىھايىڭ قانداق؟ يۇمشاق توقاچ بىلەن يېگىنە. مۇنىسى بىزنىڭ كېلىن قايناتقان گىلاس مۇراببىاسى. ئىشتىھانى ئاچىدۇ...سىلەر تەرەپتىكىلەرنى ھەسەلگە ئامراق دەپ ئاڭلايمەن، ئەمىسە ھەسەلگە قارا.

ئەنسارى مېھماننى تاماققا زورلىغاچ، خوتۇنى ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بىر قورۇدا بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقى، تەنھا ھاياتىنى جامائەت ئىشلىرى بىلەن بىلىندۇرمەي ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، بىر قىز، بىر ئوغۇل ئىككى نەۋرىسىنىڭ چۈچۈك تىللىرىنى ماختاپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىغىنا سۆزلەپ بەردى. مۆيدۇنمۇ سۆز ئارىلىقىدا ئەنسارىنىڭ بويتاقلىقىنى چىشلەپ بىرنەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلدى. مۆيدۇننىڭ چاقچىقى ئەنسارىغا سەل ھاياسىزدەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، چەت ئەللىكلەرنىڭ غەيرىي ئادەتلىرىنى ئويلاپ كۆڭلىگە ئالمىدى.

مۆيدۇننىڭ بالىلىقى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئۆزىگە ئايان بولغان ئەنسارى ئۇنىڭ قوشۇق تۇتۇپ تۇرغان كۈچلۈك، تۈكلۈك بىلەكلىرىگە، ئاندىن چىرايىغا قارىدى. مۆيدۇننىڭ پارقىراپ تۇرغان قورۇقسىز سېيدام يۈزى، ئاستىن-ئۈستۈن سېلىنغان ساپسېرىق ئالتۇن چىشلىرىنى يالىلىدىتىپ كۈلۈشلىرى، قاپقارا ئارقىسىغا قايرىلغان چاچ-

لىرى، بېغىرەڭ تەگلىك شەتلەڭكە كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن مەيدىلىرى ئۇنى راسا قىيامىغا يەتكەن يىگىتتەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. پەقەت ئۇنىڭ ئۆتمۈشىدىن يالداما بولۇپ قالغىنى ھېلھەم كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىپ تۇرۇشى ئىدى، لېكىن مۆيدۈنىڭ توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرى ئەنسارىنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ: «ھىيلىگەر، قۇۋ، ساختىپەز ئادەملەرنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىلا ئەنە شۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئۇ تەرەپلەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ باللىرىڭ باردۇ؟ — دەپ سورىدى مۆيدۈندىن.

مۆيدۈن ئەنسارىنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمىدى، جوزىدىكى ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ نەرسىگە قول ئۇزىتىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۇكىسى مۆمىنگە ئېيتقان لاپلىرىنىڭ مۇشۇ يەردە ئېيتىشى كېرەكمۇ، «بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە يامغۇر ئورنىغا ئاسماندىن تىللا ياغىدۇ» دېسە، ئىشىنىدىغان مۆمىندەك بىر گولىنىغۇ ئىشەندۈردى. لېكىن ئەنسارىدەك قېرى تۈلكە ئىشىنەرمۇ؟! ھەرھالدا «سۆزنى سەپ سىڭەر يەرگە، گەپنى قىلىل سىغار يەرگە» دېگەن گەپمۇ بار - دە. لېكىن...لېكىن...

ئەنسارى جىمىپ كەتكەن مۆيدۈننىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قايرىلىپ تۇرغان چېچى ئارىلىقىدىكى ۋە ياڭاق سۆڭىكى ئۈستىدىكى تاتۇقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئەنسارى بىر چاغلاردا تارقالغان «مۆيدۈن تاياق يەپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ»، «ھەپسىگە كىرىپ قاپتۇ» دېگەن گەپلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى - دە، سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى.

— ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ، ئۇ تەرەپلەردە سېنى خۇمداندا ئىشلەيدۇ، دەپ ئاڭلايمەن...

— خۇمداندا؟! — مۆيدۈننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى، لېكىن ئۇ دەررۇلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — ھە، ئۇ...ئۇ...دېگەن كىرپىش زاۋۇتى.

— كىرپىش دېگەن، خىش دېگەن، بەرىبىرغۇ!

— كىرپىش زاۋۇتى، قارا ئاكا، ئوخشىمايدۇ. ئۇ پۈتۈنلەي ماشىنا بىلەن بولىدىغان گەپ. مەن بىر مەزگىل ئۇ يەردە ماستىر بولۇپ ئىشلىگەن.

— ھازىر بۇ يەردىمۇ پۈتۈنلەي ماشىنا بىلەن قىلىنىدۇ... — ئەنسارى مۆيدۈننىڭ ئوڭايسىزلانغان ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ ئوشۇقچە گەپ قىلىۋەتكىنىنى سەزدى بولغاي، — ۋۇي، مۇنداق دېگىن، ماستىر بولۇپ ئىشلەپسەن - دە...مانا قارا، تېخىنىك، ماستىر دېگىن؟! — دەپ قويدى.

— ھە، شۇنداق...بۇ بۇرۇنقى گەپ. ھازىر...باشقا خىزمەت قىلىۋاتىمەن...

مۆيدۈن بىلىنەر - بىلىنمەي تىترەۋاتقان قوللىرىدا بىر تال تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرغىچە كۆڭلىدىن: «قارا، بۇ قېرىنىڭ ئوۋچىنىڭ ئىتلىرىدەك مىجەزى تېخىچىلا قالماپتا» دېگەن ئويىنى ئۆتكۈزدى. شۇڭا، ئەنسارىنىڭ سوئالىغا كېلىشتۈرۈپ جاۋاب بېرىپ، يامان ۋەزىيەتنى ئوڭلىماقچى بولدى.

ــ جاھاندار چىلىقىمدىن گەپ تېپىشىپ قالدىڭ، ئەنسارى ئاكا، ــ دېدى مۆيدۈن بىرلى
كېكىردۈيۈپ، ــ ئۇ تەرەپلەردە ئادەم ئىشنى ئەمەس، ئىش ئادەمنى ئىزدەيدۇ. بۇ يىگىرمە
بەش يىل ئىچىدە بىرقانچە ئورۇنلاردا ئىشلىدىم. شوپۇرلۇقمۇ قىلدىم، ساپخوز ـ كوئس
خوزلاردا بولدۇم. ھازىر چوڭ بىر ئاپتو رېمونت زاۋۇتىنىڭ قىرىش ستانوك سېخىنىڭ
ئۇبېرى① بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن...
ــ بالىلىرىڭچۇ؟
ــ ئايالىم... ئايالىم كالا فېرمىسىدا ئىشلەيدۇ. بىر ئوغلۇم بار، تاكسى ھەيدەي-
دۇ... ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ئۆيلىرىم بار. كىچىك ماشىنام بار، ئائىلىدە بولسا،
سېغىپ ئىچىشكە سىيىرلاردىن بىرنەچچىنى قىلىۋالدىم.
ــ كۆڭلىرىڭ راھەتتىكەن... نەدە بولساق ئامان بولايلى... بىر چاغلاردا سەن
توغرىلىق ئۆسەك گەپلەر تارقىلىۋىدى، ئەھەللە ـ مەھەللە سېنىڭدىن كۆپ
ئەنسىرىدۇق...
ــ نې... نېمە؟!... مەن... مەن توغرىلىق؟!
مۆيدۈننىڭ كېلىنى غايىبتىن كەلگەن بىر قول غىققىدە بوغقاندەك بولدى ـ دە،
قاقىلىپ كەتتى... ھەتتا ئاغزىدىكى چاينىۋاتقان مايلىق توقاچ ئۇۋاقلىرى چاچ-
راپ ئالدىدىكى سىركايىغا چۈشتى... لەنىتى «كىرپىش» تىن ئىبارەت توقماقنىڭ ئا-
زابى تېخى تارقىماي تۇرۇپلا «بولمىغۇر، ئۆسەك گەپلەر...» دېگەن بازغاننىڭ زەر-
بىدە ئۇ سەندەلدىكى تاۋلانغان تۆمۈردەك ئېزىلىپلا كەتكەنتى. ئەگەر راستىنلا مۆيـ
دۈننىڭ ئۆزى ئۇچۈن كۆڭۈلسىز تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ئاشۇ تىكەنلىك سىم توساق-
لاردىن ھالقىپ، چېگرا مۇساپىلىرىنى بېسىپ بۇ تەرەپلەرگە ئايان بولغان بولسا، بايا-
تىن بېرى ئەنسارىگە ماختانغان غايىبانە بايلىقلىرى خۇددى «ئارقىسىدا» ئوت پۈۋلـ
گەندەك كۆلكىلىك تۇيۇلمامدۇ؟!... ۋاي شەرمەندىلىك، سۈنى كۆرۈپرەك ئىشتان سال-
سامچۇ! ... ئاۋۋال بۇ قېرى تۈلكىنى گەپكە سېلىپ ئىچباغرىنى سۇغۇرۇپ ئالغاندىراق
شىلتىڭ ئاتساممۇ ئۈلگۈرەتتىمغۇ!...
ئۈستىلەپ قۇيۇلغان قىزىق چاينىڭ تەپتىدىنمىكىن، ياكى ئەنسارىنىڭ «ئاتە پاخ-
تاكىنى» دېگەندەك بىر خىل مەنىلىك قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ نەشتەردەك قادىلىشىدىن-
مىكىن، ئىش قىلىپ مۆيدۈننىڭ پېشانىلىرىنى مونچاق ـ مونچاق تەر باستى.
ــ ئە... ئەنسارى ئاكا نېمە... نېمىلەرنى دەۋاتىسەنوي... ئۇ... ئۇ... مەن
توغرۇلۇق قانداق ئۆسەك گەپلەركەن ئۇ؟...
ــ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا خەت ـ ئالاقە بولۇپ تۇر-
غاندىكىن ئۇ يازمىسا، بۇ يازىدىكەن... «ۋاي، تاياق يەپ مېيىپ بولۇپ قاپتۇ»،
«مۆيدۈن ھەپسىگە كىرىپ كېتىپتۇ...» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر... بىزغۇ
ئىشەنمىدۇق، ئۇكا، شۇنداق بولسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى ئەنسىرەيدىكەن، ئۈچ يىل ئال-
دىدا سالاھىدىن مەخسۇمنىڭ چوڭ قىزى ھەجەر بۇۋى كەلدى، ئۇنىڭدىن سوراپ كۆر-

① ئۇبېرى ــ چوڭى.

سەم ئۇ: «ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز بىر يەردە ئەمەس» دەيدۇ.

مۆيدۇننىڭ كۆڭلى خۇددى تاش چۈشكەندىن كېيىن ئاستا-ئاستا ئەكسىگە كەلگەن كۆل سۈيىدەك ئۆز ھالىتىگە ياندى. شۇڭا بۇ گەپنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى خالىمىدى بولغاي، بىردىنلا چىرايىغا ھەيرانلىق تۈس بېرىپ ئەنساردىن سورىدى:

— ھەجەربۇۋى كەلدى دېگىنە؟

— كەلدى. بۇ ئايال كېلىپ ئۈچ ئاكا-ئۇكا ئارىسىدىكى قورۇ-جاي مىراس دەۋالىرىنى قالتىس ھەل قىلىۋەتتى. پۈتۈن مەھەللە ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولدى.

مۆيدۇن ئەنسارنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتىدىمەي، گويا پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك ئاڭلىماقتا ئىدى... چۈنكى سۆھبەت ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇددىئاسىغا يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇ كەلگەندىن بېرى كاللىسىدا يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەي، قورۇ-جاي، مىراس توغرىلىق ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولالماي، بۇرۇقتۇم بولۇپ يۈرەتتى. مانا بۇ ئىنتايىن ياخشى بىر پۇرسەت-تە. قېنى، بۇ ئۈچ ئاكا-ئۇكا قورۇ-جاينى قانداق بۆلۈشتىكىن؟ سالاھىددىن مەخسۇمنىڭ ئالقانچىلىك قورۇسى قانچىگە باھالىنىدىكىن؟ مانا بۇلار مۆيدۇن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى... ئەنسارى ھەممىنى سۆزلەپ بەردى:

ئەسلىدە سالاھىددىن مەخسۇمنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلىنىڭ خىزمىتى ناھىيىدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قورۇ-جايلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇلار پات-پاتلا شەھەرگە كىرىپ «قورۇدىن كۆچ، ساتمىز، بۆلۈشىمىز» دەپ كىچىك ئىنىسىنى تەڭلىككە سالاتتى. مانا شۇ چاغدا ھەجەر بۇۋى كېلىپ، ئاتا-ئانىسىغا نەزىر ئۆتكۈزگەن كۈنى بۇ كىچىك قورۇنى قىرىدلارغا باھالىتىپ، ئىككى ئاكىسىغا تەئەللۇق پۇلنى ئۆزى تۆلەپ بېرىپ، قورۇ-جاينى كىچىك ئىنىسىغا قالدۇردى. ئۇ نەزىرگە كەلگەن جامائەت ئارىسىدا: «تۆت قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى مىراس پۈتۈنلەي ھەل بولدى. مەن ئۆزۈمگە تەگكەن مىراسنىمۇ ئىنىمغا قالدۇردۇم. ئۇ، ئاتا-ئانامنىڭ ئىزى چۈشكەن، بىز ئۆسۈپ چوڭ بولغان مۇشۇ قەدىمىي جاينى ساتماي، كۆكەرتىپ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ ياشايدۇ» دەپ جاكارلىدى...

ئەنسارىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى مۆيدۇننىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەنسارىنىڭ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئىنساپ، دىيانەت، ۋىژدان، پەزىلەت توغرىلىق سۆزلەشلىرى، ھەتتاتەلەپپۇزلىرىمۇ كۆڭلىگە ياقمىدى.

— شۇنداق ئۇكا، ھەجەر بۇۋى چەت ئەلدىن كېلىپ بىر ساۋابلىق ئىش قىلدى دېگىنە. ھەممە كىشى ئاپىرىن، تەھسىن ئوقۇدى، — دېدى، ئەنسارى مۇشتەككە تاماكا قىستۇرۇۋېتىپ.

— ئەنسارى ئاكا، گېپىڭگە قارىغاندا، بۇ يەرلەردە قورۇ-جاي خېلىلا قىممەت سېتىلىۋاتسا كېرەك... ئاڭلىسام، ئەدناسى ئۆي سالىدىغان ئالقاندەك يەرنىڭ ئۆزىلا پالانچە پۇل ئوخشايدۇ...

—شۇنداق! بۇنى سوراپ قالدىڭمۇ؟

—يا، دەيمىنا...

مۆيدۆننىڭ ئاغزىدىن خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيۇقسىزلا چىققان بۇ سوئالدىن كېيىن ئەنسارى دەماللىققا جىمىپ قالدى. ئۇ، كۆڭلىدە نېمىلەرنىدۇ ئويلاۋاتسا كېرەك، پات-پاتلا مۆيدۆنگە سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ قوياتتى. ئۆينى بىر خىل جىمجىتلىق باستى. مۆيدۆن ئۆزى ئۆزمەكچى بولغان مېۋىنىڭ توك ئۆزۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، لېكىن كېيىنكى سۆھبەت تازا قولاشمىدى. ئوڭايسىزلانغان مۆيدۆن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزاپ چىقتى.

مۆيدۆن قوش قاناتلىق دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلا ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ئامبار ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن چىراغ يورۇقىنى كۆردى. ئۇ، ئىنىسى مۆمىننىڭ تېخىچىلا ئالما ئۆرىۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، ئۆزى يېتىپ - قوپۇۋاتقان ساراي ئۆيگە كىردى.

مۆيدىن تاماكىدىن بىرنى ئوتاشتۇرۇپ ئۆزىنى ياستۇققا تاشلىدى، يەنە ئېغىر خىيالغا پاتتى... ئەنسارىنىڭ «ئۆسەك گەپلەر تارقىلىپ» دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئەنسىزلىك خۇددى ئىگىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان قەلەندەرنىڭ ئىتىدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپلا يۈرەتتى. راستىنلا ئۇلار مۆيدۆننىڭ كەچمىشلىرىدىن خەۋەردارمىدۇ؟! ئەنسارىنىڭ ئاق بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ مەنىلىك كۈلۈمسىرىشى، «جاھاندارچىلىقنىڭ قانداق؟» دەپ ئاسماقچىلاپ سوراپ كېتىشلىرى نېمە ۋەجىدىن؟ بەلكىم ئۇ «ماستېر»، «ئۇبېر» دېگەنلەرگىمۇ مەسخىرە بىلەن كۈلگەندۇ!...

مۆيدۆن «كېرپىش» دېگەن سۆزنى يادىغا ئالغاندا، ھاياتىدىكى پۈتۈن كېلىشمەسلىكلىرىنىڭ، بەختسىزلىكلىرىنىڭ مەنبەسىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى...

خىش زاۋۇتى مۆيدۆننىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى پاناھگاھى بولدى، لېكىن بۇ پاناھگاھ ئۇنىڭ بەختسىزلىك ۋە سەرسانلىق ھاياتىنىڭ باشلىنىشىنىڭ بۇلىقى بولدى. مۆيدۆن «خىش» ماشىنىسىدىن قۇيۇلۇپ چىققان خام كېسەكلەرنى ئاپتاپقا سېلىش، خۇمدانغا توشۇش، ئوت يېقىش قاتارلىق قول ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان كۈنلەردە توپا تۇرتۇش ماشىنىسىنى ھەيدەيدىغان ئايتۈنە دېگەن قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئايتۈنە ئۆزى قارا بولغىنى بىلەن شوخ، ئىشچان، گەپتان قىز ئىدى. زاۋۇتتىكىلەر ئۇنى قىسقىلا قىلىپ «تۈنە» دەپ ئاتىشاتتى. مۆيدۆن تۈنەنىڭ ماشىنىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ھەيدەۋاتقان چېغىدىكى ھىمىرىلگەن قاشلىرىغا، پېشانە، بۇرۇن ئۇچلىرىدىكى مونچاق - مونچاق تەرلىرىگە، يوپكىسى تېگىدىن لىغىرلاپ كۆرۈنۈپ تۇرغان يوتىلىرىغا، تېرىسىدە ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ تۇرغان كۆكسىلىرىگە ھاڭۋېقىپ، بىر ھازاغىچە تۇرۇپ كېتەتتى. كۆمۈر چوغىنىڭ تەپتى يامان بولغىنىدەك، قارا قىزنىڭ ئوتىمۇ يامان بولىدىكەن. مۆيدۆن ئۇنى دەقىقە كۆرمىسە تۇرالمايدىغان، كېچىلىرى كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. سەۋر - تاقىتى قالمىغان مۆيدۆن ئاغىنىلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كۈنى ئايتۈنەگە سۆز ئاچتى، لېكىن ئايتۈنە چىرايىنىمۇ بۇزماي:

— ئۇنداقتا مەن ھورۇننىڭ رەپىقىسى بولىدىكەنمەن - دە، رەھمەت سىزگە، ھۇرۇن دېگەن «شەرەپلىك» نامىڭىزغا ھەرگىز شېرىك بولۇشنى خالىمايمەن. بىلىپ قويۇڭكى قەدىرلىكىم، بۇ يەرلەردە پېنسىيىگە چىققانلارنىمۇ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىمىز، لېكىن ھۇرۇن ئادەم ھېسابلانمايدۇ، — دېدى.

مۆيدۈن غىققىدىلا بولۇپ قالدى، لېكىن قىزارمىدى، تاتارمىدى. چۈنكى ھۇرۇنلۇق كېچىكىدىنلا ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاۋاقخانىلاردا، ئولتۇرۇشلاردا «ۋاي - ۋۇي، ئىشى ئەجەب ئېغىر بىر يەركەن بۇ...» دەپ قاقشايتتى. دەرۋەقە، مۆيدۈن 2 - 3 يىل بولا - بولمايلا بۇ يەردىنمۇ زېرىكىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇ تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ، «بىر ئېرىقىدا سۈت، بىر ئېرىقىدا ھەسەل ئاقىدىغان، پۇل دېگەن خازاندەك ئۇچۇپ يۈرىدىغان... ئوڭدا يېتىپ يەپ، ئويۇن - تاماشا دېگەننى قانغۇچە ئوينايدىغان جەننەتكە كەلدىم» دەپ ئويلىغانىدى. كىم بىلسۇن، بۇ يەردىمۇ ئىشلىمىسە، يەنە كېلىپ قاتتىق ئىشلىمىسە بولمايدىكەن.

ھەرھالدا مۆيدۈن ئۈچۈن كۆڭۈل خۇشلۇقى تېپىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئىش ئارىلىقلىرىدا زاۋۇت ئەتراپىدىكى بوتكىلارغا بېرىپ بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىپ كېلەتتى. ئىش باشقۇرغۇچى رەشىت دېگەن يىگىت ئۇنىڭغا دەسلەپتە تەنقىد بەردى، كېيىنچە خېلىلا قاتتىق تەگدى، ھەتتا مۇكاپات سوممىسىنى تۇتۇپ قېلىشتىن سىرت، زاۋۇت رادىئوسىدا ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىدلىدى. مۆيدۈن ئىسمى ئاتالغان كۈنى كېچىسى مەست بولۇپ كوچىدا قالايمىقانچىلىق تېرىپ، مىلىتسىيە خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئەتىسى جەرىمانە تۆلەپ يېنىپ چىقتى. بارا - بارا بۇنداق جەرىمانە تۆلەش، تىل خەت بېرىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق پالاكەتنى ئىش باشقۇرغۇچى رەشىتتىن كۆرۈپ، ئۇنى كۆرسىلا بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، چىشلىرى كىرىشىپ، ئالدىدىكى لوم تۆمۈرگە، پارچە خىشقا، تۆمۈر كۆرەكلەرگە قاراپ ھەرخىل گادىرماش خىياللارغا چۆمەتتى ... لېكىن ئۇ ئايتۇنەنىڭ پات - پاتلا ئىش ئورنىغا كېلىپ، كۈلۈپ - ئېچىلىپ ئىشچىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ كەتكىنىنى كۆرسىلا ئىچىگە بىر پارچە ئوت كىرىۋالاتتى، شېرىن ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇيتتى. ئايتۇنەنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى ئۆزىچە ھەرخىل پەرەز قىلاتتى. شۇڭا بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىنى يەنە توستى.

— يولنى بوشىتىڭ، — دېدى ئايتۇنە قاشلىرىنى ئىككىدە سەكرىتىپ، — خاتالاشمىسام، بۇ سىزنىڭ ماڭا ئالتىنچى قېتىم تەكلىپ قويۇشىڭىز... لېكىن مېنىڭ مەسلىھىتىم: سىز ئەمدى بىرنەچچە پىيەنچۇك ئاغىنىلىرىڭىزنىڭ كامپانىيىسىدىن بەخت ئىزدەڭ. بەلكىم، قاۋاقخانىلاردىن ئۆزىڭىزگە لايىق بىرنى تېپىۋالارسىز ...

— ئايتۇنە ... مەن ... بۇنىدىن كېيىن ...

— بولدى قىلىڭ، سىزنىڭ كەلگۈندى ئاغىنىلىرىڭىز چېغىدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، تۇرمۇشىنى بىر ئوبدان يولغا سېلىۋالدى. ھەتتا بەزىلىرى كىچىك ماشىنىلىق-

مۇ بولۇپ قالدى. سىزچۇ؟ خوش ئەممىسە... ئامان بولۇڭ... كۆزىڭىزنى ئالايتماڭ... خۇش پېئىللىراق بولۇڭ... مېنىڭ تىرناقتا توختىغۇدەك يىگىتىم بار!...

— يىگىتىم بار؟... ئەجەبا...

— شۇنداق... رەشىت! رەشىت دەپ ئاڭلىغانمۇ؟... سىزگە ئىش تاپشۇرغۇچى...

مۆيدۈننى يەتتە قات ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى. ئۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىرنەچچە كۈن ئاران چىدىدى. بىر كۈنى نېمىدۇ بىر نەرسىنى باھانە قىلىپ رەشىتنى قاتتىق ئۇردى. بىردەمدىلا يېتىپ كەلگەن مىلىتسىيە خادىملىرى مۆيدۈننى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ ئالتە ئاي بولغاندا قايتىپ چىقتى. ئەمدى كىرپىچ زاۋۇتىدا تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن مۆيدۈن كالا فېرمىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۆزىنى بۇ يەردىكىلەرگە «مۆيدۈنجان» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كالا فېرمىسىدىمۇ «مۆيدۈنجان» «ھورۇنجان» غا ئۆزگىرىپ، مۆيدۈنگە بىر چىرايلىق لەقەم سىڭىپ قالدى. چۈنكى ئۇ، بۇ يەردىمۇ ئىشقا ئۆزىنى ئۇرماي تولا ئۇخلاپ، كالىلارنىڭ ھەرۋاقىتلىق ئوزۇقىنى ئۆز ۋاقتىدا تەييارلىمىغانلىقى، يەم-خەشەكنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، كالا فېرمىسىنىڭ قاپىقى يامان، پاخما باشلىق دىرېكتوردىن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق تەنبىھ ئاڭلىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىشتىن ھەيدىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇشمۇ بېرىلدى.

مۆيدۈن كېيىنچە خىش زاۋۇتىغا دوستلىرىنى يوقلىغان كىشى بولۇپ بارىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ھەر قېتىم بارغىنىدا ئالاھىدە ياسىنىپ تارىناتتى. ئۇنىڭ كونا كۆن چامادانىدا بىرقۇر ئالىي سۈپەتلىك كاستۇم-بۇرۇلكىسى، بىرقانچە گالستۇكى، كۆڭلەكلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى ئايتۇنەنىڭ رەشىت بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان مۆيدۈن ئاغىنىسىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، پۇزۇر ياسىنىپ، خىش زاۋۇتىغا باردى. ئۇ ئايتۇنەگە ئۆزىنى بىر تونۇتماقچى ئىدى، بىر كۈن كەچكىچە زاۋۇت، باغچە، سۇغا چۆمۈلۈش مەيدانلىرىنى ئىزدەپ ئايتۇنەنى تاپالمىغان مۆيدۈن كەچتە ناھايىتى غەزەپلەنگەن ھالدا قايتتى. چۈنكى بۇنداق پۇرسەت بولۇۋەرمەيدۇ-دە، ئۆزىنىڭ يېپيېڭى ساياھەت ماشىنىسىنى دائىم بېرىپ تۇرىدىغان ئەخمەق نەدە؟

مۆيدۈن ئويلىغانسېرى غەزىپى ئۆرلەيتتى، غەزىپى ئۆرلىگەنسېرى ئاچچىقىنى ماشىنىدىن ئالماقچى بولغاندەك تېز ھەيدەيتتى. ئىرماش-چىرماش خىيال يىپلىرى پەردە بولۇپ كۆز قارىچۇقىنى توسۇۋالغان مۆيدۈن ئالدىغا يېقىنلا كېلىپ قالغان ئېغىر يۈك ماشىنىسىنى كۆردى-دە، شارتلا قىلىپ رولنى يانغا بۇرىدى، لېكىن ئىنتايىن تېز كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنا يول چېتىدىكى سېمونت ستولبىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى...

مۆيدۈن دوختۇرخانىدا بىر ئايدەك يېتىپ جاراھىتىنى ساقايتىپ چىققان بولسىمۇ، سىرتتىكى جېدەلنى ساقايتالمىدى. ماشىنا ئىگىسى ماشىنىنى تۆلەپ بېرىشنى بىرنەچچە قېتىم ئېيتتى. مۆيدۈندە ئۇنى تۆلەپ بەرگۇدەك نەدە ماجال-بولسۇن، ئۇنىڭ بارلىق دۇنياسى نەگە بارسا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئاشۇ كونا كۆن چامادان

تۇرسا... ئاخىرى ماشىنىنىڭ ئىگىسى مىلىتسىيىگە ئەرز قىلدى. مۆيدۇن مىلىتسىيىدىن بەكمۇ قورقاتتى. شۇڭا ئۇ بىر كېچىدىلا چامادانىنى قولتۇقلاپ «چولاق ئاتا» دېگەن يەرگە قېچىپ كەتتى. مۆيدۇن بۇ تاغلىق رايوندا سەككىز يىلدەك تۇردى. بۇ يەردىمۇ كالا فېرمىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى ۋە ئىككى بالىلىق بىر ئايالغا ئۆيلەندى. بۇ ئايال سۈت پىششىقلاش سېخىدا ئىشلەيتتى، كىرىمىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ مۆيدۇننىڭ گۇسمۇستەك بويى بولغان بىلەن بېلى بوشلۇقىدىن زېرىكتىمۇ، ئالتە ئايمۇ ئۆي تۇتماي ئاجراشتى. دېمىسىمۇ ئۇنى بۇ يەردىكىلەر ئېتى يوقلا «ھورۇن ئېشەك» قويۇۋالغانىدى. بۇ ئىش بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى كۆك كۆزلۈك، سېرىق چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈرمەللىۋالغان، زادىلا كۈلمەيدىغان كالا فېرمىسىنىڭ ئايال دىرېكتورى مۆيدۇننى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ ھېساب - كىتابىنى قولىغا تۇتقۇزدى:

— سىز ئەمدى ئۆزىڭىزگە لايىقراق بىرەر پاناھ جاي تېپىڭ. دۆلىتىمىزدە دارىلىتام يوق... بولغان ھالەتتىمۇ ئۇ يەرگە يېشىڭىز چوڭ كېلىپ قالىدۇ... ناھايىتى ئەپسۇس، سىزگە «دارىلئاجىز» بەكمۇ مۇۋاپىق ئىدى... لېكىن بۇنداق ئورۇن بىزدە تەسىس قىلىنمىدى... — دېدى.

مۆيدۇن چامادانىنى قولتۇقلاپ «ئاتاڭ شەھەر، ئاناڭ شەھەر» دېگىنىچە شەھەرگە كەلدى. ئۇ ھايال بولمايلا ئاپتو رېمونت زاۋۇتىغا ماشىنا زاپچاسلىرىنى يۇيۇش، تازىلاش ئىشىغا ئورۇنلاشتى. ئىش ھەققىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، ئۇ بىرنەچچە تەڭ دېمەتلىكلەر بىلەن دوستلىشىۋالدى. ئەتىسى - ئاخشىمى باردى - كەلدى قىلىشتى... دوستلۇق قويۇقلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەنمۇ ئارىلاشتى. قايسى شەيتان ئازدۇردى، سېخ باشلىقى بولغان ئۆز ئاغىنىسىنىڭ ئايالىغا چېقىلىپ قويدى. ئاغىنىسى ھېچنېمە بىلمىگەن كىشى بولۇپ، بىر كۈنى بىرنەچچە ئاغىنىلىرىنى مېھمان قىلىش باھانىسى بىلەن مۆيدۇننى چاقىرىپ كىچىك ماشىنىدا بىر ئورمانلىققا ئاپاردى، ئۇ يەردە ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلىۋەتتى.

مۆيدۇن ئۈچۈن يىل - ئايلار بىر - بىرىدىن بەتتەر بولۇۋاتاتتى. ئۇ كىچىكىدە مۇئەللىمى ئوقۇپ بەرگەن قايسىدۇر بىر كىتابتىكى مۇنۇ ئابزاسلارنى خىرە - شىرە يادىغا كەلتۈرەتتى: «قارىغۇ ياپىلاق كۈندۈزى كۆرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى باللار قوغلايدۇ، ئۇرىدۇ، تاش ئاتىدۇ. ئۇ ھېلى دەرەخكە، ھېلى تامغا، ھېلى يارلارغا سوقۇلىدۇ، ئۇرۇلىدۇ، يۈكۈزلىنىدۇ... ھېچ مادارى قالمىغاندا، توغرا كەلگەن بىرەر كامارغا ئۆزىنى ئاتىدۇ... تۇرمۇشتىمۇ ئەنە شۇنداق كۈندۈزى كۆرمەس ئادەملەر بار، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي!..»

مۆيدۇنمۇ توغرا كەلگەن بىر كامارغا ئۆزىنى ئۇردى. ئۇ ئاخىرى چەت بىر شەھەرگە كېلىپ مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئەخلەت توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدىدى.

مۆيدۇن ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم شەھەر سىرتىغا ئەخلەت توشۇيتتى. يات يەرلەرگە كەلگىنىگە مانا يىگىرمە نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ... ئۇنىڭ دوستلىرى بىر

ئۆينىڭ موردىسىدىن ئىس چىقىرىپ بىرنەچچە بالىلىق بولدى. بالىلىرى ئوقۇپ ھەتتا ئالىي ئورگانلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك مەخسۇس قورۇ-جايلارنى سېلىپ، ئاستى-ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى كىچىك ماشىنىدىن ئىككىنى قىلىۋالدى. ھويلىسىدا سىيىرلار مۆرىشىپ، باغلىرىدا بولسا بۇلبۇللار سايراۋاتىدۇ... مۆيدۈن بۇلارنى ئارزۇ قىلمامدۇ؟!... قىلىدۇ! بۇ ئويلار ئۇنىڭ ئۇخلىسا چۈشىدىن، ماڭسا خىيالىدىن نېرى كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇنداق بىر سەھەرلىكىلا ئورنىدىن قوپسا باي قىلىۋېتىدىغان «ئېچىل داستىخان» نەدە بار؟! ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرىقى ئارمانىغا چۈشلۇق دەرمان يوق تەقدىرنى، تەپكەن توپتەك قاڭقىسىپ يۈرگەن ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ماشىنا كابىنكىسىنىڭ دېرىزىسىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈۋاتقان كۆپكۆك ئوتلاقلار، شاخلاپ كەتكەن قەدىمىي ئاق تېرەك، قېيىنزارلىقلار، تاقىر تۆپىلىكلەر ئۇنىڭغا مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز، كۆڭۈلنى خىرە قىلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ كۆرۈنەتتى.

مۆيدۈننىڭ ئۈمىدسىز خىياللىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. ۋەتەنگە بېرىپ قايتىپ كەلگەنلەر ئاجايىپ-غارايىپ خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى: «ۋاي، ئۇلار باي بولۇپ كېتىپتۇ»، «ئۇ يەرلەردە ئەركىن پازالار كەڭتاشا يولغا قويۇلۇپتۇ»، «ھوكۇمەت باي بولۇشقا چاقىرىق قىپتۇ»، «پالانى-پۇستانىلار بېرىپ مىراسلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قورۇ-جاي، كىچىك ماشىنا سېتىۋاپتۇ». بۇ خەۋەرلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ئويغاتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ ۋەتىنىدە ئاتىسىدىن قالغان قورۇ-جايى بار-دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئىنىسى مۆمىن باي بولۇپ كېتىپتىمىش.

مۆيدۈن بىر كۈنى ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن شوپۇر ئاغىنىسىنى ئىزدەپ ئۆيىگە باردى. مۆيدۈننىڭ مۇددىئاسىنى دەرھال چۈشەنگەن شوپۇر ئاغىنىسى كېسىپلا جاۋاب بەردى:

— بار ئاداش، بارغىن، ئۇكاڭغا خەت يازغىن، ئۇ ساڭا چاقىرىق قەغىزى ئەۋەتسۇن. مەن چېغىمدا يەنە بارايمىكىن دەپ تۇرىمەن. ئۇ يەرلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، ھەممىسىلا باي بولۇپ كېتىپتۇ، قورۇ-جايلار قالتىس قىممەتكەن، مىراسىڭنى ئايرىپ بولغاندىن كېيىن ھەممىسىگە مال ئالغىن، مال... ئۇ يەردىكى ماللار نېمىدېگەن نەپىس، نېمىدېگەن كۆركەم، ھەر بىر ماگىزىنغا كىرسەڭ كۆزۈڭ چەكچىيىپ، بېشىڭ ئايلىنىپ، پۇكەيگە چاپلىشىپلا قالىسەن.

— شۇنچە جىق مال ئالساڭ چېگرىدىن ئۆتكۈزەرمۇ؟

— ئەخمەق، شۇ يەردىكى ساقچىدىن «مىراسىنى ئېلىپ قايتتى» دېگەن بىر پارچە ئىسپات ئېلىۋالساڭ بىر پويىز مالنىمۇ ئۆتكۈزىدۇ.

مۆيدۈننىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى، كېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. بۇنداق بىئاراملىق ئىككى كۈن داۋاملاشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باغلىرى بار قورۇ-جايلار، بويىنىغا گىرە سېلىپ تۇرغان چىرايلىق خوتۇنى، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ ساياھەتكە كېتىۋاتقان كىچىك ماشىنىلار... ھەتتا ئۆيىگە تۇرغۇزۇل-

غان خىزمەتچى ئايال ... بىر - بىرلەپ نامايان بولاتتى ...

«قەتئىي بېرىش كېرەك! ئۆمۈلەپ بولسىمۇ بېرىش كېرەك! بۇ بىر پۇرسەت ... پۇرسەتنى قولدىن بېرىش ئامەتنى قولدىن بېرىش دېگەن گەپ.»

يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز يۇرتىنى، ئۆزىنى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنى، كىچىك قالغان ئىنى - سىڭىللىرىنى ئۇنتۇپ قالاي دېگەن مۆيدۈن قولىغا قەلەم ئېلىپ «سېغىنىپ ئۆلگۈدەك بولغان» لىقىسىنى ئىزهارلايدىغان سالام خېتىنى باشلىدى...

— ئاكا!

مۆيدۈن چۆچۈپ قارىدى. بوسۇغىدا مۆمىن ئالما، نەشپۈت سېلىنغان بىر لىگەننى كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— ئامباردا خويمۇ مۇزدەك تۇرۇپتۇ، يەپ باقسىنا، يۈرەككە قۇۋۋەت بولىدۇ، — دېدى مۆمىن قول ياغلىقىدا بىر نەشپۈتنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھە، ھايال بولۇپ قالدىڭغۇ؟ ئەنسارى ئاكام گەپ خۇمارى ئادەم، سەندىن چەت ئەلنىڭ گەپلىرىنى سوراپ ھاردۇرۋەتكەندۇ تايىن.

— ھە، ئانچە - مۇنچە ئۆتكەن - كەچكەننىڭ گېپىنى قىلىپ ...

مۆمىننىڭ ئاكىسى بىلەن بىردەم مۇڭدىشىش نىيىتى بولسىمۇ، لېكىن مۆيدۈننىڭ سەل خامۇش چىرايىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مۆيدۈن ئىنىسى مۆمىننىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە: «ھازىرچە مىراس توغرىلىق گەپ تەشمىگىنىم توزۇك. ئاۋۋال بۇ خوجامنى ئازىراق شۇلۇۋېلىپ ئاندىن...» دەپ ئويلىدى. چۈنكى مۆيدۈن ۋەتەنگە كېلىپلا ئىنىسىنىڭ خېلىلا ئەتلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ساددىلارچە ماختىنىشلىرىنى ئاڭلاپ، شۇ خىيالغا كەلگەنىدى.

* *

ئەنسارى ئاقساقال كەچلىك تاماقنى توزۇك يېمىدى. ئۇ ئالدىدىكى تەخسىنى جوزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۈرۈپ قويۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە خوپ ياراشقان ئاق مويلاۋلىرىنى سۈرتۈپ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئەنسارى ئايالى ئۆلگەن سەككىز يىلدىن بېرى ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بىر قورۇدا ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. بىر خىلدا ئۆتۈۋاتقان جورىسىز ھايات ئۇنى ياشاشتىن بەزدۈرگىنى يوق. ئەنسارى ئاھالە كومىتېتتا جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ يىرىم ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ، بۇ بىرنەچچە مەھەللە ئىچىدە بوسۇغىسىنى دەسسىمىگەن ئۆي يوق. ئەقەللىسى، ئەر-خوتۇنلار سەن - پەن دېيىشىپ قالسىمۇ ئەنسارىنى ئىزدىشەتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن مۇتىھەملەر، بېشەم خوتۇنلار، بېغەرەز قىزلار، ئاغزىدا شەھەر ئالدىغان پوچىلار، مەمەدانىلار، ئۇندىمەسلەر ... ئىش قىلىپ، خىلمۇخىل بەندىلەر كېلەتتى. ئەنسارى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى يىگىنىدىن يىپ سۇغۇرغاندەك ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ قوياتتى. ئۇ-

لارمۇ قايىل بولۇپ قايتاتتى. شۇڭا بەزىلەر ئۇنى: «ئۆزگىنىڭ يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا خۇمار ئاقساقال» دەپ تەرىپلەشسە؛ يەنە بەزىلەر: «جېدەلنى پۇلغا سېتىۋالىدۇ...» دېيىشەتتى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا دۇچ كېلىۋاتقىنى ئالدىنقىلارغا ھېچ ئوخشىمايدىغان ئىنتايىن نازۇك ئىش ئىدى. بۇ ئىش ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ كېلىۋاتاتتى.

— دادا، تاۋىلىرى يوقمۇ نېمە؟ — دېدى جوزىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن كېلىن ئەدەب بىلەن، — تاماقنىمۇ يېمەپلا، بىر چىنە قايماقلىق چاي قىلىپ بېرەيمۇ-يا؟

— رەھمەت قىزىم، مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ بالىلىرىڭىزغا قاراڭ.

كېلىن چىقىپ كەتتى. ئەنسارىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە مۆيدىن پەيدا بولدى، ئۆتكەندە مۆيدىن ئەنسارىدىن: «ئاڭلىسام، شەھەر ئىچىدە بىر مو يەرنىڭ ئۆزى يىگىرمە مىڭ سوم ئىكەن، ئالقاندەك قورۇ-جايلارمۇ 30-40 مىڭ سوم پېچىلىۋېتىپتۇ» دەپ يېنىش-يېنىشلاپ سوراپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر ۋەھىمە ھىدى پۇراپ تۇراتتى. بۇ سۆز ئەمدىلا قانات چىقىرىپ ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قۇش بالىسىنىڭ يۇمران تۈكلىرىنى يۇلۇپ، بىر پارچە لوقمىغا ئايلاندۇرۇش كويىدا بولغان ئۆتكۈر تىرناقلىق قۇش پەنجىلىرى ئىدى. مۆمىنىنىڭ كىچىك سىڭلىسى راھەتنىڭ مىراس تەلەپ قىلغىنى يەتمەسمىدى. مانا ئەمدى بۇ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ماي چاچىدىغان بولدى-دە. مۆمىنىنىڭ ئاكىسىنى ئەكەلدۈرۈش ئۈچۈن نەچچە يىل يول مېڭىپ، تەقەززا بولۇپ كۈتكىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنمىدى؟ مۆمىن ئاكىسى كېلىپ ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئىككى قوي سويدى. مەھەللىگە نەزىر بەردى، ھەر كۈنى نەچچە ۋاق مېھمان ئۇزاتتى. «ئۆز يۇرتۇڭنىڭ تەۋەررۇكى» دەپ ئاكىسىغا خۇرۇم چاپاندىن بىرنى كىيگۈزۈپ قويدى. مۆيدىنمۇ «بىر-بىرىمىزنى ئەسلەش ئۈچۈن» دەپ بىلىكىدىكى سائەتنى مۆمىنىنىڭ قىممەت باھالىق سائىتىگە ئالماشتۇرۇۋالدى. مانا ئەمدى بولسا، نەچچە مىڭ سومنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاكىسىغا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئويناتقىلى ئېلىپ كەتتى، لېكىن مۆيدىن بۇنىڭغا قانداق جاۋاب قايتۇرار ... ؟!

ئەنسارىنىڭ كۆڭلىنى ئەلەمزادە قىلىۋاتقىنى مۇشۇ سوئال ئىدى. ئۇ مۆمىنىنىڭ 16 يېشىدىن تارتىپ بېشىنى سىيلىدى... يۆلىدى... لېكىن كور تەقدىر ئۆزىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن قىسمەت تاغلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقا-ئارقىدىن غۇلىتىپ، ئۇنى يوقسۇللۇق، جاپا-كۈلپەت كوچىلىرىدا ئادالەتسىزلىك بىلەن جازالاۋاتقىنىدا، ئۇ تېخى ئاغزىدىن خام سۈت پۇرىقى كەتمىگەن ياۋاش بالا ئىدى... بۇ ئازابلىق خاتىرىلەر ئەنسارىنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىھەم تۇرۇپتۇ...

مۆمىن يۈزلىرى ياش يۇقى، ئۈستىبېشى توپا، ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە ئۈن-تىنسىز كىرىپ كەلگەنىدى. ئەنسارى ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، سولغۇن چىرايىنى، ھارغىن ئەپتىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىككى يىلدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ ياتقان پالەچ مۇسا كەلگەنىدى:

— مۆمىن، نېمە بولدى، يىغلاپسەنغۇ؟

— ...

— مۇسا ئاكامنىڭ كېسىلى قانداقراق؟

— ئاكام... ئاكام كەتتى... — مۆمىن ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ئەنسارى سوپىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. مۆيدۈن كەتسە، بىر ئائىلىدىكى ئالتە ئادەم قانداق قىلماقچى؟ قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭى 14 ياشتا تۇرسا، مۇسا ئىككى يىلدىن بېرى تەردتى ئورنىدا ياتسا، ئازنەمنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ، بىر كۈن ساق بولسا، ئىككى كۈن كېسەل يۈرسە، مويكىدىكى بىر ئوبدان خىزمىتىنى تاشلاپ ـ ھە...؟ بۇ ئالىقاپ دېگىنىنى قىپتۇ ـ دە، ئاخىرى.

ئەنسارى ئۇزۇنغىچە تېكىرقاپ قالدى. مۇسا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا باغدىكى ئالمىنى پۇتاۋىتىپ يىقىلىپ چۈشكەن باھانە بولدى ـ دە، بېلىنىڭ تۆۋىنى پالەچ بولۇپ قالدى. ئەنسارى ئوقۇشنى تاشلاپ كەپتەر ئوينىغاپ يۈرگەن مۆيدۈنگە بىرنەچچە قورۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ئىش تېپىپ ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ: «ۋاي... بەك جاپاكەن، ئادەمنى شۇنداقمۇ ئىشقا سالغان بارمۇ؟...» دەپ ئىشلىگىلى ئۇنىمدى. ئەنسارى ئۇنىڭغا بىر يايمىكەشلىك دۇكىنىنى ئېچىپ بەردى. ئەمما ئۇ بۇ دۇكاننىڭ ئازغىنا دەسمايىسىنى سورتلۇق بىر جۈپ كەپتەرگە تېگىشىۋەتتى... مۆيدۈن شۇنىڭدىن كېيىن ئۆگزىمۇ ـ ئۆگزە كەپتەر قوغلاپ يۈردى. ئازنەمنىڭ پارچە ـ پۇرات رەختىلەردە بالىلارنىڭ ئىشتان ـ پايپىقى، پاختىلىق جىلىتكە تىكىپ ساتقان ئازغىنا پۇلى بۇ يەتتە جاننىڭ تۇمشۇقىنىمۇ ھۆل قىلالمىدى. بىر كۈنى كەپتەر، توخۇ ئوغرىلىغان مۆيدۈننى كىشىلەر ئۇرۇپ ئاغزى ـ بۇرنىنى قانغا بوياپ، ئاھالە كومىتېتىغا ئېلىپ كەلدى. ئەنسارى شۇ چاغدا مۆيدۈنگە بىر كېچە نەسىھەت قىلىپ، ئەتىسى مويكا زاۋۇتقا ئۆزى بىللە ئاپىرىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. لېكىن مۆيدۈن پات ـ پاتلا: «ۋاي... ئەجەبمۇ تويدۇم، قېچىپ كېتىدىغان يەر بولسىمۇ كاشكى» دەپ زارلىناتتى...

— داداڭ ئۇقتىمۇ؟

— ياق، — مۆمىن بېشىنى ئىرغىتتى.

— مۆمىن كەچتە ئېرىقتا يۈزلىرىنى يۇيۇپ ئۆيگە كىردى. ئۇ كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەي يېتىپ قالدى. لېكىن تاڭ ئاپئاق ئاتقۇچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىنى ھېلىدىن ـ ھېلى ئاجايىپ ئەندىشىلىك، قورقۇنچلۇق خىياللار رەھىمسىز ئالقانلىرىدا سىقماقتا ئىدى. مۆمىننىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا ئاچلىقتىن چىرايلىرى سارغايغان ئۈچ سىڭلىسى قادىلىپ تۇراتتى: ئەنە، قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قوللىرىغا تەلمۈرۈپ، تۈكرۈكىنى يۇتۇپ بويۇن قىسىپ تۇرغان كىچىك سىڭلىسى راھەت... ئاشخانىلاردا قول سۇنۇپ، بېشىغا پاسكىنا سۈپۈرگىلەر تېگىپ خارلىنىپ يۈرگەن ئوتتۇرانچى سىڭلىسى راھىلە... قانچە چاندۇرماي دېسىمۇ ئاچلىقتىن كۆڭلى ئايىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ پارتىدا ئۇخلاپ قالغان يېرىتىق كىيىملىك چوڭ سىڭلىسى رابىيەم... بېلىنىڭ تۆۋىنى جانسىز ھالدا كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتقان دادىسى مۇسا... مەڭگۈ ئۈزۈلمەس بىر بەلغەم خىرقىراپ پات ـ پاتلا كېچىلىرى دېمى سىقىلىپ، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك

بولۇپ كېتىدىغان ئاپىسى ئازنەم ...
مۆمىن ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە كىردى.
ــ ئەنسارى ئاكا، ــ دېدى مۆمىن زەئىپ ئاۋازدا، ــ مەن ... مەن ... ئوقۇمايمەن ...
ــ مەنمۇ كېچىدە كۆپ ئويلىدىم، ــ دېدى ئەنسارى بېشىنى ئىرغىتىپ، ــ ئەلۋەتتە
ئاھالە كومىتېتىقۇ قاراپ تۇرمايدۇ. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ ئائىلەڭنىڭ ئەھۋالى سەل
ئېغىرراق ... قېنى، دېگىنە، نېمە قىلماقچىسەن؟
ــ خۇمداندا كېسەك توشۇيمەن.
ئەنسارى مۆمىننى باشلاپ مۇسانىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئازنەمنىمۇ چاقىرىپ مۆيى-
دۇننىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. مۇسا تورۇسقا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قالدى، ئازنەم ئولتۇر-
غان يېرىگىلا يىقىلدى، قىزلار بولسا چىرقىرىشىپ ئاپىسىغا يېپىشتى...
يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. ئۆي ئىچىدە سىڭىللارنىڭ بىر خىلدا پۇشۇلدىغان
ئاۋازىدىن باشقا بىرەر تىۋىش يوق ئىدى. مۆمىن پارچە كىگىزلەردىن ئۆزىنىڭ دۈمە-
بىسىگە توقۇم تىكىۋاتاتتى. ئاپىسى سەنتۇرۇلۇپ چىقىپ كەلدى.
ــ بالام، بۇ يېرىم كېچىدە نېمە قىلىۋاتىسەن؟
ــ خۇمداننىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن.
ــ كىچىك تۇرۇپلا ئېزىلىپ كېتىدىغان بولدۇڭ؟...
ــ ئەنسىرىمە ئاپا، يازلىق تەتىلدىمۇ كېسەك توشۇدۇمغۇ.
مۆمىن خۇمداندا يېرىم يىل ئىشلىدى. تولغىنىپ قويۇق قارا ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتى-
قان خۇمدانلار زىچ ئورۇنلاشقان بۇ ئېگىز يارلىقتىن دەريانىڭ ساي قويۇلۇش ئېغىزلىرى
قېرى قارىياغاچلار ئوكچىيىپ قالغان تاشلىق ساي ۋە ئۇ قانىتىدىكى يارلىق ئۈستىدە
يېيىلىپ ياتقان مۇنبەت ئېتىزلار، شاخراپ كەتكەن ئۈجمىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماي
ئايلىرى مەي باغلاپ پىشىدىغان بۇ ئۈجمىلەرگە يىراقتىن بولسىمۇ قاراش نەقەدەر كۆ-
ڭۈللۈك - ھە! ئۇ، ئاكىسى بىلەن دوپپىلىرىغا ئۈجمە تەرگەن ۋاقىتلارنى ئەسلەيتتى...
بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئىزسىز يوقىلىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى يۇ-
رەك قاتلىرىدىن ھېچقاچان چىقمايتتى... شۇنداق، بۇ ئېگىز يارلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن
يېگى - يېگى شېرىن خاتىرىلەرنى سوۋغا قىلاتتى. شۇڭا مۆمىن سەھەر قاراڭغۇلۇقى بە-
لەن ئىشقا كىرىشىپ كەتسە، چۈشتە خالتىسىدىكى ناننى سوغۇق سۇغا توگۇرۇپ يەۋالات-
تى - دە، يەنە كېسەك مەيدانى بىلەن خۇمدان بېشى ئارىلىقىدا يۈگۈرۈشكە باشلايتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇ كەچكىچە ئاران ئىككى مىڭ كېسەكنى سەككىز سەرجان قىلىپ تۇرغۇ-
زالايتتى. شۇنىڭ بىلەن كېسەك يالاپ قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن بارماقلارنىڭ ھۆ-
لۈلدەپ ئاغرىشى، كىگىز توقۇم يېغىر قىلىۋەتكەن دۈمبىسىنىڭ ئېچىشىپ ئازابلىشى بەدى-
لىگە ئىككى سوم ئالاتتى، لېكىن سوغۇق چۈشۈش بىلەن خۇمدانمۇ توختىدى. ئەنسا-
رى ئۇنىڭغا كونا تاختايلاردىن بىر تەنزە ياساپ بەردى. مۆمىن بوينىغا ئېسىۋالغان
تەنزىنىڭ بىر تەرىپىگە زىما تاڭگا، قەندەلەت، بىر تەرىپىگە بولاق تاماكا، سەرەڭگىلەر-
نى تىزىپ، تا كەچلەر كىلىنوت تىياتىرلاردىن قايتىپ كوچىلار ئادەمسىز لىجۇلدەرەپ

قالغۇچە ئۆيىگە قايتمايتتى. ئۇنىڭ زىل ھەم ئۆزىگە ئوخشاش مۇڭلۇق ئاۋازى ھەممە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتتى. رەستىلەردە كېتىۋاتقان كىشىلەر، ئىسسىق كاڭلىردا تەرلەپ-پىشىپ، ئاشكۆكى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان سۈيۇقئاش ئىچىۋاتقان قېرى بوۋاي-مومايلار ئۇنىڭ مىسكىن ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى:

— ئاماكا ... قەغەز ... سە ... رەڭ ... گە! ...

— شە ... كە ... رى ... قەندەلەت! ...

— ھە ... ي زىما ... باڭ ... زا! ...

مۆمىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ئىلەڭ-سىلەڭ بېقىپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى تەلەيسىز تۆگىگە مىنسە پۈتىنى ئىت چىشلىگەندەك، ئۇنى ئاھالە كومىتېتقا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇتۇپ كەتتى. مۆمىن ئۆگىنىش كۇرسىدا ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلدى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا: «ئاكاڭنى نېمە مەقسەتتە چەت ئەلگە قاچۇرۇۋەتتىڭ؟ شۇ كۈنى سېنى بېكەتتە كۆرگەنلەر بار...»، «چەت ئەلگە قانداق ئاخباراتلارنى يوللىدىڭ؟» دېگەندەك سوئاللار يامغۇردەك يېغىپ كېتەتتى. كېچىلىرى مىنبەگلار ئۇنى قورقۇتۇپ، تەھدىت سېلىش، ھەتتا ئۇرۇش ئارقىلىق بىرەر نەرسىگە ئىگە بولماقچى بولاتتى. مۆمىن چۈشۈۋاتقان تاياقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى يۆگەپ، مىچىلداپ يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ: «جېنىم ئاكىلار، ئاكام كەتمىگەن بولسىغۇ خوي ئوبدان بولاتتى» دېگەن يالۋۇرۇشلىرىغا ئۇلارنىڭ تاشتىن تۆرەلگەن يۈرەكلىرى ئېرىپ قالامتى؟ تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان پەلەكنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن مۆمىن بېشىغا كەلگەن تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

مۆمىن باش ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى غۇۋۇلداپ قالغان باغلاردىكى يالاڭ كۆچەتلەرنى قامچىلاۋاتقان راسا سىرىقتال ۋاقتىدا كونا يوتقان-كۆرپىسىنى قولتۇقلاپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، لېكىن ئاپىسى ئۇنى تونۇمىدى. ئوغلىنى ئېلىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئازنەم ئىككى كۈندىن بېرى تىلدىن قېلىپ، ئادەم تونۇماس بولۇپ قالغانىدى.

كەم سۆز، مۇلايىم، بالىلىرى ئۈچۈن كۈلدە كۆمەچ بولۇپ پۇچۇلانغان بۇ ئايال قانداق تىۋۇشسىز ياشىغان بولسا، شۇنداق تىۋۇشسىز بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. ئازنەمنىڭ تاۋۇتىغا مەسچىتنىڭ مۇساپىر يوپۇقىنى يېپىپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەتتى.

مۆمىن ئاپىسىنىڭ ئۈچ نەزىرىسىنى بېرىپ، يەتتە نەزىرىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر كۈنى ئەنسارى ئۇنىڭ جۇدەپ، ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ، ئۇچلۇق بولۇپ قالغان ئېڭەكلىرىگە، ئۆرۈك قېقىدەك سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ بېشىنى ئىرغىتتى ۋە:

— مۆمىن، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئاپامنى ئۇزىتىمەن دەپ خېلىلا قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم، — دېدى مۆمىن غاراڭغۇرۇك ئاۋازدا، ئەمدى سايدا قۇم تاسقايمىكىن دەيمەن. ئاڭلىسام، ئوبدانلا ئىشلىسە كۈنلۈكى 3 — 4 سوم ئايلىنىدىكەن.

— ئاكا، مەنمۇ، — دېدى چوڭ سىڭلىسى رابىيە، — سېنىڭ بىلەن قۇم تاسقاي...

— بىزمۇ بارايلىچۇ، ئاكا، — دېدى راھىلە بىلەن راھەتمۇ بويىنىنى قىسىپ.

— سىلەر ... سىلەر ئوقۇڭلار، — دېدى مۆمىن كۆزلىرىنى سىڭىللىرىدىن يوشۇرۇپ، — قىز بالا دېگەن ئوقۇماي نېمە قىلىدۇ؟!

— ئاكاڭلار توغرا دەيدۇ، سىلەر ياخشى ئوقۇڭلار، — دېدى ئەنسارى قىزلارغا نەسىھەت قىلىپ.

... مۆمىن كەڭ كەتكەن شېغىللىق سايدا قۇم تاسقاۋاتقىنىغا بەش يىل بولۇپ قالدى. ئۇ، توخۇلار قونداقتىن چۈشمىگەندە جىمجىت مەھەللىدىن چىقىپ كەتسە، ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كۈندىلىك ھايات قىسمىتى تۈگمەن تېشىدەك بىر خىلدا چۆرگىلەپ تۇرغاچقىمۇ، مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەيلا دەپ قالدى: گويا بۇ ئۈچيۈز قەدەممۇ كەلمەيدىغان سېغىز توپىلىق كوچىدا مۆمىن ئاتلىق بىر ياۋاش بالا دۇنياغا كەلمىگەندەك، كۈلۈپ-قۇرۇلۇپ سالام بىلەن ئۆتمىگەندەك، «بىرەر جاندارنىڭ جېنىنى ئاغرىتىپ قويمىغانمىكىن» دېگەندەك يەر بېقىپ ماڭمىغاندەك، ئۇنى ئەسلىرىگىمۇ ئېلىنمايدىغان بولدى. مۆمىن سەھەر قاراڭغۇلۇقىدا سايدا تىمسقىلاپ يۈرۈپ جوتۇ بىلەن قاتتىق شېغىللىقنى يۇمشىتاتتى. ئاندىن سىم تورنى تىكلەپ تۆمۈر كۈرەك بىلەن شارىلداپ قۇم تاسقايتتى. كۈن تىكلەنگەن چىڭقى چۈش مەزگىلىدە يىراقتا يىلان باغرى تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا كۆز قاماشتۇرۇدەك چاقنايتتى. قۇياش مانانلاشقان ئورمان كەينىگە باش قويغاندا، دەريا قان سىياقىدا رەڭ ئالاتتى، كەچ گۇگۇم بىلەن تەڭ خۇددى كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك پارقىرايتتى. مۆمىن ھېرىپ



ھالىدىن كەتكەن، ئۇرۇپ تاشلىۋەتكەندەك پۇت-قوللىرىدا قىلچە ماغدۇر قالمىغان چاغلاردا ئەدىسارنىڭ: «ئەگەر ئادەم ئىرادىلىك ۋە غەيرەتلىك بولسا، قىسمەت ئۇنىڭغا ھەمىشەم ھىممەت قولىنى سوزىدۇ» دېگەن سۆزىنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دەريا تەرەپتىن قاپقارا، ياداڭغۇ بەدىنىگە ئارام بەخش بېرىۋاتقان شامال بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆزىنى ئۇنتۇتقان ھالدا ئىشلەيتتى. تۈن قۇشلىرى گويا قارا كۆسەيگە ئاق لېنتا باغلىغاندەك خام خەسە كۇسارلىق بۇ يالىڭاچ دەردمەننىڭ چەكسىز قاراڭغۇلۇق قاپلىغان سىرلىق سايىدا مىدىرلاۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ «چىۋ، چىۋ...» قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتىشەتتى. لېكىن مۆمىننىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بېرىپ دەريانىڭ سالقىن ۋادىلىرىدىن ئۇرغان شامالار كىملەرنىڭدۇر ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى كەڭ سايلىقىقا ئېلىپ كېلەتتى.

مۆمىن سىرلىق تۈنگە ھەمراھ بولۇپ ئىشلىگەن بۇنداق كېچىلەردە، قاراڭغۇلۇقتىن ئاڭلىنىۋاتقان دەريانىڭ بىر خىلدا شۇۋۇلداشلىرى، پارچە ئاراللاردىكى قۇملۇقلارغا قېقىۋەتكەن زاكىت① قوزۇقلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن بېلىقچىلارنىڭ ئاجىز پانارلىرى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچاتتى. شۇنداق! ئاكىسى مۆيدۈن ئۇنى بىرنەچچە قېتىم بېلىق تۇتۇشقا بىللە ئېلىپ چىققان. مۆيدۈن بېلىق تۇتۇشقا ئۇستا بولۇپلا قالماي، بېلىقچىلارنىڭ قۇمغا كۆمۈۋەتكەن زاكىت يىپلىرىنى كېچىلىرى ھېچ قىينىلماقسىزلا تاپالايتتى... غال-غال تىترىگەنلىكتىن بېلىدە ئىشتىنى توختىمايۋاتقان مۆمىن ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئاكىسىنىڭ ئۇچىغا مىخ قېقىلغان ياغاچنى قۇمغا پاتۇرۇپ دەريا ياقىلاپ ئارقىچە يۈگۈرۈۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى...

مۆمىن شۇ چاغلاردا ئاكىسىنىڭ يوتىدەك بېلىقلارنى ئۇستىلىق بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئويلاۋېتىپ، تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە ئاكىسى بىلەن غايىبانە ئاستا سۆزلىشىشكە باشلىدى:

«ھەي... ئاكا، ياقا يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ئەگەر سەن بولغان بولساڭمۇ ياخشى ئوقۇۋالغان بولاتتىم. چۈنكى ئۆزۈڭ بىلىسەن، غوپۇرجان مۇئەللىم مېنى دائىم ماختايتتى ئەمەسمۇ. ئۆزۈممۇ ماختىغۇدەك ئوقۇغان... ئۆتكەندە مۇئەللىم ئۇچراپ مېنى: ‹جۇدەپ كېتىپسەن، ئاق لەيلىدەك توزۇپ كېتىپسەن› دەيدۇ...»

ئۇنىڭ مۇئەللىمى توغرا ئېيتقان. ھازىر مۆمىن سايىدا قالغان خەمەكتەك يىگىلەپ قالدى. ئۇ، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسىمۇ بولمايتتى. مۇسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك يېتىپتۇ. لېكىن مۆمىن دەردلىرىنى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇشقا رازى ئىدىكى، كىشىلەرگە ھال ئېيتمايتتى. كىشىلەر مۆمىنگە ئىچ ئاغرىتىپ: «ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى، بىچارە بالا گۆشىنى شۇلۇۋالغان سۆڭەكلا بولۇپ قاپتۇ» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر مۇسا ھەققىدە

① زاكىت — چوڭ بېلىقلار ئۈچۈن تاشلىنىدىغان قارماق. بېلىقچىلار زاكىتنى دەرياغا تاشلاپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن يىپى بىلەن قوزۇقنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ، ئەتىسى بەلگە قىلىپ قويىدۇ. يېرىم كېچىدە بىر قېتىم ئىلىنگەن بېلىقلارنى سوزۇۋالىدۇ.

«ئۆزىنىمۇ، بالىنىمۇ قىينىغاندىن كۆرە، بالدۇرراق كەتكىنىمۇ تۈزۈككىلا» دەپ پەچىر-
لىشاتتى. ئۇلار بۇ «ياخشى» نىيەتلىرىنى مۆمىندىن يوشۇرۇن دەيتتى، ئەلۋەتتە. مۆ-
مىن قۇم تاسقاۋاتقان دەسلەپكى كۈنلەردە دادىسى بىرنەچچە قېتىم «ھاۋادە» قالدى.
چۈشتە كېلەي دېسە دەريا يىراق ھەم ئىش ئاۋۇمايدۇ. شۇڭا مۆمىن دادىسى ياتقان
يەردىن كىچىككىنە ئۆرەك كولىدى. ئۆرەك ئۈستىدىكى بورا بىلەن كىگىزنىمۇ ئۆرەك-
نىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ قىلىپ ئويۇپ ئېلىۋەتتى. كۆرپىسىنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ
سىڭلىسى يۇيۇپ بەرگەن پاكىزە لاتىلارنى كۆرپىسىنىڭ تۆشۈك ئەتراپىغا قويۇپ، خۇد-
دى كىچىك بالىنىڭ كۆلتۈكىدەك قىلىپ راسلىدى. مۆمىن ھەر كۈنى سەھەردە ۋە كەچ-
تە مۇسانى يۆتكەپ ئۆرەكنى تازىلايتتى ۋە قۇرۇق توپا قويۇپ، پاكىزە لاتىلارنى ئالماش-
تۇراتتى... بەزى چاغلاردا مۇسا يىغلامسىراپ: «خۇدا، ئالدىڭدا نېمە كۇپۇرلۇق ئۆتكۈز-
گەن بولغىيتتىم؟! ئالدىدىغان ئامانىتىڭنى ئالغىن...» دەيتتى. مۆمىن دادىسىغا تەسەللى
بېرىپ: «دادا، شۈكرى قىلساڭچۇ، بىر ئوبدانلا كېتىۋاتىمىزغۇ... ھېچىتتا قىزلارمۇ بويۇن
قىسىپ قالمىدى، بىر قۇردىن كىيىم قىلىپ بەردىم. ھە، راست، ساڭا بىر تامبالىلىق
ئېلىۋىدىم، ماشىنىچىغا بېرىپ قويدۇم...» دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا مۇسا: «ئاكاڭ
كەتتى...» ئۇ بىزنى تاشلاپ كەتتى... قامغاقتەك شامال بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كەتتى...»
دەيتتى-دە، قامغاق توغرىلىق ھېكايە سۆزلەيتتى... مۆمىن مەھەللىدىكى ھەقەمسايىلىرىغا
ياكى ئەنسارىگە: «دادام بىر تۈزۈككىلا گەپ قىلىپ ياتىدۇ، ئۇ تېخى ئاجايىپ قىزىق
ھېكايە سۆزلەپ بەردى. خۇدايىم شىپالىق بېرىدىغان ئوخشايدۇ، شىپالىق بەرسە
ئەجەب ئەمەس...» دەيتتى، ئۇنىڭ تارتىشىپ كەتكەن يۈزلىرىگە غەلىتىلا كۈلكە
يامىشىپ، ياۋاش كۆزلىرى شام چىراغىدەك بىر دەقىقە يېنىپ قالاتتى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە مۆمىننىڭ غەمدىشى، سىرداشى، بېشىنى سىيلايدىغان ماشايى-
قى يەنىلا ئەنسارى ئىدى. ئەنسارى ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇقەددەس ئەۋلىيا ئىدى.
ئەگەر ئەنسارى ئاتلىق ئادەم ئەلگە ئاشۇنداق دىلخاھ بولىدىغان بولسا، ۋاقتانى-ۋاق
كېلىپ مۆمىننىڭ ئون ئوغلى بولسا ھەممىسىنىڭلا ئىسمىنى «ئەنسارى» قويغان بولاتتى.
ئەنسارىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاق بۇرۇتلىرىنى ھىمىرىپ «ھىم»
دەپ قويۇشى، قىلتىرىقتەك يىرىك قاشلىرىنى تۈزۈپ، قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى
قىسىشى، قىسقىسى، ئۇنىڭ يۆتىلىپ قويۇشلىرىمۇ مۆمىنگە ئىشەنچ ۋە غەيرەت بېغىش-
لايتتى. بىر كۈنى مۆمىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ خاپا ھالدا ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ
كەلدى ۋە:

— ئەنسارى ئاكا، دادامغا بىر نېمە دېسىڭىزچۇ، ئۇ، كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا قورۇ-جاي-
نى سېتىپ سىزنى ئۆيلەپ قويىمەن، دەپ بېشىمنى تولا ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ،— دېدى.

— دادىڭمۇ بىر نېمىنى ئويلايدىغاندۇ،— دېدى ئەنسارى تەمكىن ھالدا.

— ۋاي، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز. بىزنىڭ ئۆينىڭ جاپاسىنى كىممۇ تارتىپ چىدا-
لايدۇ. شەيتانىنىمۇ «توپا يەمسەن دېسە، مېنى بارمۇ؟» دەيتتىكەن... بولدى، بۇ توغرىلىق
دادامغا ياخشىراق گەپ قىلىپ قويۇڭ.

— توختا، — دېدى ئەنسارى مۆمىننىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ، — سەن ئاكا ئىكەنسەن، قىزلارغا يول ئېچىپ بېرىشىڭ كېرەك. خەۋىرىڭىزدە بار، رابىيەمگە بىرنەچچە قېتىم ئەلچى كىردى.

— مەن رازى، ئەنسارى ئاكا، — دېدى مۆمىن بىر ھازا جىمىپ كېتىپ، ئاۋۋال رابىيەمنى ئۇزىتىۋالايلى...

بۈگۈن ھاۋا سالقىن ئىدى، لېكىن مۆمىن چۈش بىلەن تەڭ ئىشنى يىغىشتۇردى. چۈنكى دادىسى ئەتىگەندىلا ئۇنىڭغا: «چۈشتە بالدۇرراق كەل، مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار» دېگەنىدى.

مۆمىن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جوزا ئەتراپىدا مەھەللىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە يەنە قانداقتۇر تونۇمايدىغان سودىگەر سىياق كۆسا بىر ئادەم بىلەن ئەنسارىمۇ ئولتۇراتتى. جوزىدا دەستىلەنگەن پۇل بىلەن قىپقىزىل بارماق ئىزلىرى بېسىلغان ھۆججەت تۇراتتى. مۆمىن قورۇ-جاينىڭ سېتىلغانلىقىنى بىلىپ چىرايلىرى تاتارغان ھالدا قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان دادىسىغا قارىدى.

— دادا! ... — مۆمىن دادىسىنىڭ بېشىدا تىزلاندى، — «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دەپ ئۆزۈڭ دەيتتىڭغۇ؟ بۇ... بۇ... قانداق قىلغىنىڭ؟ مەن... مەن سېنى باقالمىدىممۇ؟... سىڭىللىرىمغا قاريالمىدىممۇ؟... ھەر كۈنلۈك چېيىڭغا قايمىقىڭنى تەييار قىلىپ بېرەۋاتىمەن... ھېيت نامازلىرىغا بارىمەن دېسەڭ مەسچىتكە يۆدۈپ ئاپاردىم... سىڭىللىرىم بىر ئوبدان ئوقۇۋاتىدۇ. توي قىلىش ئۈچۈن قورۇ-جاينى ساتتىڭمۇ؟

ئەسلىدە مۇسا چوڭ قىزى رابىيەنىڭ تويىنى قىلىش ئۈچۈن قورۇ-جاينى ساتقانىدى. ئەنسارى مۇسانىڭ بۇ قارارىغا باشتىن-ئاخىر قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇسا: «مۆمىن ئۇنىڭسىزمۇ تۈگىشىپ كەتتى. مەن ئاتا تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا سىڭىللىرىنى ئۇزات دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ. ماقۇل دە، ئەنسارى، بىرەر ئېغىز ئۆي ئېلىپ ئىجارىگە ئولتۇرۇپ تۇرمامدۇق» دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

— شۇنداق ئوغلۇم، — دېدى مۇسا ئوغلىنىڭ يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان يەكتىگە قاراپ، — سەن ئۆزۈڭ يېمەي، ئۇچاڭغا بىر نېمە ئارتماي بىزگە قاراپ كەلدىڭ. سېنىڭ تارتىۋاتقان كۈنلىرىڭنى ئويلىسام مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن... ئامالىم يوق بالام...

— دادا! — دېدى مۆمىن ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — جاي سېنىڭ، سەن ئۇنى قانداق قىلىمەن دېسەڭمۇ بىز بالىلار چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيمىز... لېكىن «قورۇ-جاينى سېتىپ سىڭىلىسىنى ئۇزاتتى» دېگەن ئاتاقنى مەن كۆتۈرەلمەيمەن... بېشىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن...

— بالام، قۇدا بولغۇچىلار تويىنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ، — دېدى مۇسا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇرنىمىزغا ئىككى بارمىقىمىزنى تىقىپ تۇرساق، خەقنىڭ ئالدىدا سىڭلىڭنىڭ يۈزى سۇرۇن بولمامدۇ؟!...

بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مەھەللە ئاقساقاللىرى ئاستا پېچىرلىشىپ يەرگە قاراشتى. مۆمىنمۇ خەقنىڭ ئالدىدا «سىڭلىڭنىڭ يۈزى سۆرۈن بولمامدۇ؟!» دېگەن سۆزدىن ئىككى تاش ئارىلىقىدا قىسىلىپ قالغانىدى. ئەنسارى ئامالسىز تېڭىرقاپ تۇرغان مۆمىنگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— قورۇ-جاي نەچچىگە پېچىلدى؟ — دېدى مۆمىن ئولتۇرغانلارغا مىختەك قادىلىپ.

— 450 سوم، — دېدى قورۇنى ئالماقچى بولغان كوسا ئادەم.

— ماقۇل، مەن بۇ 450 سومنى بىر ئاي ئىچىدە تەييارلاپ، دادامنىڭ ئالدىغا قويىمەن. سىلەر شۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار، ئەگەر شۇنداق قىلالمىسام ئانامنىڭ ئاق سۈتى ماڭا ھارام بولسۇن!...

مۆمىن جوزىدىكى ھۆججەتنى ئالدى-دە، پۇرلاپ-پۇرلاپ ئوچۇق دېرىزىدىن ھويلىدىكى گۈللۈككە تاشلىۋەتتى ۋە ئۆزىمۇ قاڭقىغان توپتەك ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى...

مىڭغە قاينايدىغان تومۇز ئىسسىقلار، باشلارنى يېرىۋەتكۈدەك مۆلدۈرلۈك جۇدۇنلار، جاھاننى يالمىۋېتىدىغاندەك بورانلىق كۈنلەر بولۇپ ئۆتتى، لېكىن كەڭ كەتكەن تاشلىق ساي كېچە-كۈندۈز ئۆزىنىڭ باغرىنى تىلغاپ دۈمچەك-دۈمچەك شېغىل تاغلىرىنى، سېرىق قۇم بارخانلىرىنى پەيدا قىلغان بۇ، نىمجان ۋىجىك، ئاۋاق ھەمراھىدىن ئايرىلغىنى يوق. 37 كۈن بولغاندا چۆچۈلىدەك قارىدىغان، خۇنۇك كۆزلىرى گۆردەك ئولتۇرۇشقان، ئالا كۆكلىگەن ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن مۆمىن ئىلەڭ-سىلەڭگىنە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە كىر ياغلىققا ئورالغان 450 سومدىن ئارتۇق پۇلنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى-دە، مۇسانىڭ ئايىغىغا موكلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قان يىرتىق كىگىزلەردە ئويۇپ قالدى. ئەنسارى ئۇنى كۆتۈرۈۋالغاندا ئىشتان پۇشقىقىدىنمۇ قان ئارىلاش سۇ ساقىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ قان سىيگەنىدى...

دەرەخ ياپراقلىرى سارغىيىشقا باشلىغاندا مۆمىنمۇ دوختۇرخانىدىن غازاڭدەك سارغىيىپ چىقتى. ئۇنى بۇرۇنقى مۆمىن دېگەندىن كۆرە باشقا بىر مۆمىن دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۈشۈپ، بېشىدا خۇددى سۇسىزلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن زىرائەتتەك ئاق سېرىق نىمجان تۈكلەر ئاندا-ساندا دىڭگىيىپ تۇراتتى، كۆزلىرى بولسا ئۆلۈكنىڭكىدەك نۇرسىز خۇنۇك ئىدى.

مۆمىن دادىسى بىلەن كۆرۈشكەندە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈنسىز يىغلىدى. دادىسى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، باشقا گەپ-سۆزمۇ قىلمىدى. پەقەت مۆمىننىڭ قوللىرىنى ياش يۇقى كۆزلىرىگە ئۈزۈنغىچە سۈرتۈپ: «سىڭلىڭنى ئۈزاتتۇق» دېدى. دادىسى بۇ گەپنى دېمىسىمۇ بولاتتى، چۈنكى مۆمىن ھەر كۈنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ كېلىپ تۇرغان ئەنسارىدىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. مۆمىن ئەنسارى كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەنسارى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— تۈزۈك، تۈزۈك ساقىيىپسەن، چىرايىڭمۇ ئاۋۋالقىدىن مېنىڭ مىراتەم ياخشى ....

دەپ كۆڭلىنى ياساپ قويدى. مۆمىن ئەنسارىنى ئۈزۈلۈپ چىقىپ، دۇدۇقلىغىنىچە:
— قاراڭ، ئەنسارى ئاكا، ئاكام چۈشۈمگە تولا كىرىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭغا
قارىغاندا، بىزنى تولا ئەسلەيدىغان ئوخشايدۇ... بېشىغا كۈن چۈشتىمىكىن، دەپمۇ ئەند-
سىرەيمەن... ئېمىلا دېگەن بىلەن مۇساپىرچىلىق-تە، — دېدى.
ئەنسارى مۆمىننىڭ چۈمچۈكلاپ تۇرغان مىسكىن كۆزلىرىگە خېلى ئۇزۇن تىكى-
لىپ قالدى-دە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىچىدە: «ھەي مۆمىن، ھەي
مۆمىن، دىلىڭدىكى گەپنى قىل!... ئاكاڭ سېنى ئەمەس، سەن ئاكاڭنى سېغىنىۋاتىسەن،
ئويلاۋاتىسەن، قېرىندىشىمنىڭ بېشىغا كۈلپەت كەلدىمىكىن، دەپ غەم يەۋاتىسەن،...
لېكىن ئۇ باغرى تاش ئاكاڭ سېنى، سېنىڭ دەرد-ئەلەملىرىڭنى ئويلامدىغاندۇ؟ ساڭا
بۇ يەردىكىلەرنىڭ غېمىمۇ يېتىپ ئاشاتتىغۇ. سەن ئېمانچىۋالا باغرى يۇمشاق بولۇپ
يارىلىپ قالغانسەن؟ ياكى ئاناڭ سېنى ماۋۇق ئۈستىگە تۇغقانمىدى؟!...» دەپ ئويلى-
دى. ئەنسارى چىقىپ كېتەر ۋاقتىدا: «ئىشتىن خاتىرجەم بول، سېنىڭ كويىڭدا بولۇ-
ۋاتىمەن» دېدى. دېگەندەك ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇ مۆمىن بىلەن پاراڭلاشتى.
— ئەمدى قوم تاسقىما، ئۆزۈلۈپ قالىسەن، — دېدى ئەنسارى مۆمىننىڭ تىزىغا
ئۇرۇپ قويۇپ، — باققالچىلىق قىلساڭ قانداقراق؟ مەن بىرنەچچە باققال ئاغىنىلىرىم بىلەن
سۆزلىشىپ قويدۇم. ئۇلار ساڭا ھەر بىرسى بىر-ئىككى توننىدىن ئالما بەرمەكچى. پۇ-
لىنى ئەتىيازدا بەرسەڭمۇ بولىدۇ. شۇڭا ھويلاڭغا بىر ئامبار كولايلى.
— قىلسام قىلاي، سىز مېنى ھەرگىز پاتقاققا كىر دېمەيسىز.
— كېلەر يىلى ئالمىلار چېچەك تاشلىشى بىلەنلا مەن ساڭا بىرەر باغنى سۆزلى-
شىپ ئېلىپ بېرىمەن.
مۆمىن قىشچە ئالما ساتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئالما گۆھەر ئىدى. ئالمى-
لارنى ھەر 2 - 3 كۈندە بىر ئۆرۈپ تۇراتتى. بىرئاز قارىدىغان ياكى سېسىشقا باشلى-
غانلىرىنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ ئەنسارى ئەرزان باھادا ئېلىپ بەرگەن ھارۋىغا باسات-
تى، ئۈستىنى كىگىز، كونا ئەدىياللار بىلەن چۈمكەپ بازارغا ئېلىپ باراتتى. ئامباردا
ئالما دۆۋىلىرى ئازلاپ قېلىشى بىلەنلا چوڭ باققاللاردىن ئالما ئېلىپ تۇراتتى.
بەزى ئۇرۇمچىگە ئالما يۆتكىگەن باققاللار ئۇنىڭغا ئىشەنچسىز ئالما، نەشپۈتلىرىنى
ئەرزان باھادا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ ئىشلار يەنىلا ئەنسارىنىڭ مەسلىھەتىسىز بولمايت-
تى. ئەنسارى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بارماقلىرىنى سانايتتى ۋە ئىچىدە: «قىش ئوتتۇرىلى-
رىدا ئالمىنىڭ كىلوسى مۇنچە، نەشپۈتنىڭ مۇنچە بولىدۇ. ھەر كىلوسىدا 3 - 4 نانىنىڭ
پۇلى قالغۇدەك ...» دەپ پىچىرلايتتى.
— ئال ئۇكا، زىيان تارتمايسەن، قوشقاچ بولسىمۇ گۆش، لېكىن ئامبىرىڭنىڭ ھا-
ۋاسىنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئۇنتۇما، — دەيتتى. لېكىن يەنىلا ئۆزى بىللە بېرىپ شېرىن
تىلىنى ئىشقا سېلىپ، كېلىشكەن باھادىن خېلىلا ئەرزان ئېلىپ بېرەتتى. باققاللار ئۇنىڭ
لەۋزىنى يىرالمايتتى.
مۆمىن دادىسى بىلەن ئىككى سىڭلىسىنى يەرگە قاراتمىدى. ئەمما ئۆزى يۈكۈزلان-

غان توخۇدەك بولۇپ قالدى. پۇتىغا كىيگەن باجىڭگىرى ياماقلار دەستىدىن كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇ بەزىدە چىگە يىپلار بىلەن ئاجراپ كەتكەن چەمەلىرىنى چىرماپ باغلىۋالاتتى. كىيىۋالغان چاپان-ئىشتانلىرىمۇ خۇددى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدەك ساڭگىلاپ، دۇمبىلىرى كېۋەزلىكتەك بولۇپ كەتكەنىدى. دادىسى ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، كىيىم-كېچەكىڭنىڭ ھېچ ساپاسى قالماپتۇ، كۆزۈڭنى يۇمۇپ بىر يەڭگۈشلىۋالغىنا، — دەيتتى. مۆمىن كۈلۈپ:

— دادا، تېخى كىيگۈچىلىكى بار. باجىڭگىرنى بىر قاقتۇرۇۋالسام قىش چىقىدۇ، — دەيتتى-دە، كېچىچە كىيىملىرىنى ياماپ ئايىغىنى مىخلاپ چىقاتتى، لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خۇشال ئىدى. ناگان-ناگاندا ئەنسارى ئۇنىڭ جىن چىراغدەك ۋىللىدە ئېچىلىپ قالغان چىرايىنى كۆرۈپ، يۈرىكىنىڭ قەيىرىدۇر ئېچىشقاندەك بولاتتى. ئەمما، ئۇ كۈلۈپ:

— بەللى، بەللى، مۆمىنجان بالا، مۇنداق ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرگىنە، سېنىڭ خۇشال يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ مەنمۇ يېيىپىنىكلا بولۇپ قالىدىكەنمەن، — دېسە، مۆمىن:

— ھى ... ھى ... ھى... ئەنسارى ئاكا، كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى تىرىكچىلىكنىڭ زىننىتىكەن، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، كۆڭلۈم خۇشلىقۇ ... — دەيتتى.

ياز كىرىپ ئالمىلار غورا تۇتقان پەيتتە ئەنسارى مەھەللىدىكى تۇل خوتۇننىڭ ئوغلى خالنى باشلاپ كىردى. خال بويىنى ئۇزۇن، تاياقتەك تۈز كەتكەن قارامۇتۇق، كۈلۈپلا تۇرىدىغان بالا ئىدى.

— مۆمىن ئۇكا، — دېدى ئەنسارى بۇرۇتىنى ھىمىرىپ قويۇپ، — ئەمدى خال بىلەن شېرىك ئۇقەت قىل. ئىككىڭلار بىرلىشىپ باغ ئېلىڭلار. كېيىن غەللىنى ئايرىغاندا ئامبىرىڭنىڭ ھەم سېنىڭ تېخنىكا ھەققىڭ ئايرىم بولسۇن.

ئەنسارى شاھىت بولۇپ ئېلىپ بەرگەن باغ شەھەر سىرتىدا ئىدى. ئالمىلار يۇپۇرماقلار ئارىسىدىن تۇخۇمدەك ئاقىرىپ، يازلىق ئالمىلار رەڭ تۈزۈشكە باشلىغاندا، مۆمىن ھەر كۈنى ئادىتى بويىچە دادىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تىزلاندى:

— پۇھۇي ... دادا، ئالما دېگەن قىلىقسىز بولۇپ كەتتى. كۆرۈپ كېلەمسەن؟ ماقۇل دېگىنە دادا، تالا-تۈزلەرنى كۆرمىگىنىڭگىمۇ 6 - 7 يىل بولۇپ قالدى، كۆڭلۈڭ بىر ئېچىلىپ قالسۇن.

مۆمىن ھارۋىنى جابدۇپ دادىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ھارۋىغا ياتقۇزۇپ، باغقا ئېلىپ كەلدى. شاخاراپ كەتكەن ئالما قاتارلىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— قارا دادا، — دېدى مۆمىن قۇچاق يەتكۈسىز ئالما تۈپلىرىنى كۆرسىتىپ، — مۇشۇنداق قاتاردىن ئۈچ قاتىرى مېنىڭ، 120 تۈپتىن ئارتۇق دېگىنە. ئۇن نەچچە تۈپ يازلىق ئالمىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى قىشلىق ئالمىلار — ئامبارنىڭ مېھمانلىرى. قېنى، بۇداپ باققىنا، قانچىلىك بىر نېمە بولار؟

— ۋاقتىدا ساتالىساڭلا يازلىق ئالما بىلەنلا دەسمىيىڭنىڭ يېرىمىنى تىرىلدۈرۈپ ئالغۇدەكسەن. خۇدا بوران - چاپقۇندىن ساقلىسا.

— ئەنسىرىمە دادا، بوران قاققان، چۈشۈپ كەتكەن ئالمىلارنى ئالما قېقى زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۈزىمىزمۇ قاق سېلىۋاتىمىز. ئەمدى ئامبارنى كېڭەيتىپ سالمىساق زادىلا بولمايدۇ.

مۆمىن ھارۋىنى ئىتتىرىپ يازلىق ئالما قاتارلىرىغا كەلگەندە، قىپقىزىل رەڭ تۈزۈپ سوزۇلگەن تاغىل ئالمىلارنى، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي يەرگە يېتىپ كەتكەن جانان چىمەندەك ئاپۇرۇتلارنى كۆرگىنىدە، دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ، ئۇنىڭغا ھېلى ئالما ئاقلاپ تۇتسا، ھېلى ئويلىغان پىلانلىرىنى سۆزلەپ كېتەتتى.

— خۇدا «ئال قۇلۇم» دەۋەتسە بۇ يىل خېلىلا ئەتلىنىپ قالىمىز، سېنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بىر داۋالىتىپ كەلمىسەم...

— خۇدا تىلەكلىرىڭگە يەتكۈزەر، بالام، — دېدى مۇسا كۆزلىرىنى ئالقانلىرىدا سۈرتۈپ.

لېكىن، خۇدا مۆمىننىڭ تىلەكلىرىگە يەتكۈزمىدى. ئەتىياز كىرىشى بىلەن مۇسا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى، مۆمىن دادىسىنىڭ سەككىز يىل قوزغالماي ياتقان ئورنىغا قاراپ كېچىلەردە بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. 11 - 12 يېشىغىچە دادىسىنىڭ قوينىدا ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ يېتىپ كۆنگەن مۆمىن ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ ئېغىر كەلدى. بىر خۇشاللىقتا ھەسرەت يار بولغاندەك، بۇ يىللار مۆمىن ئۈچۈن جۇدالىق ھەم تەنھالىقنى ئېلىپ كەلدى. ئاتىسى ئۆلگەن شۇ يىلى ئۇ كىچىك سىڭلىسى راھەتنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا يولغا سالدى. ئاتىسىنىڭ يىل نەزرىسىنى بېرىپ بولۇپ، ئەمدىلا مويكا زاۋۇتقا قولى ئىشقا تەككەن ئوتتۇرانچى سىڭلىسى راھىلەمنىڭ تويىنى قىلىپ ئۇنى ئۇزاتتى...

مۆمىن «يۇمشاق» لەقىمى «باققال»غا ئالمىشىپ ئوقەتنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان يىللىرى ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى راھەت ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى، لېكىن راھەت ئاكىسىنى تونۇيالمايلا قالدى، ئەمدىلا ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان مۆمىننىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاق سانچىغان، نۇرسىز كۆز چىيەكلىرىدە ئىنچىكە سىزىقلار گىرەلەشكەنىدى، ئۇ قېرى بوۋايلاردەك تېخىمۇ ۋىجىك ۋە مۇلايىم بولۇپ قالغانىدى. راھەت ئۆيگە كىرىپ يېڭى يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەك، ئۆي - جاھازلىرىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋىيەي ئاكا، تويۇڭ يېقىن ئوخشىمامدۇ، — دېدى راھەت يېڭى ئىشكاپنى سىيلاپ قويۇپ، — تەييارلىقلىرىڭ جايىدىغۇ!

— رايىيەم بىلەن راھىلەمنى غورىگۈللا چىقىرىپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇۋېدى، — دېدى مۆمىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — بۇلارنى سىزگە ئاتاپ ئېلىپ قويدۇم. ئەرلىرىڭنىڭ ئالدىدا يۈزى ئوچۇق بولسۇن دەپ ھەدىلىرىڭىزگىمۇ ئېلىپ بەردىم.

راھەتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۈچ يىلغىچە ھەر ئايدا پۇل ئەۋەتىپ، قىشلىق، يازلىق كىيىملىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرغان ئاكىسىنىڭ تۇرقىغا قارىدى. ئۇ خۇددى ئۆمۈر بويى قوزىلىرىغا پۈتۈن تېنىدىكى شەربەتلىرىنى ئېمىتىپ ئۆزى سوغۇلۇپ، تارتىلىپ، قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان ساغلىقلا ئوخشاپ قالغانىدى.

راھەت ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئورۇنلىشىپ، ئىككى ئاي بولغاندا ئۇنىڭغا ئەلچى كىردى. ئەلچىلەر ئالدىدا ئەنسارىنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ قارىداپلا كەتتى. مۆمىن بولسا يۈكۈنۈپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇراتتى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئەنسارى گەپنى كېسىپلا، — مۆمىن بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر تۈپەيلىدىن ئىككى سىڭلىسىغا يول بەردى. راھەت ئەمدى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدى، يەنە بىرەر يىل ساقلىسۇن.

ئەلچىلەر كېتىپ قالدى، لېكىن ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپلا يەنە كەلدى. ئۇلار يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا سىناشقانلىقى، يىگىتنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى ساقلاپ كەلگەنلىكى، ئەگەر يەنە «ساقلا» دېيىلسە، مۇناسىۋەت بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

— مەيلى، ئەنسارى ئاكا، — دېدى مۆمىن ئەلچىلەر ئالدىدا، — تويىنى قىلىپ بېرەي. ئاپام بىلەن دادام راھەتكە تولىمۇ ئامراق ئىدى، روھى قورۇنمىسۇن...

— ھىم، «چوڭ توقاچ پىشقىچە، كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇدە.

مۆمىن كەچتە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئامبارغا كىردى. ئۇ چىراغنى يېقىپ قويۇپ كېچىچە ئالما ئۆرىدى. ئۇنىڭ مۆلدۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، بىردىنلا كىچىكلەپ كەتكەن ۋۇجۇدىدىن بىر خىل مىسكىنلىك، غەمكىنلىك، ھەسرەت-نادامەت ئارىلاشقان بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مۇلايىم، كەم سۆز ئانىسىنى، ئۇزۇن يىل كېسەل ئازابىنى تارتىپ ئارمان بىلەن كەتكەن دادىسىنى، ئاكىسىنىڭ كۆزىگە خىجالەتچىلىك ئىلكىدە قورۇنۇپ قارايدىغان سىڭىللىرىنى ئويلىدى: شۇنداق، بىر چاغلاردا بۇ قورۇ-جاي ئاۋات ئىدى...ئەمدىلىكتە چۆللىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى... ئادەم دېگەن جاپا-مۇشەققەتكىمۇ خۇددى كېسەلگە كۆنۈپ قالغاندەك كۆنۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. قەلەندەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق خۇشاللىقى، بەختى بولغىنىدەك، ئاشۇ ئازابلىق تۇرمۇشنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق لەززىتى، شادلىقى بار ئىكەن. مانا ئۇلار پەسىل قۇشلىرىدەك ئۇچۇپ كەتتى. ھەئە، بەزىلەر كەتتى، بەزىلەر كەتمەتلەندى. «كەتكەنلەر كېلەر، كەتمەنلىگەنلەر كەلمەس» دېگىنى راست بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاكىسى كەلمەيدۇ؟ ئېھتىمال، «تىرىك ئايرىلدۇق» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ. ئۆزىچۇ؟ ئۇ شاللىقتا قونغان ئۇقادەك يەككە-يېگانە قالدى. ئاھ، ئاكىسى بولغان بولسىمۇ كاشكى، ئاتا-ئانىسىنىڭ قەدىمى چۈشكەن مۇشۇ ئەزىز جايلارنى ئاۋات قىلىپ، چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئولتۇرماسمىدى، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولماسمىدى،...ئاكىسى ھازىر نەلەردە مۇساپىرچىلىق تارتىپ يۈرىدىغاندۇ؟!..

مۆمىننىڭ كۆزىدىن ئۈزۈلمەي چۈشۈۋاتقان يوغان-يوغان ياش تامچىلىرى ئالمىلارنىڭ قىزىل يۈزلىرىنى شۈيمەكتە ئىدى...

مۆمىن قولىغا چىققان بىر مەگزى ئاق، بىر مەگزى سۆس قىزىل ئالمىغا ئۇزۇن تىكىلىپ قالدى. ئۇ بۈگۈن نېمە ئانچىۋالا ھەسرەتلىنىدۇ، ئاھ ئۇرىدۇ، ياش تۆكىدۇ؟ ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ يارىلىشىدىلا شور پېشانە، جاپاكەش يارالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغىنى يۇمشاق كۆڭۈل، ئاق نىيەت، مېھىر - شەپقەت، ياۋاش - يۇمشاقلىق ئىكەن، لېكىن بەخت ئاتا قىلماپتۇ، ياكى ئۇنتۇپتۇ...

مۆمىن قولىدىكى ئالمىنى پۇرىدى، شېرىن ھىد دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇشى بىلەن قۇلىقىدا قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋاز قايتا جاراڭلىغاندەك، گۇپۇلدەپ ئالما پۇراپ تۇرغان ئامبارنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قارىدى...

تەقدىر كىشىلەر بىلەن ئوينىشىدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مۆمىن بۇلتۇر بازارغا ئالما ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ھەزرەت مازىرى يېنىدا ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئالمىلار تۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا ھەزرەت مازىرىنىڭ شور تېمىدىن سەكرەپ چۈشكەن بىر قىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. مۆمىن قىزنىڭ ئېتەكلىرىگە ئالما تۆكۈپ بەردى. كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ئۇچراشتى. شۇنداق قىلىپ تونۇشۇپ قالدى. قىزنىڭ ئېتى پاتىمە ئىدى. مۆمىن شۇ كۈنلەردە ئالما سېتىۋېتىپمۇ، بازاردىن يېنىپ كېلىۋېتىپمۇ «پاتىمەنىڭ كۆڭلى، يەتمىش يەردە ياماقى» دېگەن ناخشىنى غىڭشىپلا يۈرىدىغان بولدى. قىزنىڭ ئانىسى يوق بولۇپ، گۆركارنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. پاتىمە مۆمىننىڭ ياۋاشلىقىغا، ساددىلىقىغا، ئاق كۆڭۈللۈكلىكىگە قىزىقتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆڭلىگە ئالمىدى.

ئۇلار توي قىلىشقا پۈتۈشتى، لېكىن مۆمىن پاتىمەگە: «سىڭلىم پات يېقىندا ئۈرۈمچىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ. تويغا سىڭلىممۇ قاتناشسۇن» دەپ تويىنى ئارقىغا سۈرگەنىدى، ئەمدىلىكتە...

...پۈت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن مۆمىن نەم ئامباردىن ئارانلا قوپۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇ قارا ئىشىكنى ئامبار ئالدىغا باغلىغاندىن كېيىن ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئاكىسىنى ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە بىر ئايدىن ئارتۇقراق ساياھەت قىلدۇرغان مۆمىن قايتىپ كەلدى. شۇنداق، ئۇ قايتىپ كەلدى، لېكىن ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سولغۇن، پۈت - قوللىرى بوشاشقان، ئاكىسى كەلگەن ۋاقىتلاردىكى نۇر چاقناپ تۇرغان مۇلايىم كۆزلىرى خىرەلەشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېتىك، چاققان ھەرىكەتلىرى، كەچكۈزدە ئېچىلغان كەنجە غوزىدەك چىرايى بىر كېچىدىلا ئۈششۈك تەگكەندەك سولىشىپ كەتكەنىدى. خۇددى ئۇ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئامباردىكى ئالمىلارمۇ سېسىپ كەتكەنىدى. خال ئامبارنىڭ ھاۋاسىنى تەگشەشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن دۆۋە - دۆۋە ئالمىلارنىڭ ئوتتۇرى بېسىلىپ بىر كېچىدىلا ئىچىدىن كېتىپ قالغانىدى. خال بىلەن پاتىمە سېسىغان ئالمىلارنى چېلەكلەردە توشۇپ ئۆلگۈرتەلمىگەچكە باققاللارغا ئەرزان باھادا بېرىۋەتكەنىدى.

مۆمىننىڭ يولدا كەلگىچە: «بۇ يىلنىڭ پايدىسىنى خەجلەپ تۈگەتكەن ھېسابتا بولسام-
مۇ، ئامباردىكى ئالمىدىن دەسمايەم چىقىپ قالىدۇ» دېگەن ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلانغانىدى.
ئۇ «خەيرىيەت، چىققان كۆز ئورنىغا چۈشمەيدۇ» دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللىي بەردى.
مۆمىن 36 كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا ئاكىسىدىن جىق ياخشىلىق كۈتۈشكە بولمايدىغان-
لىقىغا ئانچە-مۇنچە كۆزى يېتىپمۇ قالغانىدى، لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر
بۇرجىكىدە غۇۋا بولسىمۇ ئۈمىد نۇرى پىلدىلداپ تۇراتتى. ئاكىسىنىڭ قايتىپ كېلىپلا
قورۇ-جاينىڭ مىراسىنى ئايرىش ھەققىدىكى داۋراڭى بۇ نۇرنى ئۆچۈرۈپ، مۆمىننى
قاراڭغۇ ھاڭغا تاشلىۋەتكەندەك بولدى.

ئەنسارى ئۇلاردىن ھال سوراپ كىرىپ، دالان ئۆيدىكى نەرسە-كېرەك قاچىلان-
غان يالتىراق تاغار، چامادانلارنى، ياپوننىڭ ئۈنئالغۇسىنى، 7 - 8 دەك توك كاۋابدان،
قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلەرنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى. ئۇ مۆمىنگە: «بۇگۈن-
چە دەم ئېلىپ ئەتە كەچ بىزنىڭكىگە كىرگىن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى
ئەنسارى مۆمىننىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەتىسى
كەچ مۆمىن ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ جىمجىتلا سۇپىدا ئولتۇردى.

— ئاڭلىسام، خېلى جىق مال ئەكەپسىلەر، — دېدى ئەنسارى باش ساڭگىلىتىپ
ئولتۇرغان مۆمىنگە قاراپ، — ھەممىسىنى سەن ئالمىغانسەن؟

— مەن ئالماي كىم ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئەكەلگەن پۇلى چاغلىقلا ئىكەن.

— مەن ساڭا ماڭار چېغىڭدا: «ئۆزۈڭگە پۇختا بول، پۇل دېگەننىڭ بىر ئۇچى
يۇرەكتە، بىر ئۇچى بىلەكتە» دېمىگەنمىدىم.

— ئاكام ئاران بىر كەلگەندە لەۋزىنى يىرالمىدىم. بۇ يەردىكى 23 سوملۇق تاغار
ئىشتان ئۇ يەردە بىزنىڭ پۇلىمىزغا 370 سومغا توختايدىكەن. ياپوننىڭ بىر ئۈنئالغۇ-
سىغا بىر قوڭغۇز ماشىنا تېگىشىدىكەن، قىسقىسى، ھەممىسى ئەتىۋار نەرسىلەركەن.

قىممەت باھالىق مېھمانخانا، ئايروپىلان، پويىز بېلەتلىرى ۋە ئېلىنغان نەرسە-
كېرەكلەرگە خەجلەنگەن پۇل سانىنى ئاڭلاپ ئەنسارىنىڭ چىرايى بىردىنلا كۆكىرىپ،
كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ، ئامباردىكى ئالمىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى-
نى بىلگەچكە، مۆمىننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنىدى.

بۇ يىلقى ئوقىتىڭدىن ساڭا قانچىلىك بىر نېمە قالغۇدەك؟

— ئامباردا تۆت يۈز كىلودەك ئالما قاپتۇ. ھەممىسىنى خام چوت قىلىپ باقساق
ماڭا ئۈچ يېرىم مىڭ سوم تەگكۈدەك...

— بۇ گەپچە دەسمىيەدىنمۇ ئايرىلىپسەن، — دېدى ئەنسارى ئاچچىقى بىلەن، —
ئەمدى قىشچە 5 - 6 يۈز سومنى خىراجەت قىلىپ ئالمىرىڭنى باق، قالغىنىنى دەس-
مىيەگە ئېلىپ قوي.

— پۇلۇم يەتمەي ئۆمەر قاسساپنىڭ ئوغلى جىڭجۇدا كاۋاپچىلىق قىلىۋېتىپتىكەن،
ئۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ سوم قەرز ئېلىۋىدىم. دەرھال ئەۋەتمىسەم ئىۋسۇمى كۆپىيىپ
كېتىدۇ...

— ئۈچ مىڭ سوم قەرز ئالدىم؟! — ئەنسارىنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى، — شۇنچە پۇلنى خەجلەپ بەرگىنىڭ يەتمىدىما؟ يەنە نېمە ئۈچۈن قەرز ئالىسەن؟

— قەرز ئالمىسام بولمىدى، چۈنكى ئاكام...

— ھە، يەنە نېمە گەپ؟ — ئەنسارىنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— ئۇ...ئۇ...قورۇ - جايىنىڭ گېپىنى تولا قىلىپ...

— قورۇ - جايىنىڭ؟!... — ئەنسارىنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى نەيزىدەك قادىلىپ قالدى، — بۇ كىسپۇرۇچنى قارا...

ئەنسارى «قارس» قىلىپ قولىدىكى مۇشتىكىنى سۇندۇرۇۋەتتى، ئۇ غەزەبتىن سۇنۇپ كەتكەن مۇشتەكىنى ئالقانلىرىدا ئۇۋۇلىماقتا ئىدى. ئۆي ئىچى گۆرستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى، پەقەت مەشتىكى ئوتنىڭ سۇس گۇرۇلدىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنسارىنىڭ كۆز ئالدىغا شەلۋەرەپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز، ھىيلىگەرلىك چاقناپ تۇرغان چىراي كەلدى. مۆيدىن ياۋاش، مۇلايىم، ساددا، ئۆز ئاتا - ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئۈچۈن يۈرەك - باغرىنى تۆكۈپ تۇرغان ئىنىسىنى ئالدىدى، ھەرخىل ئامالار بىلەن ئۇنى كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلاندۇردى، لېكىن مۆمىن شېرىن سۆز، يۇمشاق مۇئامىلىلەرنىڭ گولدەستىسىدىن زەھەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەنمىدى.

ئەنسارى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مۆمىنگە قارىدى. مۆمىننىڭ ۋاقىتسىز تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ئۆسكىلەڭ ساقاللىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ مىدىرلىغانسېرى سازلىقنىڭ قارا پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك يەرگە چۆكۈپ ئولتۇراتتى.

— ئەنسارى ئاكا، — دېدى مۆمىن ئېغىر تىنىپ، — ئەتە ئەتىگەن 4 - 5 جامائەتنى باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كىرىسىگىز...ئاكام...ئاكامنىڭ گېپى بار ئوخشايدۇ...

مۆمىننىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش بۇرۇن چاناقلىرىدا يېپىلىپ كەتتى.

— كۆزۈڭدىن ياش ئاققۇزۇپ ھەسرەتلەنگىچە مۇشتۇمىڭنى چىڭ تۈگكىن، — دېدى ئەنسارى ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — يىلتىزى چوڭقۇر دەرەخ بورانغا پەسەنت قىلمايدۇ.

ئەنسىز خىياللار ئىلكىدە نېمە قىلارىنى بىلمىگەن مۆمىن قورقۇپقىنە ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

ئەتىسى ئەنسارى كېيۈر، راشىدىن، ساۋۇتۇم قاتارلىق مەھەللە چوڭلىرىنى باشلاپ، مۆمىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە، رابىيە، راھىلە، راھەتلەرمۇ كېلىپ بولغانىدى، مۆمىن بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى، لېكىن مۆيدۈن جامائەت بىلەن ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى...ئۇلارنى تۆرگە باشلىدى. پىيالىلارغا چاينى ئۆزى قۇيۇپ پەتنۇستا سۇندى. مېھمانلارنىڭ چىنىلىرىگە قەنت - ناۋاتلارنى سېخىيلىق بىلەن سالدى.

مۆيدۈننىڭ مۇشۇكتەك چاققان ھەرىكەتلىرى، ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈشلىرى، چەت ئەل تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋەزمىن سۆزلەشلىرى، غەلىتە پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلىرى ئۇنى ھازىرقى زامان مودىسىدىكى ياش يىگىتتەك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ھەرقايسىلىرى ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن، ئاتا يوللۇق ئاتلار، — دېدى مۆيدۈن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — مەنمۇ كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىۋاتىمەن، كېتىشنىڭ ئالدىدا قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئويىدىمەن. نارازى بولۇپ يۈرگەن سىڭىللارنىڭمۇ كۆڭلى تىنسۇن، ئەلۋەتتە «دوست - دوست بولسۇن، ھېساب دۇرۇس بولسۇن» دېگەنمۇ گەپ بار ئەمەسمۇ!

ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا چۆكتى، پەقەت باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قېرىلارنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىشىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. تاشقىرقى ئۆينىڭ سۇپىسىدا قاتىرىسىغا ئولتۇرغان رابىيەم، راھىلەم، راھەت ۋە پاتىمەلەر مېھمانخانىنىڭ پەگاسىدىلا قول قوشتۇرۇپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مۆمىننىڭ يادەك ئېگىلگەن دۈمبىسىگە قاراپ تۇراتتى.

— ئۇكام مۆيدۈن، — دېدى ئەنسارى ئالدىغا سەل سىلجىپ، — گەپنى ئەگىتمەي ئوتتۇرىلا بىرنېمە دېگىنە، زادى نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئەمدى... ئەمدى... بۇ قورۇ - جاي ئاتامدىن قالغان... بۇنىڭدا بىز بەش قېرىنداشنىڭ ھەققى بار... مەن باللارنىڭ چوڭىكەنمەن، ئەلۋەتتە سىڭىللارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇپ كېتىش مېنىڭ قەرزىم - دە... مانا، مەسىلەن، راھەت بۇ توغرىلىق...

— نېمە؟! — راھەت چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، مېنىڭ ھېچقانداق دەۋا - دەستۇرۇم يوق، مەن ئاتا - ئانامدىن كىچىك قالدىم، ئاكام مېنىڭ چاچلىرىمنى يۇيۇپ تاراپ، تامىقىمنى بېرىپ مەكتەپكە ماڭدۇراتتى. ھېيت - بايراملاردا يېتىم ئىكەنلىكىمنى بىلىندۈرمىدى. ئۇ، ئۆزى يېمەي - ئىچمەي، كىيمەي مېنى ئوقۇتتى، ئادەم قىلدى... مەن ئاكام ئالدىدا بىر ئۆمۈر قەرزدار...

— ئۇنداق دېمەڭ سىڭلىم، — دېدى مۆمىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك، — قولۇم قىسقا، سىزگە قانات ياپالمىدىم. سىز ئاپام بىلەن دادامنىڭ بىر تال تەۋەررۈكى...

ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. مۆيدۈن تاشلىغان كوزۇرنىڭ ئۆزىنى مات قىلىپ قويۇشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ، بۇ ئېغىر زەربىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ غەلىتىلا ھىجايدى.

— بولىدۇ، راھەت ھۆكۈمەت كادىرى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشى ياخشىكەن، — مۆيدۈن جامائەتكە يۈزلەندى، — راھىلە بىلەن رابىيەمنىڭمۇ تۇرمۇشىنى ئويلىماي بولمايدۇ. رابىيەمنىڭ ئائىلىسى دېھقانكەن. ئۇششاق باللىرى بار، يولدىشى كېسەلچانكەن...

— ئاكا، مېنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى رابىيەم مېھمانخانىنىڭ تاپىسىغا كېلىپ، — مەن مىراس تەلەپ قىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغىنىم يوق، ئۆزۈم دېھقان

بولسامۇ ۋىجدان بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن. سەن كەتتىڭ، مۆمىن ئاكام ئاپام بىلەن دادامنى باقتى، ئۆلۈمىنى ئۇزاتتى، بىزنىڭ چىرايىمىزنى سارغايتماي چوڭ قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى بوراندا سوپۇرۇلۇپ يۈرگەن غازاڭدەك ئۆتۈپ كەتتى... جاپا - مۇشەققەت، يوقسۇزلۇقتىن ئۇنىڭ بېلى پۈكۈلدى، كۆز گۆھىرى تۆكۈلدى. سەن ئۇنىڭ تۇرقىغا بىر قاراپ باققىنا، ئۇ سېنىڭ ئۇكاڭدەك تۇرامدۇ؟!

رابىيەنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا راھىلە ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى، ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە سۆزلەپ كەتتى. راھىلە ئەزەلدىن ئەگىتىپ گەپ قىلىشنى بىلمىگەچكە توپتوغرىلا كۆڭلىدىكىنى يامغۇردەك تۆكۈۋەتتى:

— مۆيدۈن ئاكا، سەن...سەندە ئىنساپ بارمۇ - يوق؟! سەن مۆمىن ئاكامنى ۋەيران قىلغىلى كەلگەنما؟! سەن ئۇنى دەسمايىسىدىنمۇ ئايرىپ سويغان پىيازدەك قىلىپ قويدۇڭغۇ! تېخى نومۇس قىلماي «دوست - دوست بولسۇن» دەيسىنا، ھېم، ئۇنداقتا بىز قېرىنداشلار ساڭا يات بولۇپ كېتىپتىمىز - دە!؟ ھازىر كەت...سېنىڭدەك ئاكىمىز يوق!...

— ھاي، ھاي، راھىلەم، ئۇنداق دېمەڭ، سىڭلىم، — دېدى مۆمىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۇ بىزنىڭ ئاكىمىز، ئاتا يوللۇق ئاكىمىز، قان قېرىندىشىمىز. ئۇ ھەربىرىمىزنى سېغىنىپ كەلدى، تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئەلە - مەھەللىنى پاناھ تارتىپ كەلدى...

— ئاتا يوللۇق ئاكىمىز؟!...ئاتا يوللۇق ئاكا ئاشۇنداق بولامدۇ؟ بىر كۈنلۈك پادىغا قېتىلغان كالىمۇ ئۆزىنىڭ ئېغىلىنى، ئېغىلدىكى موزىيىنى سېغىنىپ يولدا كەلگۈچە مۆرەپ كېلىدۇ. قۇش چېغىدا ھەلقىمگە يىغقان لوقمىسىنى باللىرىنىڭ ئاغزىغا سالىدۇ...بۇچۇ...بۇ؟... — دېدى راھەت مۆيدۈنگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بىردىنلا مۆمىنگە يۆتكەپ، — مۆمىن ئاكا، سەن نەچچە يىل خەت يازدىڭ، ھەتتا خەت ئېلىپ كەتكەنلەردىن تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ھەققىدە جاۋاب خەتلەر كەلدى، لېكىن بۇنىڭدىن بىرەر سادا چىققىنمۇ؟ ئەمدىزە مىراس دەۋاسى قىلىپ كېلەمدىكىنە!...

ئۆي ئىچىدە نەپەس ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى، ھەممە جىمىپ كەتتى...

ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنچە باغلىغان مۆيدۈن مانا ھازىر لايغا پاتقان ئېرگۈلىدەك ئۆز ئورنىدىن قىمىرلالماي قالدى. ئۇ ئىچىدە: «نېمە ئۈچۈن سىڭىللىرىنىمۇ چاقىرغۇزغاندىمەن؟» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن «مۆمىن، سىڭىللار بىلەن قولاق قېقىشىۋاپتۇ» دېگەنىنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ھېلىلىدەك قورۇلدى.

— خوش، مۆيدۈن، — دېدي ئەنسارى موخۇركا خالتىسىنى قولىغا ئېلىپ، — ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىل. سىڭىللارنىڭ ھال - كۈنى ياخشى، بۇرۇنقى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ...

— مەن ئۆزۈمگە تېئەللۇق مىراسنى ئېلىپ كېتىمەن. ئاتامنىڭ بويىنىدا قىيامەتلىك قەرز قېلىشنى خالىمايمەن...

— مۇسانىڭ بويىنىدا قەرز قالغۇدەك سەن ئاتاڭغا قورۇ - جاي سېلىشىپ بەرگەلىمە؟ بۇنداق پەتىۋا ئەزەلدىن شەرىئەتتە يوق، — دېدى ئەنسارى بىردىنلا ئاچچىقلاپ، — مۆمىن، سەنچە قانداق قىلساق بولا؟

— ئاكام خۇش بولىدىغان بولسا مەيلى...قورۇنى ساتاي...باشقا ساتا - ساتقۇلىقىم بولمىغاندىن كېيىن... — مۆمىنىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ياق، ساتمايمىز، — پاتىمە مېھمانخانىغا ئېتىلىپ كىردى، — بىز بالىلار بىلەن نەدە قاڭقىر - قاقشاپ يۈرىمىز؟...بۇ بايۋەچچە ئاكىمىز بىزنى ۋەيران قىلىپ ئالتۇن توشقان تاپامدىكەن؟

قىزلارمۇ چىرقىرىشىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى...

— ئوغلۇم، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭ... — دېدى كېيۈر مۆيدۈنگە قاراپ، — سىز ئۇنىڭلىق بىلەن ئەرشئالاغا چىقىپ كەتمەيسىز.

بىر قورساقتا ياتقان قېرىنداشلىرىڭىزنى ئاياڭ، — دېدى راشىددىن.

قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ بۇ ئالەمدە تارتقان رىيازەتلىرىگە ئاۋۋەلەن خۇدا، ئاندىن قالسا مانا بىزلەر شاھىت... — دېدى ساۋۇتوم.

تالاش - تارتىش چۈشكىچە داۋاملاشتى. جامائەت: «قېرىنداشلار يەنە بىر قېتىم باش قوشۇپ بېقىڭلار، مۆيدۈنجانمۇ ئويلىنىپ كۆرسۇن» دەپ قوزغىلىشتى.

كەچقۇرۇن ئەنسارى مۆيدۈننى ئۆيىگە چاقىردى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قىزىق دەملەنگەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئەنسارى مۆيدۈن كەتكەندىن كېيىن مۆمىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئېچىنىش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى. سۆزلىگەنسېرى كۆز چاناقلىرى ھېلىدىن - ھېلى ياشقا تولۇپ تۇردى. ئۇ ئاخىرىدا ئېغىر نەزەر بىلەن مۆيدۈنگە قاراپ:

— بەختسىزلىك، خاپىلىق، ئوڭۇشسىزلىق مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىزىدىن قالماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەمراھلىرى بولۇپ قالدى. ئويلاپ باقسىنا، ئەڭ كىچىك سىڭلىڭ راھەتنىڭ ئوغلى مۆمىننى «چوڭ دادا» دېگۈچىلىك بولغاندا، ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت ئىدى... — دېدى.

مۆيدۈنگە بۇ پاجىئەلەر گويا چۆچەكلەردىكى پادىچى بالىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدەك بىلىنىدىمۇ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەمدى، ئەنسارى ئاكا، ھەركىم ئۆزىنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي، تارتماي ئىلاجى يوق، — دېدى.

— بۇنداق ئويلىساڭ توغرا ئەمەس، ئۇكا، — دېدى ئەنسارى ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ، — سېنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتقان دەردمۇ ئۇنىڭ پىشانىسىگە يېزىلغانمۇ؟ سېنىڭ ئاتا - ئاناڭغا، قېرىنداشلىرىڭغا قاراش قەرزىڭ يوقما؟ ئەگەر شۇ چاغدا بۇ ئالقاندەك قورۇ سېتىلىپ كەتكەن بولسا، يەنە دەۋا قىلامتىڭ؟

— ئۇ باشقا گەپ. چۈنكى بۇ قورۇ - جاي دادامنىڭ مۈلكى - دە، مانا ھازىر تۇرۇپتىغۇ!



— شۇنداق، لېكىن بۇ سودىنىڭ داۋامى تېخى تۈگىگىنى يوق، — دېدى ئەنسارى جىددىي قىلىپ، — بۇنى ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسەن.

ئەنسارى مۆيدۈننىڭ پۇل ۋەسۋەسىدە تاشتەك قاتقان كۆڭلىنى ئېرىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن سۆزلىدى، لېكىن مۆيدۈن ئۆز پەيلىدىن يانمىدى. شۇڭا ئەنسارى ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ:

— بولىدۇ، ئەتە جامائەت ئارىسىدا تەلپىگىنى ھەل قىلايلى، — دېدى.

غەزەبتىن يېرىلاي دېگەن ئەنسارى ئۆيىگە كىرىپ «تۆگە ساندۇق» ئۈستىدىكى يوتقان - كۆرپىلەرنى ئورۇندۇرىغا دۈۋىلىدى. ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنىمۇ يەرگە ئالدى. ئۇ ساندۇقنىڭ بىر چەت بۇلۇڭىدىن چىگە يىپ بىلەن باغلانغان بىر تۈگۈچىنى ئېلىپ، كىگىزگىلا يايدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دەۋا - دەستىر ھۆججەتلىرى، ئەر - خوتۇنلارنىڭ تىلخەتلىرى بارئىدى. ئەنسارى ئىزلىگەن نەرسىسىنى تاپتى. ئەنسارىنى بۇنچىلىك ھاياجانغا سالغان بۇ ئالقاندەك قەغەز بۇنىڭدىن 19 يىل بۇرۇن مۇسانىڭ قورۇ - جايىنى ساتقان ھۆججىتى ئىدى. 30 يىللىق ئۆمرى دەۋا - دەستىر بىلەن ئۆتكەن ئەنسارى مۆمىن دېرىزىدىن گۇۋالىككە پۇرلاپ تاشلىۋەتكەن ھۆججەتنى يوشۇرۇن ئېلىۋالغانىدى. ئەنسارى كۆيە پۇراپ تۇرغان ھۆججەتنىڭ قاتلاشلىرىنى تۈزەپ تۇرۇشىغا ئوغلى كىرىپ كەلدى.

— ۋاي - ۋۇي، دادا، ئۆينى سېتىۋېتىشنىڭ دۇكىنىدەك قىلىۋېتىپسىزغۇ؟

— بېرىكە بالام، بېرىكە، بۇنى كۆرۈپ باقە.

ئەنسارىنىڭ ئوغلى ھۆججەتنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، يېزىلغان يىلىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە دادىسىغا قارىدى.

— پاھ، دادا، ئەۋلىيادەك ئىش قىلىپسىز جۇمۇڭ. مۆيدۈن سوتىمىزغا ئەرز تۇتتى، ئەمدى بۇ ئاجايىپ بىر ئىسپات - تە.

— ئەتە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇتىشىپ كۆرەي. ئۇ تاش چىشلەپ تۇرغانىكەن، مەنمۇ ئەمدى ئوت چىشلەيمەن...

— سوتتىن بىر ئادەمنى ئېلىپ مەنمۇ قاتنىشايمۇ؟
— ياق بالام، مەن بۇنىڭغا ئۆزۈم ئارىلاشقان ئىكەنمەن، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن.

* *

ئېغىر ئەلىياتقۇ بولۇپ قالدى. پۈتۈن كائىناتنى ئاق پەردىگە قاپلاپ قار لەپىلدەپ چۈشمەكتە. ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرغان مۆمىن ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئۇ ئالدىدىكى كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياتقان ئىتقا قاراپ ئېغىر خىيالغا پاتقانىدى. ئاكىسى مۆيدۈن كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ھېلىقى كۈنى ئەنسارى ئۇنىڭغا خېلىلا قاتتىق گەپ قىلىۋەتتى... ئەنسارى جوزىدىكى يېيىقلىق ھۆججەتنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:
— مەن ساڭا بۇ سودىنىڭ داۋامى تېخى تۈگىگىنى يوق دېمىگەنىمىدىم. ئەسلىدە بۇ قورۇ - جاي بۇرۇن سېتىلىپ بولغان، ئالغان ئادەممۇ، شاھىت بولۇپ قول قويغان ئادەملەرمۇ مانا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ، لېكىن پۇلنى مۆمىن بەرگەن. ئەگەر تەلىپىڭدە چىڭ تۇرىدىكەنسەن، مۇشۇ 450 سومنى بەش قېرىنداشقا بۆلۈمىز، لېكىن مۆمىن ئېلىپ بەرگەن ئون نەچچە مىڭ سوملۇق سوۋغىلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىسەن، — دېدى.
— يوقسۇ، يوقسۇ ئەنسارى ئاكا، — دېدى مۆمىن خىجالەتچىلىكتىن قىزىرىپ، — مەن ئۇ نەرسىلەرنى ئاكامغا يولمۇق ئۈچۈن ئېلىپ بەرگەن...ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق بىرنېمىلەرغۇ ئۇ...
— مەن سوت ئورۇنلىرى بىلەن كۆرۈشتۈم، — دېدى ئەنسارى مۆمىنگە ئالىيىپ قويۇپ، — ئەگەر مۆيدۈن، بۇنىڭغا قانمىساڭ بۈگۈنلا سوتقا بارىمىز...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۆيدۈن تۈنجۇقۇپلا قالدى.
ئەتىسى ئۇ يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇنى چېگرىغىچە ئۇزىتىپ بارغان مۆمىن خوشلىشىپ تۇرۇپ:
— خاپا بولما ئاكا، يۈرەكنى تارتسا بېغىر ئاغرىيدىكەن. ئەنسارى ئاكام تارتۇۋېلىپ تەگكىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى. سەن خاپا بولۇپ كەتسەڭ مېنىڭ ئاخىرىغىچە كۆزۈم نەملىك...ئەمدى قاچان كۆرۈشىمىز بۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش، — دېدى - دە، تاشتەك قاتقان ئاكىسىنى قۇچاقلىدى.
مۆمىن قار باسقان ئىتنىڭ بېشىنى سىيلىدى. ۋاپادار ئىت ئىگىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالماقچى بولغاندەك ئاستا ئۆمىلەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا كىردى. مۆمىن ئىتنىڭ ھۆل تۈكلىرىگە يۈزلىرىنى ياقتى، دۈمبىلىرىنى سىيلىدى، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق باغرىغا بېسىپ كۆزلىرىگە قارىدى. ئىتمۇ قاپقارا كۆزلىرىنى يۇمماستىن ئىگىسىنىڭ مىسكىن چىرايىغا، غەمكىن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قالدى...
شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەپەككۇر سۆھبىتى بولۇۋاتاتتى...

«ئەي مېنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل، دەردمەن ئىگەم، كۆڭلۈڭنى بۇزما. بىلمەن، هازىر ئامبارمۇ، سېنىڭ يانچۇقۇڭمۇ، ئەڭ ئېچىنىشلىقى، قەلبىڭمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى. سەن هازىر دىۋانىدەك بولۇپ قالدىڭ. بوادى، ياش تۆكمە. بۇ ياشلار كىم ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتىدۇ؟ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ۋەيران بولغان تەقدىرىڭ ئۈچۈن، ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان باللىرىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ياق، كۆزلىرىڭدىن بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن! قارا، سېنىڭ هاماقەتلىكىڭنى، يەنىلا ئاشۇ تاشبېغىر ئاكاڭ ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىسەن، ئىچىڭدە بىر يېرىڭ كۆيۈۋاتىدۇ، ئەنسارىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىرىدىن رەنجىۋاتىسەن. سەن زادى بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەمسەن - يوق؟ مەۋجۇت بولغاندىمۇ سەن بىر ئادەم! بىلدۈاتامسەن، ئادەم! سېنىڭمۇ ئۆزۈڭنى ئويلاش هوقۇقىڭ بار. قارىغىنا، دۇنيا - بايلىق ئاكاڭنىڭ كۆزلىرىنى تورلاشتۇرۇپ سېنى تونۇماس قىلىپ قويدى. شۇڭا سەن دۇنيادا مەنپەئەتنىڭ ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئامىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. لېكىن ئۈمىدسىزلەنمە، ئەنسارىدەك رەھىمدىل پاناهىڭ بار، كۆيۈمچان سىڭىللىرىڭ بار، ئاق كۆڭۈل شېرىكىڭ خال بار. ئەڭ قەدىرلىكى شۇكى، سەن ئۆز ئانا تۇپرىقىڭدا تۇرۇپسەن. سېنىڭ يىلتىزىڭ ئانا تۇپراققا چوڭقۇر يېيىلغان... سەن بىر قامغاق ئەمەسسەن...»

مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئىتنىڭ كۆزلىرى مۆمىنگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بەردى... لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر دادىسىنىڭ قۇچىقىدا جان بېرىۋاتقان هالىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى. دادىسى قۇرۇپ گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

«بالام، قامغاق دەيدىغان دۈبدۈگىلەك ئۆسىدىغان بىر گىياھ بار. ئۇنىڭ يىلتىزى تولىمۇ كىچىك هەم ئاجىز بولغاچقا، تۇپراققا چوڭقۇر ئورنىشالمايدۇ، ئۇ شامال - بوران بىلەن تەڭ يۇمۇلىنىپ ئۇچۇپلا يۈرىدۇ. قەيەردە سۇ ياكى نەملىك بولسا، شۇ يەردە كۆكلەپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇ شامال - بوران بىلەن تەڭ ئۇچۇپ يۈرگەندە ئالدىغا ئۇچرىغان گۈل - چېچەكلەرنى تۆكۈپ كېتىدۇ...



سەمەت ئابدۇراخمان

# چىمەندىكى كۆلەڭگە

## ئىسمىڭنى يادلاپ ...

ناخشا ئېيتتىم زىمىستاندىمۇ،
جامالىڭغا بولۇپ ئىنتىزار.
گۈزەل دېگەن ئىسمىڭنى تۆگەل
قىلىن قارغا يازىمەن قاتار،
ئىللىتقىچە زېمىننى باھار.

كۆيلىرىنى ئاڭلاپ قۇشلارنىڭ،
ئۇي ئويلايمەن ئۇيچىدەك گويا.
گۈزەل دېگەن ئىسمىڭنى تۆگەل،
ۋاراقلارغا يازىمەن تىنماي،
قارىچۇقتەك رەڭ ئالغىچە دۇنيا.

تېرەكلەرنىڭ قاسراقلىرىنى
چۇشۇرىمەن تىرناقلىرىمدا.
گۈزەل دېگەن ئىسمىڭنى تۆگەل
تېرەكلەرگە ئويىمەن بىر - بىر،
ياش تولغىچە چاناقلىرىمدا.

ھەمراھ قىلىپ كەچكى شەپەقنى
مەن كىرىمەن گۈگۈم قوينىغا.
گۈزەل دېگەن ئىسمىڭنى تۆگەل
بارمىقىمدا يازىمەن قۇمغا
ئاي چىققىچە دەريا بويىدا.

## تەشۋىش

ئايدىڭ كېچە ئامرىقىم بىلەن
سەيلە قىلدىم چىمەن - گۈلزارنى.
تولۇن ئايدىن ئەيمىنىپ، بىراق
تال تۈۋىگە باشلىدىم يارنى.

ياپراقلارنىڭ يوچۇقلىرىدىن
تۆكۈلدى ئاينىڭ شولىسى.
ياپراقلاردەك پىچىرلىشىشقا
ئىككىمىزنىڭ يەتمەس چولىسى...

جىمجىتلىقتا ئايدىڭ كېچىدە
ئامرىقىمغا باقتىم ھەۋەستە.
خوشلاشقاندا، تەبەسسۇم بىلەن،
يارمۇ مەندىن ئايرىلدى تەستە.

بۈگۈن ئاخشام ئاسمانغا باقسام،
كۆرۈنمەيدۇ ئاينىڭ جامالى.
تال تۈۋىدە تۇرسام سائەتلەپ،
كەلمىدى يار، نەدۇر خىيالى؟

يارنى كۈتۈپ كۆڭلۈم پەرىشان،
ئۆزۈم خەستەك بولدۇم گوياكى.
تەشۋىشتىمەن، يارنىڭ كۆڭلىگە
قاراڭغۇلۇق ئوخشامدۇ ياكى؟

## ئېزىتقۇ سۆيگۈ

كۆيلىرىمگە ئالدانغان باھار
قويدى يازغا مېنى ئۆزۈتۈپ.
كۆزمۇ كەلدى، لېكىن كەتتى تېز،
ئۈستۈمگە چاڭ - توزان توزۇتۇپ.

ئۆز قوينىغا ئېلىپ مېنى قىش،
مۇز ياغدۇردى چېھرىدىن بىراق.
قايتىپ كەلسەم باھارغا يەنە،
ئاھ، دىلىمدا ياندى ئوت - پىراق...

تاپالمىدىم يوقاتقىنىمنى،
ئىزىپ يۈرۈپ پەسىللەر ئارا.
ئەپسۇس، ئەمدى كۆڭلىمگە مېنى
سىغدۇرمىدى بىرەر دىلرەبا.

**ئابلەت سادىق**

## مۇھەببەتتىن مۇھەببەتكە كۆچكەنلەر

سىناقلاردىن ساغلام، دىدىل ئۆتەلمەي،
مۇھەببەتتىن مۇھەببەتكە كۆچكەنلەر؛
ئوت ياققاندا پار - پۇر كۆيۈپ چاۋادەك،
ھايال ئۆتمەي ھۆل ئوتۇندەك ئۆچكەنلەر؛

سۆيگۈ دېگەن ئۇنداق ئەمەس، بىلسەڭلەر،
ئات تاپقىچە ئىشەك مىنىپ تۇرغاندەك.
مېھرى - ۋاپا، ئىنساپ، چەكسىز ساداقەت
قوغداپ تۇرار ئۇنى مەزمۇت قورغاندەك.

## سەن ئېسىمدىن چىقمىدىڭ، نىگار

- بىز ئايرىلىپ تۇرساقمۇ يىراق،
سەن ئېسىمدىن چىقمىدىڭ، نىگار.

ئۆزۈڭچىلا قېيداپ بەزەن،
«ئۇنۇت مېنى» دېگىنىڭ بىكار.

قانداق ئۇنتاي سېنى بىر يولى،
ئۇنتۇش شۇنداق ئاسانمۇ چۈشتەك؟...
سۆيگۈم ساڭا دەريادەك ئۇلۇغ...
تۇرساڭ چاقناپ تۈندە يۇلتۇزدەك.

يول يۈرگەندە تۇرساڭ ئالدىمدا،
تۇيقۇ بىلەن كىرسەڭ چۈشۈمگە.
ئويلىرىمنى كەزسەڭ ئارامسىز،
بىللە بولساڭ تاماق ئۈستىدە.

قانداق ئۇنتاي سېنى، ئەي دىلبەر،
سۆيگۈم شۇنداق پەسەيمەي تۇرۇپ.
ھەيران بولما، سېنى بىر چاغدا
سۆيگەنتىمغۇ سانسىز ئاھ ئۇرۇپ!

## سەن مۆكۈنسەڭ...

ئاي نۇرلىرى چۈشكەن چىمەندە
چىرمىشىۋالدى بىزنى خىياللار.
سەگىتەتتى ئىلھامىمىزنى
ناخشا ئېيتىپ يۈرگەن شامالار.

شامال تىنجىپ بىر پارچە بۇلۇت
توسىۋالدى ئاينىڭ يۈزىنى.
دېدى يارىم بۇ ھالنى كۆرۈپ:
«ئاي دالدىغا ئالدى ئۆزىنى.»

يارغا دېدىم: «ئىشەنمەيمەن ھېچ
تولۇن ئاينىڭ مۆكۈنگىنىگە.
ئاي مۆكۈندى دەيمەن پەقەتلا،
سەن مۆكۈنسەڭ گۈلنىڭ تۈۋىگە.»

## سېنى سورىمايمەن

سېنى سورىمايمەن ئايدىن، دىلبىرىم،
چۈنكى كۈندەشلىكى تۇتىدۇ ئۇنىڭ.
سېنى سورىمايمەن ياكى چولپاندىن،
چۈنكى رەڭگى ئۆچۈپ كېتىدۇ ئۇنىڭ.

سېنى سورىمايمەن قۇياشتىن پەقەت،
خىجىللىقتىن مۆكۈپ ئالار دالدىغا.
سېنى سورىمايمەن دەريادىنمۇ ھەم،
بىھوش بولۇپ ئېقىپ كېتەر دالىغا...

سېنى سورىمايمەن تاغلاردىن ئەسلا،
بولغار ئۇلار ئۇلۇغ ئامىگىنى يادلاپ.
سېنى سورىمايمەن شامالدىنمۇ ھەم،
ئۇلار چۆچۈپ قېچىپ كېتەر شاپاشلاپ.

سورايمەن سېنى، ئاھ، گۈل ياپرىقىدىن،
چۈنكى ياپراق ئاسرار گۈلنى ئەسلىدە.
سورايمەن سېنى مەن كۈمۈش شەبنەمدىن،
كۆرسىتەر ئۇ سېنى سۈزۈك قەترىدە.

دولقۇن روزى

## ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار

ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار،
توسۇن ئاتتەك يۇلقۇنۇپ تۇرسا،
قىيادىكى قىران بۈركۈتتەك
بورانلارغا كۆكسىنى ئۇرسا.

ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار،
تاغ سۈيىدەك ئېتىلىپ ئاقسا،
قىرغاقلارغا سۆيۈپ ئەركىلەپ،
چىمەنلەرگە باغرىنى ياقسا.

ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار
دەريا ـ دەريا سۆيگۈگە چۆمسە،
دولقۇنلاردەك كۆتۈرۈپ ئىسيان،
مىڭ رەت ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلسە.

ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار،
يانار تاغ بوپ يېلىنجىسا ئۇ،
ياش يۈرەكنى چوغدەك ياندۇرۇپ،
بېغىشلىسا ئىللىق بىر تۇيغۇ.

ياشلىقىمنى بەخباش دېمەڭلار،
سىلەر ئۆتكەن كۆۋرۈك ئىدىغۇ.
چەكلىمەڭلار، ئۇنىڭ باسقىنى
ئەجدادلارنىڭ باسقان ئىزىغۇ.

## ئەسلىدىم

كۆزلىرىمگە ھىجران ئۇۋۇا سالغاندا،
ياقا يىرتىپ، جانان سېنى ئەسلىدىم.
يۈزلىرىمنى يىللار تىرناقلىغاندا،
خىيال سۈرۈپ، ئارمان قىلىپ ئەسلىدىم.

كەچمىشلەرنىڭ ئاشۇ ئۇچقۇر شامىلى
زەڭگەر قانات قاققىنىدا ئەسلىدىم.
ماڭا بىر چاغ ھەمراھ بولغان بۇلاقلار
ئەمدى مۇڭلۇق باققىنىدا ئەسلىدىم.

بىرگە يۈرگەن مىسلى جەننەت چىمەنزار
قايتا قۇچاق ئاچقىنىدا ئەسلىدىم.
دىمىقىمغا ھەر بىر چېچەك ئۆزگىچە
خۇش پۇراقلار چاچقىنىدا ئەسلىدىم.

بەخباش شامال مېنىڭ بىلەن ئويىنىشىپ
يۈزۈم چىمداپ قاچقىنىدا ئەسلىدىم.
ماڭا بېقىپ گويا ئۈمىد يۇلتۇزى،
شولا چېچىپ چاقنىغاندا ئەسلىدىم.

ئەنۋەر ھوسەيىن

## شائىر كۆڭلى

چىچىمدەكلا قاپقارا كېچە،
خىياللىرىم ھەر ياقتا مېھمان.
تومۇزغىلار چىرقىرىشىدۇ،
يەنە كىملەر نەلەردە پىنھان...

خىياللىرىم تېرىيدۇ جەۋھەر،
قەلىمىمگە بەتلەر پايانداز.
قەلىمىمگە مىنگەن قوللىرىم
ئۈيقۇ قوغلاپ ئۇچقان چەۋەندار.

مانا ئەمدى شېئىرىمۇ پۈتتى،
تورغاي شوخا لەرزان چۇ-چۇلار.
شېئىرىمدەك گۈزەل تاڭ ئاتتى،
چاچتى قۇياش مەنچۇن چاچقۇلار...

ياسىن ئىسمايىل

## سۆيگۈ — خەزىنە

سۆيگۈ — بايلىق، سۆيگۈ — خەزىنە،
گۆدەكلەرچە ئۇنى چاچمىغىن.
ۋىجدان ئاڭا بولسۇن پاسىبان،
كەلسە - كەلمەس ئىشىك ئاچمىغىن.

ئويلىماستىن ئەگەر، ئەي جانان،
ۋىجدانىڭغا يەتكۈزسەڭ نۇقسان،
خارابىگە ئايلىنىپ كېتەر
ياشلىق بېغىڭ بولماي باراقسان.

## ئارمان

ئاي ئايلىنار يەرنى توختاۋسىز
كېچىلىرى ئۇيقۇدىن كېچىپ.
يەركۆڭلىدە ئايغا ئورۇن يوق،
ئۇ قۇياش دەپ يۈرىدۇ كېزىپ...

## مىاۋزۇۋسىز

جان تالىشىپ پىلتىڭلار بىلىق
قۇرۇق يەردە سۇغا كىرەلمەي.
بىر چۈمۈلە بوپ كەتتى غەرق
سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۈزەلمەي.

## مۇھەببەتكە تۇتۇپ قارىلىق

شوخ كۆزۈڭدىن ئوت چاچمىغىن، جانانىم،
يۈرىكىمنى ياپراق كەبى تىترىتىپ.
تاش يۈرەكلەر قەلبىمىزنى چۈشەنمەي
ئايرىۋەتتى بىزنى زورلۇق ئىشلىتىپ.

ئۆتكەن كۈننى ئەسلىمەيلى، بولدىلا،
بولۇپ قالدۇق ئىككىلىمىز باللىق.
بۇ دۇنيادا ئۆتەيلى بىز مۇشۇنداق
مۇھەببەتكە تۇتۇپ مەڭگۈ قارىلىق.

## قىسقا قىلغىن كېچىنى

ۋىسالىڭدىن قالسام يىراق، ئوماق يار،
بىر ئەسىردەك تۇيۇلىدۇ كېچىلەر.
كۆزلىرىڭدىن نۇر ئىچكەندە كۆزلىرىم،
ئۇزۇن كېچە دەقىقىدەك بىلىنەر.

يارىلىپسەن ۋاقىتقىمۇ شاھ بولۇپ،
بىلىپ يەتتىم ئاخىر بۇنىڭ سىرىنى.
يەتسەڭ ئەگەر پاك قەلبىمنىڭ قەدرىگە،
قىسقا قىلغىن مېنىڭ ئۈچۈن كېچىنى.

## ئايرىلغىنىمىز بولسىمۇ يىراق...

جانغا ھۇزۇر تاڭنىڭ شامىلى
يۈرىكىمنى ئۆتەر سەگىتىپ.
كۆز ئالدىمدا بولسەن پەيدا،
گۈل يۈزلۈكۈم، ناز - جىلۋە قىلىپ.

ئايرىلغىنىمىز بولسىمۇ يىراق،
مەن ياشايمەن شۇنچە بەختىيار.
چۈنكى، تاڭنىڭ شامىلى مېنى
ھىدىڭ بىلەن قۇتلايدۇ، نىگار.

ئۆمەرجان توختىروزى

# ئىككى شېئىر

## ئۆمۈر گۈلى كۆكلەر ئاشۇنداق

بۇ ئالەمگە يارالدىممۇ بەس،
مەن شېرىكمەن ھەممىگە تەڭلا.
كۆڭلۈم ھەر چاغ شادلىققا مايىل،
ھەسرەتنىمۇ قايرىۋەتمەڭلار.

دۆۋۈنتىدە قۇچماي چارە يوق
لەززەتنىمۇ، ئاچچىق غەمنىمۇ.
گەر بىلگىنىڭ لەززەتلا بولسا،
ھېس قىلماق تەس شادلىق دەمنىمۇ.

بىر - بىرىنى تۇغۇپ غەم - شادلىق،
توخۇ بىلەن تۇخۇمدەك گويا.
ھەرخىل رەڭدە تۇرىدۇ بالقىپ،
ئەسلى قاردەك ئاپئاق بۇ دۇنيا.

بولما، دوستۇم، ئارتۇق ئاۋارە،
لەززەت ئىزدەپ، غەملەرنى يەكلەپ.
ئۆمرۈڭ گۈلى كۆكلەر ئاشۇنداق
گاھ سارغىيىپ، گاھى چېچەكلەپ.

## يەر كۆرسەتتى

كۆككە چىقىپ بۇلۇتنى سۆيدۈم
ئىشقىم بىلەن، مەھكەم قۇچاقلاپ.
بۇلۇت ئېرىپ باغرىمدا بىردىن
يامغۇر بولۇپ چۈشتى تاراسلاپ.

ئاشۇ سانسىز تامچىلار شۇئان
سىڭىپ كەتتى ساغۇچ زېمىنگە.
يەر كۆرسەتتى يېشىل بىخلارنى،
جېنىم سىغماي كەتتى تېنىمگە.

مۇقارىپ يەھيا

## تۆت پەسىلدىن قالدى كەچمىشلەر

باھار بولۇپ ھەر بىر قەدىمىڭ
يۈرىكىمگە چاچتى ئاق چېچەك.
تىۋىشىنى ئاڭلاپ كۆلكەڭنىڭ
تۈنجى سۆيگۈ قايرىدى لىچەك.

ياز بوپكەلدىڭ، گۈل بولۇپ كەلدىڭ،
بۇلبۇل بولۇپ تەلمۈردۈم ئۇزاق.
ھىدلىرىڭغا بۆلەندىم بىھۇش،
كۆزلىرىمدە ئوخچۇپ ئىشتىياق.

كۈز بوپكەلدىڭ، پىشتىم سېنى دەپ
جىنەستىدەك سارغايتىپ ياپراق.
قالدى ئۇندا قەدىم ئاھاڭدەك،
كۆيگەن ئارمان، ئەبەدىي پۇراق.

تىنىقلىرىڭ سوغ شامال كەبىي
پېشانەمگە ئۇرۇلدى بىۋاق.
ياپراقلارنى ئۆزۈڭ سارغايتىپ،
بەرگىسىدىن تاشلىدىڭ يىراق؛

قىش بوپكەلدىڭ، قوينۇڭدا يېتىم
ياپراقلىرىم قالدى قەبرىسىز.
گۈل چەمبىرەك قويدى پەقەتلا
قىرووۇلىرىڭ كېلىپ سۆيگۈسىز.

ئاھ! نېمىدەي بۇ ياش سۆيگۈمگە،
تۆت پەسىلدىن قالدى كەچمىشلەر.
كۆلمەي بىر رەت ئىشقى تىلىكىم،
يۈرىكىمنى سۆيدى تەشۋىشلەر.

كىم سورىسا، سورىسا كىملەر،
شۇ داستاننى سۆزلەيمەن غەمكىن.
چۈشلىرىمدە يۈرىدۇ پەقەت
ئەس ـ ھوشۇمنى ئەپقاچقان قەددىڭ.

مۇھەممەتسالى مەترۇزى

## قۇرۇغان ياپراق

خاتىرەم قېتىدا تەنھا، مۈگدىنىپ،
تۇرۇپتۇ ياپپېشىل قۇرۇغان ياپراق.
چۈشىدۇ قاچانلا كۆرسەم يادىمغا،
گۈلباغدا يار بىلەن ئايرىلغان شۇ چاغ.

ياپپېشىل گۈل بەرگىدىن ئۈزۈپ ياپراقنى،
«سوغىتىم بوپ قالسۇن» دېگەندى يار.
تۇرۇپتۇ تا بۈگۈن ياپپېشىل پېتى،
ئۇنىڭدا تۈگىمەس بىر ئىپار ھىد بار...

يىل ئۆتتى قوغلىشىپ، قۇرۇدى ياپراق
تۈگىدى ئۇنىڭدا ھاياتلىق، بىراق.
بىلمىدىم، قەلبىمدە بارار ياشىرىپ
ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان گۈزەل ئىشتىياق.

## دولقۇنلار باش ئۇرار خادا تاشلارغا

دولقۇنلار باش ئۇرار خادا تاشلارغا،
سۆيۈشكە قىرغاقنى تەلپۈنۈپ شۇ دەم.
چۈش كۆرەر بىخەۋەر قېيىقچى بوۋاي،
(ياشلىقى چۈش ئىچرە بولغاچ مۇجەسسەم...)

دولقۇنلار باش ئۇرار خادا تاشلارغا،
ئۈستىدە سەيلىگاھ...
سۈرىدۇ ھايات.
دولقۇنلار كۆكسىدىن قۇياش قىزىنى—
قېيىقچى يىگىتكە تۇغار كائىنات...

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم (ئوقۇغۇچى)

## گۈلگە قاراپ...

تەبەسسۇم ئىلكىدە قارايمەن گۈلگە،
شۇ گۈللەر قىلغاچقا مېنى مەھلىيا.
زوق بېرەر دىللارغا چاقناپ جىلالىق،
تارىتار خۇش پۇراق ئەنبەردەك گويا.

قويىنى كەبى يۇرتۇمنىڭ گۈزەل سىماسى
شۇ گۈللەر ھۆسنىدە ئەكس ئېتىدۇ.
ھېسلىرىم بۇلىقى فونتاندەك تېشىپ،
گۈزەللىك جامىغا ئېقىپ كېتىدۇ.

ئاشۇ گۈل بىلگەچكە گۈلچى ئەجرىنى،
ئېچىلىپ ھۆپپىدە چاچار خۇش پۇراق.
گىياھلار ئىچىدە بولسىمۇ كۆركەم،
ئۇ ھامان كۆرەڭلەش، مىننەتتىن يىراق.

ئارمىنىم قالمايتتى چاچسام خۇش پۇراق
مەنمۇ شۇ گۈللەردەك خەلقىم قەلبىگە،
ئېچىلىپ چىرايلىق، ھۆسنۈمگە تولۇپ،
ياراشسام نۇرانە گۈزەل دەۋرگە.

**«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ!**

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئىسلاھات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ. مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مول، كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە، جانلىق ۋە تېتىك بولۇش شەكىللىرى ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا، مۇشتەرىلەرگە ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتى، ئىسلاھات، قۇرۇلۇش نەتىجىسىنى، تەرەققىيات مەنزىرىلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى قەھرىمانانە ئىشلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ «چولپان» ئەدەبىيات بېتىدە ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىش بىلەن بىللە «يۇرتىمىز تارىخىدىن»، «مەشھۇر زاتلار»، «ئۆچمەس مىراس»، «كۆزنەك»، «سۆزلۈك بۇلاق» ۋە «ماياك» قاتارلىق كۆپ خىل سەھىپىلەر ئېچىلغان. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ھەپتىدە ئالتە سان چىقىدۇ، ئۇيغۇرچىسى پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. 1989 - يىلى 1 - يانۋاردىن ئېتىبارەن ئايلىق باھاسى 2.20 يۈەن، پارچە باھاسى توققۇز فۇڭ بولىدۇ.

**دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65-0031/2.**
**پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 31 — 57.**
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.



زۇنۇن تاھىر

# بويتاق

(ھېكايە)

تاك سوزۇلۇپ، كۆكتىكى يۇلتۇزلار
ئەمدىلا تارقاشقا باشلىغاندا، بەدىردىن باق-
قال كونىدىكى ئادىتى بويىچە ناخشا توۋ-
لىغىنىچە شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى كوچىغا
جايلاشقان بازارغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ
قاچانلاردا كىلىپ دۇكان ئاچىدىغانلىقىنى
كۆرۈپ باققان تېخى بىرەر سېتىقچى بول-
مىسىمۇ، تاقاپ ماڭغىنىنى كۆرىدىغان بىر-
قانچە ئۇلپىتى بار. ئۇ، ئاخشام يېرىم كې-
چىگىچە هاراق ئىچىپ، ئۆيىگە ئېشەك
هارۋىسىنى كىرا قىلىپ كەتكەنىدى.
بەدىردىن ناخشىنى ئېيتقىنىچە گەر-
بىن تاختايلار بىلەن ئۆزى مىخلاپ ياسى-
ۋالغان دۇكىنىنى ئاچتى. ئارقىدىن ماك-
چىيىپ كەتكەن چېلەكتىكى سۇنى دۇكان
ئالدىغا چېچىپ، كۆتەككىلىشىپ كەتكەن
سۈپۈرگە بىلەن دۇكاننىڭ ئىچى-تېشىنى
پاكىز سۈپۈردى. سېۋەتتىكى ئالمىلارنى
سىرتقا ئېلىپ چىقىپ، دۇكاننىڭ ئىككى
تەرىپىگە غاز قانىتى قىلىپ يايدى. يې-
رىملاپ قالغان سېۋەتلەرنى ئىقلىدى. ئۇ،
قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولغانىدەك ئۇلۇغ-
كىچىك تىنىۋېتىپ، موخۇركىدىن بىر بو-
رام يۆگىدى. پۇتلىرى لاكاسلاپ قالغان
تەۋرەتكە ئورۇندۇقنى دۇكان ئىچىدىن
ئېلىپ چىقىپ ئولتۇردى-دە، تاماكىسىنى
تۇتاشتۇرۇپ، ئاۋازىنى قويۇۋېرىپ،
ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى:

ناخشامنى ئېيتاي دېسەم
شوخ سازىمنىڭ تارى يوق.
بويتاق باللار پۇل تاپار،
خوتۇن بىلەن كارى يوق.

«ئۇھ... ئەجەب ئېسىل ناخشا-دە،
كاساپەت، ئېيتسام-ئېيتسام قانمايمەن»
بەدىردىننىڭ هاردۇقى چىققاندەك بولدى.
ئۇ، پۇتلىرىنى سىنگەشتۇرۇۋېتىپ، كانى-
يىنى بىر قىرىۋەتتى-دە، دۇكىنىنىڭ كەي-
نىدىكى دېرىزىلىك ئۆيلەرگە قاراپ ئۆزىچە
ھىجايدى ۋە:
— هاي! شېكەر بىلەن بەسلەشكەن،

ھەسەل بىلەن قەستلەشـكەن،ــ بەدىـردىن
سـول قـولىـنى كاناي قىلىـپ بار ئاۋازى
بىلەن ۋارقىردى،ــ بويـتاق باللار يەيـ
دىغان ئالما ماۋۇ ئاغىنىلەر. خوتۇن خەقـ
نىڭ ئەتكەن چىيىنى كوركىرىـتىپ ئىچىشـ
مەي، مانا ماۋۇ ئالمىدىن يەۋال، ئاغزىڭغا
تېتىمسا دەيدىغىنىڭنى دەۋال. ھاي! ھازىر
بار، بىزمان يوق، ئىككىنى يىيسەڭ قورـ
سىقىڭ توق،ــ ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقلاردىن
كېلىۋاتقان خورازلارنىڭ قىچقىرىشى، ماـ
شىنا، تراكتورلارنىڭ گۈركىرەشلىرىنى بېـ
سىپ كەتتى. ھايال ئـۆتمەي ئۆيـلەرنىڭ
چىراغلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ياندى.

ــ قانداق نېمەسەنۋي؟ ــ ئاسما مايكا،
پۇشقىقى تىزىدىن ئاشىدىـغان تامبال كىـ
يىۋالغان بىر ئادەم قورۇنىڭ دەرۋازىسىدىن
چىقىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە بەدىردىنگە
ۋارقىرىدى،ــ سىنىڭ دەردىڭدە كىشى ئاـ
رامخۇدا ئۇخلىيالامدۇ زادى؟

ــ خاپا بولمىساڭا،ــ دېدى بەدىردىن
تاماكىسىنىڭ كـۈلىنى ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ
تىرنىقىدا قاققاچ،ــ توخۇلارنىڭ قونداقتىن،
مەزىنلەرنىڭ پەشتاقتىن چۈشكىنىگە نىكەم،
يەنە ئۇخلىساڭ ئاچچىقىدا ئۆگزەڭ چۈشۈپ
كەتمىسۇن يەنە.

ــ ئۇنۇڭ ئۆچسۇن، ئىلاھىم!ــ غەزەپ
بىلەن چىـقىقان ئادەم تامبىلىـنى كـۆچەپ،
كۆتۈرۈپ، ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. بەـ
دىردىن يەنە ۋارقىراشقا باشلىدى.

ــ ھاي! شېكەر بىلەن بەسـلەشـكەن،
ھەسەل بىلەن قەستلەشكەن...

ئۇنىڭ ۋارقىرىـشى تېخى ئاخىرلاشـ
ماستىن كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۆت ماشىنا
قاتار توختىدى. بۇ چاغدا تاڭ پۈتۈنـلەي
يورۇپ كەتـكەنىدى. بەدىردىن چېلەكلىـ
رىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تۆت شوپۇرلى
كۆرۈپلا تارازىنى قولىغا ئالدى.

ــ كېلىڭلار خېرىـدار، مانا مۇشۇنداق
ئالما بۇ،ــ بەدىـردىن تارازىـنىڭ تېـشى
بىلەن تارازىنىڭ تەخسىسىگە تاراڭشـتىپ
ئۇرۇپ، ئالمىسىنى داڭلاشـقا باشـلىدى،ــ
ھەربىر تۈپـتىكى سەرخىل ئالمـىلارنى يىـ
گىتلەرنىڭ سەردارى بويتاق باللار بىرـ
بىردىـن تالـلاپ ئۈزۈۋالـغان، تىرناقـتەك
زىـدە، چېكىتـتەك دېـغى يـوق ئالما بۇ.
كۆزۈڭ بولسا تونۇۋال!...

ئـۇنىڭ ئاغـزى بېسىقمايـدىغانلىقىغا
كۆزى يەتكەن بىر شـوپۇر ئالمىنىڭ باھاـ
سىنى سورىدى.

ــ مانا، ماۋۇ سېۋەتـتىكى 90 تىيىن،
ئاۋۇ سېۋەتتىكى 80 تىيىن، ئۇنىڭ نېرىـ
سىدىكى 70 تىيىن...ــ بەدىردىن تىنىۋېـ
لىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن سەككىز سېۋەتتىكى
ئالمىنىڭ باھاسىنى بىر باشتىن دەپ چىقتى.
شوپۇرلار ھەرقانـچە تالىشىپمۇ ئالمىلارنىڭ
باھاسىنى چۈشۈرەلمـىدى. شـۇنىڭ بىلەن
ئىلاجىسىز ئـۇنىڭ دېـگىنىگە كـۆنۈپ، ھەر
بىرى 20 - 30 كىـلوگرامدىن ئالما ئالدى.
ئەڭ ئاخىرقى بىرسىگە 30 كىلوگرام ئالما
تارتقاندا، 50 گرام ئېـشىپ كەتتى. بەـ
دىردىن ئارتۇق بېرىۋېتىشكە كۆزى قىيماي،
تارازىـدىكى ئالمىدىن چوڭـراق بىرسىنى
ئېلىۋېتىپ، سېۋەتتىكى كىچىكرەك ئالمىدىن
بىرنى ئورنىغا سالـدى. ئـۇمـۇ 50 گرام
ئېـغىر چىقتى. بەدىردىن ئۇ ئالمىنى ئېـ
لىۋېتىپ، يەنە بىر كىچىك ئالمىنى سالماقچى
بولۇۋاتقاندا، خېرىدار ئاچچىقلانغان ھالدا:

ــ نېمـىـلەرنى قىلىۋاتـىسىز؟ ــ دەپ
سورىدى.

ــ 50 گرام ئارتـۇق كەتتى،ــ بەـ

دىرىدىن قولىدىكى ئالمىنى سالغاچ جاۋاب بەردى، — بىز دېگەن بويىتاق، گىرام نېرى-بېرى قىلماي توپتوغرا تارتىپ بەرمىسەك قىيامەتتە سورىقى بولىدۇ دەگە.

— بويىتاق بولغاندىن كېيىن، — شوپۇر نېمىشقىدۇر گەپ ئارىسىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن كۈلۈۋەتتى، — 50 گىرام ئەمەس، بەش كىلوگىرام ئارتۇق تارتىپ بەرسىڭىزمۇ بولار؟...

— بويىتاقچىلىقتا ئۇنداق ئىش يوق! — بەدىردىن ئەتراپىدىكى دۇكانلارغا قاراۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — ئەلنىڭ باللىرى ئۇخلاۋاتقاندا كۆزۈمنى يىرتىپ-ئېچىپ كېلەيۇ، يەنە 50 گىرام ئارتۇق تارتىپ بېرەمدىم؟ ئوقەت دېگەن ئۇنداق بولمايدۇ. بويىتاقچىلىقتا بىزگە قالىدىغىنىمۇ ئەنە شۇنداق 50 گىرام، 70 گىرام دېگەندەك بويىتاق گىراملار.

— بولدى، ئالمايلا قوياي، — شوپۇر چېلەكتىكى ئالمىلارنى بەدىردىننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— ئالمىسىڭىز ئالماڭ، — بەدىردىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ، چېلەكتىكى ئالمىلارنى سېۋەتكە قاچىلاشقا باشلىدى، — كۆڭلىڭىز ئاشۇ 50 گىرام ئالمىغا قاراشلىق بولسا... — ئۇ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋېتىپ، ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇڭشىدى.

يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى دەرەخنىڭ ئۇچىغا چۈشۈپ، يوپۇرماقلار تېخىمۇ پارقىراق تۇسكە كىرگەنىدى. بەدىردىننىڭ خېرىدارلىرى بايىقىدىن ئازلاپ كەتتى. ئۇ، يېرىملاپ قالغان سېۋەتلىرىگە يەنە ئالما توشتۇرغاندىن كېيىن، دەسمال بىلەن سېۋەتنىڭ ئۈستىدىكى بىر قۇر ئالمىنى سۈرتۈپ پارقىراتتى. ئاندىن موخۇركىدىن يەنە بىر بۇرام يۆگەپ، راستە مەززە بىلەن چەكتى: «پاھ، بۈگۈنمۇ ئوبدان سودا بولدى!» دەپ ئويلىدى ئۇ. تاماكىنى كالپۇكىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قىستۇرغاندىن كېيىن، بېشىدىكى مايلىشىپ كەتكەن كۆك كەپكىسىنى ئاۋايلاپ ئالدىغا ئېلىپ (ئۇ بۈگۈنكى سودىدا چۈشكەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى كەپكىسىنىڭ ئىچىگە سېلىۋالغانىدى)، «مانا، ئاز بولغاندىمۇ 30 سوم پايدا بار دېگەن گەپ. مانا، بويىتاقچىلىقنىڭ خاسىيىتى. ئەگەر خوتۇن بولىدىغان بولسا، خەققە ئوخشاش تېخىچە ئورنۇمدىن تۇرالمايتتىم، — ئۇ، پۇللارنى ئىلەشتۇردىيۇ، سانىماستىنلا كەپكىسىنى يەنە باستۇرۇپ كىيىۋالدى، — سانىسام بەرىكىتى ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئۆيۈمدە كۆزىنى قىزارتىدىغان خوتۇن بولمىغاندىن كېيىن، كەچتە بىراقلا ساناي...»

بەدىردىن قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، تىللاخاننىڭ چايخانىسى تەرەپكە قارىدى، ئالدى تەرمە قىلىپ ياسالغان بۇ چايخانىنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئادەم ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتاتتى.

«قىپقىزىل جازانىخور، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى يەرگە تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئىچىدە تىللاخاننى قاغاپ، — بىر چىنە ئەتكەن چېيى 30 تىيىن، نېنى 20 تىيىن، بىر قېتىم قورساق تويغۇزۇشقا 50 تىيىن كېتىدۇ. ھەي، ئاخشام ھېلىقى ناسىر گەكسى، ئادەمنى مەست قىلىپ قويۇپ، بىكاردىن-بىكارغىلا سەككىز سوم پۇلۇمنى خەجلىتىۋەتتى-دە، ئۇنى ئاز دەپ، كىچىك بالا چالما ئاتسا يېتىدىغان ئۆيۈمگە ئېشەك ھارۋىغا ئىككى سوم كىرا قىلىپ كەتكە-

نىمچۇ؟ پىيادە كەتسەممۇ بولاتتىغۇ. ئۇ پۇللارنى خەجلىمىگەن بولسامغۇ كاشكى، چاينى ئىچسەم ئىچمۇيرەتتىم. ئەمدى 10 - 20 كۈن كۈندە قۇرۇق نان يەپ، قايناقسۇ ئىچسەم، ئاخشام خەجلىگەن پۇلۇمنى تىرىلدۇرۇۋالىمەنكەنمەن. خەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ گەكسىنىڭ كەينىگە كىرىدىغان بولسام، بويىتاق بولماي كېتەرمەنا».

بەدىردىن ئەتىگەن ئۆيىدىن ئېلىۋالغان قۇرۇق ناننى يانچۇقىدىن چىقىرىپ كوچەپ چايناشقا باشلىدى. ئىككى چىشلەم يۇتۇۋىدى، گېلى قۇرۇپ، نان تەستە ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆزى بىردىن ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئاپوروت ئالمىلارغا چۈشتى: «پاھ ئالما بىلەن ناننى ئارىلاشتۇرۇپ يېسە، قانداق ياخشى-ھە؟» بەدىردىن راست قىزىرىپ پىشقان سىركاي چىنىدەك بىر ئالمىنى قولىغا ئېلىپ، ئاغزىغا ئاپاردى-يۇ، بىردىن توختاپ قالدى. ئارقىدىن قولىدا دەڭسەپ كۆرۈپ، يەنە قويۇپ قويدى. «بولمايدۇ بەدىردىن،— ئۇ ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىدى،— ئاز بولغاندا 300 گرام كېلىدۇ. شۇنداقلا يېرىنىڭ، 30 تىيىن كەتتى دېگەن گەپ. پۇل تاپمىغان دەپ بويىتاق ئۆتتۇۋاتقىنىڭ يادىڭدىن چىقتىمۇ؟ قىينالساڭمۇ، ياخشىسى، يېمە. قۇرۇق بولسىمۇ، ناننى چايناۋەرسەڭ بىر گەپ بولىدۇ» ئۇ قولىدىكى نانغا بىر قاراپ قويۇپ، يەنە كوچەپ چىشلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بەدىر!— بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بەدىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. قارشىسىدا مۇزدۇزلۇق قىلىدىغان ناسىر دۇكىنىنى ئېچىۋاتاتتى. بەدىردىن ئۇنىڭ دومچەك گەۋدىسىنى كۆرۈپ، يەرگە قارىۋالدى.

«ئىلاھىم گەۋدەڭ تېخىمۇ پۈكۈلۈپ، بېشىڭ چاتىرىقىڭدىن چىقىپ قالار، خەقنى بالاغا ئىتتىرىدىغان گەكسى. سالام بەرگۈچە، تونۇگۈن خەجلەنگەن پۇلۇمنى بەرسەڭچۇ، كاشكى» بەدىردىن ناسىرنى ئىچىدە مىڭنى تىللاپ، نېنىنى چايناۋەردى.

— ھەي... بەدىر،— ناسىر قولىنى كۆكسىگە ئالغىنچە سەل ئېگىلىپ، تېخىمۇ ئۇنلۇك توۋلىدى،— ئەتىگەندە ساڭا خۇدا يولىدا ئېگىلىپ سالام قىلىۋاتىمەن، مىجەزىڭ قانداق؟

ناسىر بەدىردىننىڭ پۇل خەجلەپ ھاراق ئىچكەن كۈننىڭ ئەتىسى مۇشۇنداق جىمىقىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا مۇزدۇزخانىسىنىڭ پاكار ئىشىكىنى ئۆلۈق ئېچىۋېتىپ، ئۆز ئەھۋالىنى سۆزلەپ كەتتى:

— ئاخشام قاتتىق ئىچىۋېتىپتىمەنكەن ئاداش، مۇشۇ تۇرقۇمدا بېشىم توڭلا جۇمۇ. كېچىچە سوغۇق سۇ دېگىنىڭنى چۆمۈچلەپ-چۆمۈچلەپ ئىچكەن گەپ. مۇشۇ تۇرقۇمدا گېلىمدىن سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ. ياللا ئاداش، قاتتىق نان يەۋاتامسەن-نېمە؟ تۇرقۇڭغا قارىغاندا مىجەزىڭ...؟

ئەل-ئاغىنىلىرى بەدىردىنگە «قاتتىق» دېگەن لەقەم بىلەن چاقچاق قىلاتتى. بەدىردىن بۇ لەقەمنى ئىنتايىن ئېغىر ئالاتتى. كىمنىڭ ئاغزىدىن «قاتتىق» ياكى «تاش»، «تۆمۈر» دېگەندەك گەپ چىقىپ كەتسە، ئۇ، شۇ زامان تىل سالاتتى.

ناسىرنىڭ ھازىر قىلغان «قاتتىق» دېگەن گېپى بىلەن بەدىردىننىڭ نېپىز لېۋى پۇرۇلۇپ، شالاڭ قاشلىرى بىر يەر-

گە يېمىرىلدى، لان تۇتۇپ تۇرغان قولى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى.

— سۇۋادان تېرەكتەك تۈپتۈز، — بەدىردىن چايناۋاتقان لېۋىنى قىيىنلىپ يۇتۇۋېتىپ، ناسىرنىڭ گېپىنى زەردە بىلەن بۆلدى، — خۇدا ئەگرى-توقايلىقنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئاتا قىلغاندىن كېيىن، بېشىڭغا كەلگەننى تارتماي چارەڭ يوق-تە.

«چىدىماس، — ناسىر بەدىردىننىڭ سۆزىگە گەرچە ئاچچىقلانمىغان بولسىمۇ ئىچىدە غۇڭشىدى، چۈنكى ئۇنىڭ «قىڭغىر» دېگەن لەقىمى بار ئىدى، — ياخشى نىيىتىم بىلەن ئەھۋال سورىغىنىمغا جىسمانىي ئەيىبىمنى چىشلەپ تارتاتتىڭمۇ؟ قورسىقى تار ئادەملەر باشقىلارنىڭ جىسمانىي ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئوغۇل بالا بولساڭ، ۋۇجۇدۇمدىكى قىڭغىرلىقنى سۆزلە، گالۋاڭ قاتتىق!...»

بەدىردىن ناسىرنىڭ بىر ئېغىز گەپ بىلەن جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئېيتقۇسىز خۇش بولدى. پۈتۈن خاپىلىقلىرىنىڭ ئورنىنى مانا ئەمدى غالىبلارچە تەكەببۇرلۇق ئىگىلىدى. ناسىر ئۇنىڭ گېپىگە ئېغىرراق بىر تىنىپمۇ قويماستىن، دۈكىنىدىكى سايمانلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

بەدىردىنمۇ ئالمىسىنى يەنە داڭلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھاي! شېكەر بىلەن بەسلەشكەن،
ھەسەل بىلەن قەستلەشكەن...

بەدىردىننىڭ سودىسى ئەتىگەندىكىدىن سۇسلىشىپ قالدى. ئۇيقۇسىزلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق، كۈچىنىپ ۋارقىراشلار بىلەن بەدىردىنگە ھاردۇق يەتتى.

گەرچە كۆز پەسلىنىڭ دەسلەپكى ئايلىرى بولسىمۇ، كۈن تىكلەنمەستىنلا ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىپ كەتتى، بەدىردىن ئۆتكۈر كۈن نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، دۈكىنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. تولا سۇ چېچىپ كۆكىرىپ كەتكەن زەي يەرگە يانپىشىنى چاپلاپ، ئۈستى-ئۈستىلەپ دەستىلەپ قويۇلغان قەغەز يەشىككە يۆلەندى. ئۇنىڭ كۆزى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ياش ئەر-خوتۇنغا چۈشتى. ئايال نېمىنىدۇر سۆزلەۋاتاتتى، ئەر ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ماقۇللۇقىنى بىلدۈرەتتى.

«ئاۋۇ مازنى، — بەدىردىن ئەر كىشىنىڭ باش لىڭشىتىشىنى ياراتمىدى، — شۇنچىۋالا خەقنىڭ ئارىسىدا نومۇس قىلماستىن، خوتۇنى نېمە دېسە سەتلىشىپ ماقۇل دەۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان! مۇشۇ كۈندىكى خوتۇنى بار ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىگىرى يوق! بولمىسا خوتۇن خەقتەك بالا-قازانى بېقىپ يۈرەمدۇ؟ مانا، بويتاقلاردەك نوچىسى يوق. نېمە تاپساق ئۆزىمىزنىڭ، تەڭ شېرىك بولىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۆزىمىز بەگ، ئۆزىمىز خان»

ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن بەدىردىننىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىندى.

«بىر، ئىككى، تۆت، ئالتە، سەككىز، سەككىز، مانا ماۋۇ ئون دانە مانتا!...» يېنىدىكى مانتىپەزنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ئاھ! ئاش مانتىدىن ھېچ بولمىغاندا ئونىنى يەۋالسام-ھە؟» بەدىردىننىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلگەندەك بولدى.

«ئىككى سوم خەجلەپ ئون مانتا يېسەم قانداق بولار؟ قاراپ تۇرۇپلا يانچۇقۇمدىكى پۇلنى خەقنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ

بەرگەن بولمامدىم. ئاشۇ جازانىخورنىڭ مانتىسىنى يېگەندىن شۇ پۇلنىڭ يېرىمىغا كۆش ئالسام نەچچە تاماق بولمامدۇ؟» بەدىردىن ئۆزىگە ئۆزى هاي بېرىپ، كۆزىنى ئەمدىلا يۇمۇپ تۇرۇۋىدى، تاۋۇزچىنىڭ:

— هاي، يۈرەكنىڭ دورىسى تاۋۇز، تىلىمى بەش تىيىن، ئاغزىڭ يەتمەي كۆزۈڭ ئالىيىپ كەتسە، مەن ئىگە ئەمەس ئاغىنىلەر! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

«هەي، ئاشۇ تاۋۇزدىن ئىككى تىلىم يەۋالسام، ئۆرتەپ كېتىۋاتقان يۈرەككە داۋا بولماسمىدى!» بەدىردىن يەنە خىيالغا پاتتى: «يالغان، قاشتەك تىلغان تاۋۇزنى باشتەك تىلدىم دەپ، ماختىنىۋېرىدىغان نېمە ئۇ. قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان ساختىپەزنى كىم بىلمەيدۇ؟ تاۋۇزى قىزىلدەك تۇرغان بىلەن، خىمىيە ئوغۇت بەرگەن، يېسە قورساقنى ئاغرىتىدۇ...» بەدىردىن ئەنە شۇنداق ئۆزىگە ئۆزى هاي بېرىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

* *

— قاچانغىچە ئۇخلايسەنۇي، بەدىر؟ — ناسىر كۆتۈرۈپ كىرگەن يوغان بىر تاۋۇز بىلەن بىر نان، بەش مانتىنى قەغەز يەشىكنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن، بەدىردىننى سىلكىپ، — كۈننىڭ دەرەخ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكىنىگە نېكەم، هەرقانچە قاتتىق ئۇيقۇ بولسىمۇ ئەمدى يۇمشىغاندۇ؟

— ئاناڭنى... ئەگرى قوزۇق، — بەدىردىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ئورنىدىن تۇردى، — ساڭا ئوخشاش ئېگىك نېمىلە...

— كۆپمىگىنەۋۇي! — ناسىر ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، جايىدا ئولتۇرغۇزدى، — ۋۇي، جېنىمغا ئىچى ئاغرىمايدىغان قاتتىق، هېچنەرسە يېمەي ئاغرىپ قالمىسۇن دەپ، ئاۋۇلارنى ئالغاچ كەلدىم ساڭا، يەنە خىجىل بولماستىن تىللايسەنغۇ؟

— هى...هى...هى...! — بەدىردىن تاۋۇز بىلەن مانتىدىن كۆزىنى ئېلىپ، ناسىرغا قاراپ هىجايدى، — هەرقانداق ئەگرىنىمۇ تۈزەيسەن جۇمۇ، مۇشۇ يەرلىرىڭنى دېمىسەم، سىڭىڭدەك خوتۇنى بار نېمە بىلەن كىم ئاغىنە بولىدۇ؟ — ئۇ، سۆز ئارىسىدا يانچۇقىدىكى بەكىنى ئېلىپ، تاۋۇزنى ئىككىگە بۆلدى، بىرىنى ناسىردىن قاچۇرغاندەك ئوڭ تەرىپىگە قويۇپ، بىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئويدى. ئاندىن ئۇنى پىچاقنىڭ ئۇچى بىلەن سانجىپ ئېلىپ، ئاغزىغا سالدى.

— پاه! — دېدى ئۇ ئاغزىدىكىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇقلىرىنى يەرگە پۈركۈۋېتىپ، — ئۇسساپ ئۆلەيلا دېۋىدىم، تاتلىق تاۋۇزكەن جۇمۇ، خىمىيە ئوغۇت كۆممىگىنىنى ئاپسەن-دە.

ناسىر ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن «ئالدىڭدىكى مانتا، ئانلارنىمۇ يە» دەپ ئىشكىدە ئىما قىلدى. بەدىردىن تېخىچە هورى ئۆرلەپ تۇرغان مانتىدىن بىرنى ئالدى، يېرىمىنى بىراقلا چىشلىۋىدى، سۈيى كۆڭلىكىنىڭ ئالدىغا ئېقىپ چۈشتى. مانتا شورپىسىنى ئالقىنىدىلا ئېرتتى، قولىدىكى تاۋۇز سۈيى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ ئالدى تېخىمۇ داغ بولدى.

— پاه، قۇيرۇق مايدىلا ئېتىپتۇدە! — دېدى ئۇ ئاغزىدىكى مانتىنى يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، — دورا-دەرمەكمۇ ئېتىپتۇ. قولىنىڭ تەمى بار جۇمۇ.

— هۇيت ئاكا، ئالمىڭىزنى قانداق ساتتىڭىز؟ — 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر

ئايال دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى.

ئاخىرقى مانتىنى ئەمدىلا چىشلىگەن بەدىردىن ئاغزىدىكىنى ئالدىراپ يۇتۇۋېـ تىپ، بوينىنى سوزۇپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— كىلوسى 80 تىيىن، سىڭلىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ۋاي-ۋۇي، نېمانچىۋالا قىممەت؟ — ئايال تومشۇقىنى ئۇشلىدى، — خەقلەرنىڭ ھەممىسى 60 تىيىندىن سېتىۋاتسا!

— پۇل ئۆزىڭىزنىڭ يانچۇقىدا سىڭـ لىم، 60 تىيىنلىكلەردىن ئېلىڭ.

— ئەمىسە 65 تىيىندىن بېرىڭ، — ئايال كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ باھا قويدى.

— ئۇنداق ئىش يوق، — بەدىردىن قوپال جاۋاب بېرىپ قولىدىكى يېرىم مانتىنى ئاغزىغا بىراق سېلىۋەتتى، — گەپ قىلمىسا مۇشۇ ئايال خەق دېگەن نېمە، — دېدى ئۇ، ئايال كەتكەندىن كېـ يىن، مانتىنىڭ شورپىسى سىڭىپ قالغان يۇمشاق نان بىلەن تاۋۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ يېگەچ، — قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى كولدۇرـ لىتىپ باققۇسى كېلىدۇ!...

— بۇ چوكان قارىغاندا تۇلدەك كۆـ رۈنىدۇ. بىر-ئىككى كىلو ئالما دېگەننى دېگىنىگە بېرىۋېتىپ، تونۇشۇۋالساڭ، كېـ يىنچە بېشىڭنى ئوڭشىۋالساڭ بولمامدۇ؟ قارىماسەن، ئۇنىڭ كۈلۈپ بېقىشلىرىنى.

— كۆلگەن خوتۇندا ۋاپا يوق، — بەدىردىن ئويغا پاتقان ھالدا ئۇلۇق-كىـ چىك تىنىدى، — بۇرۇنقى خوتۇنۇممۇ دەسـ لىپىدە ھازىرقى چوكاندىن بەكرەك كۈلـ گەنىدى. ئىنكاھ قىلىپ تۆت كۈن ئۆتمەسـ تىن، چىشىمنى قېرىشتۇرۇپ پالان نېمىنى، پوكۈن نېمىنى ئېلىپ بەر دېگىلى تۇردى، دەسلىپىدە دېگىنىنى ئېلىپ بېرىۋەردىم. ئىشەنسەڭ ئاداش، بىر سەرەڭگە بىر ئاي، يېرىم كىلو گۆش ھەپتە يەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپمۇ يەنە كۈلكىسىنى تاشلىـ مىدى، قارىسام، ئالتە ئاي كۈلۈپ نۇرغۇن چىقىمدار قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن قوـ ڭىغا تەپتىم. مانا، ھازىر خۇداغا شۈكرى، ئۇنى ئالىمەن، بۇنى ئالىمەن دەيدىغان ئادەم يوق. ئايىغى ئۈزۈلمەس كوت-كوت گەپلەر تېخىمۇ يوق. ئۆزۈم بەگ، ئۆزۈم خان...

— چىقىمغا چىدىمىساڭ، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈپ كېتىسەن.

— بۇنداق ئۆتكەننىڭ نەرى يامانـ كەن؟ — بەدىردىن ئورنىدىن سەل قوزـ غىلىپ قويدى، — خوتۇن ئېلىپ بالاغا قالغاندىن، ئالماي تالادا قالغان تېخى ياخشى. قويە بۇ گەپنى، — بەدىردىن تاپىـ نىدا يەرنى رىتىملىك ئۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

چىڭگىلىكۇ چىڭگىلىك،
ئۆستەڭ بويى چىڭگىلىك.
خوتۇن ئالساڭ سۆلەينى ئال،
بولمىسا بويتاق يۈرگىلىك.

ناخشامنى ئېيتاي دېسەم،
شوخ سازىمنىڭ تارى يوق.
بويتاق بالىلار پۇل تاپار،
خوتۇن بىلەن كارى يوق.

— ھا...! ھا...! ھا...! — ناسىر ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئېلىقىپ كۈلۈۋەردى. بەدىردىن ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىنى ئېيتىپ بولۇپلا چىپپىدە توختىدى-دە،

ناسىرغا گۆلەيدى:

— قولتۇقۇڭغا سازاڭ كىرىۋالغاندەك، نېمە ئانچىۋالا كۆلۈۋېرىسەنۇي؟

— ناخشىنى ئېيتساڭ بۇزماي ئېيتمامسەن، — دېدى ناسىر كۈلكىدىن توختاپ، — «خوتۇن ئالساڭ سۇلەيىنى ئال» دېگىنىڭ نېمەك، «يارنى سۆيسەڭ تاللاپ سۆي» دېمەمسەن.

— ئۇنداق ئەمەس، — بەدىردىن گېپىنى يورغىلاتتى، — قارىنىغا ئامراق خوتۇن ئەر دېگەننى تۆت كۈندىلا يالىڭاچلاپ قويىدۇ، شۇڭا «سۇلەيىنى ئال» دەپ ئېيتقان تۇزۇك، قانداق بىر دانىشمەن ئىجاد قىلىۋىدىكىن، ئەتىدىن كەچكىچە ئېيتسامۇ زېرىكمەيمەن - دە.

— ئىچەمدۇق؟

— ئە...چ - ئىچ، — بەدىردىننىڭ شۇ تاپتا قاتتىق بىر ئىچكۈسى كەلگەنىدى. شۇڭا «ئىچەيلى» دېمەكچى بولدى - يۇ، ئاغزىغا كەلگەن گەپنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى بىكاردىن - بىكار چىقىمدار بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى، — ئىچىدىغان پۇلۇم يوق، — ئۇ ناسىرنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ كۆرسەتتى، — ئىشەنمىسەڭ مانا قاراپ باق.

— قورقماۋۇي، — ناسىر چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ، ئىشتىنىنىڭ تاسمىسىغا قىستۇرۇۋالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى - دە، بەدىردىننىڭ ئالدىغا «توك» قىلدە قويدى، — سېنىڭدەك ئاغىنىلىرىمنى چىقىمدار قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. بۈگۈنتىش - ئوقىتىم بىرئاز ياخشى بولۇۋىدى، سېنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشاي دېدىم.

— نېمە؟ — بەدىردىن ھاراققا قارىغىنىچە قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

ناسىر يانچۇقىدىن داتلىشىپ كەتكەن بىر قوڭغۇراقنى ئېلىپ، ئىچىنى پۈۋلىۋەتتى - دە:

— قېنى ئەمىسە، — دېگىنىچە قوڭغۇراققا يېرىم ھاراق قويۇپ، بەدىردىنگە قاراپمۇ قويماستىن بىراق كۆتۈرۈۋەتتى، ئارقىدىن تاماقلىرىنى چاكىلدىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — پاھ! راستىنلا ئېسىل ھاراقكەن جۇمۇ، قېمىزدەكلا پۇرايدىكەنا كاساپەت، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ قولىدىكى قوڭغۇراققا بېلىق كۆزى قىلىپ بىرنى قۇيدى - دە، بەدىردىنگە ئۇزاتتى، — بىلىمەن، مەيدەڭنى كۆك يەرگە يېقىپ يېتىشىڭنىڭ سەۋەبى، ئاخشامقى ھاراق چىشلىۋالغان گەپ، مۇنۇنى كومىدە قۇيۇۋالساڭ يېشىلىپ كېتىسەن. ماركىسىغا قاراپ باقە!

بەدىردىن قولىغا ھاراقنىڭ قانداق ئۆتۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— پاھ! — دېدى بەدىردىن كۆتۈرۈۋېتىپ، جاۋغىيىدىن ئېقىپ چىققان ھاراقنى سول قولىنىڭ دۈمبىسىدە ئېرتقاچ، — بىزدەك بويتاقلار ئىچىدىغان قالتىس ئۆتۈشلۈك ھاراقكەن جۇمۇ، ئۆزۈڭمۇ ھاراق تونۇيسەن.

ناسىر يەشىكتىكى ئاپورۇت ئالمىدىن ئىككى تال ئېلىپ بىرىنى بەدىردىنگە ئۇزاتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەنۇي؟ — بەدىردىن ناسىرنىڭ ئىككى كۆزىگە مىختەك قادالدى، — بىر رومكا ھارىقىڭنى قويا - قويمايلا خاپىنىمغا چاڭ سېلىۋاتىسەنغۇ؟

— زاكۇسكا قىلايلى دېدىم، — ناسىر

ھېچنېمە بولمىغاندەك جاۋاب بېرىپ، ئال-
مىنى يەنە تەڭلىدى، — مۇشۇ تۇرقۇڭدا!
چىرايىڭ يۇتازىدەك پۈرۈلۈپ كەتتى،
ماۋۇ ئالمىنى يەۋالساڭ باسىدۇ.

بەدىردىن قولىدىكى قوڭغۇراقنى نا-
سىرنىڭ ئالدىغا تۈككىدە قويۇپ، ئۇنىڭ
قولىدىكى ئىككى تال ئالمىنى تارتىۋالدى.

— تازا قاملاشمىغان قىلىق قىلدىغان
نېمىكەنسەن، — دېدى ئۇ ئالمىنى جايىغا
قويۇپ قويغاندىن كېيىن، — ئىردم قىلم-
غان نېمىگە سوغۇق قول سالمىغىن!

— كۆپمىگىنە، — ناسىر ھېچ ئىش ئۇ-
تۇلمىگەندەك يەردىكى قوڭغۇراقنى قولىغا
ئالدى-دە، تۇۋىدە قويۇپ، نۆۋىتىنى
ئىچتى، ئارقىدىن يەنە بېلىق كۆز قىلىپ
قويۇپ، بەدىردىنگە ئۇزاتتى، بەدىردىن
بۇداقى نۆۋىتىنى تۇتۇپ تۇرماستىن ئىت-
تىك كۆتۈرۈۋەتتى...

ھاراق ئۈچ نۆۋەت ئايلىنىپ تۈگى-
دى. بەدىردىن 200 گىرامغا يېقىن ھاراق
ئىچتى. ئۇ، ئۇبدانلا كەيىپ بولغانىدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭ قانغۇچە ئىچىپ، ناخشا
ئېيتقۇسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلدى.

— تۈگىدىما؟ — سورىدى ئۇ يەردە
ياتقان بوتۇلكىغا قاراپ قويۇپ، — ئەمىسە،
مەن يېرىم جىڭ ئەكىرەي جۇمۇ، — بە-
دىردىن قۇرۇق بوتۇلكىنى ئېلىپ ئورنى-
دىن تۇردى.

ناسىر ئۇنىڭ ئاغزى ھاراققا تېگىشى
بىلەن مەرد بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەت-
تى، شۇڭا ئالدىغا بايىقى «ئادىمەتچىلىك»
نى قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن بۇ «ئادى-
مەتچىلىكى» نىڭ بەدىردىن ئۇخلاپ قال-
غاندا سودا قىلىپ قويغان ئۈچ سوم پۇلغا
كەلگەنلىكى بەدىردىننىڭ خىيالىغىمۇ كەل-
مىگەنىدى. ئۇ ھازىرقىدەك تالاي قېتىم
بەدىردىننىڭ ئۆز پۇلىدا ئۆزىنى مېھمان
قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى خەجلىگەن.

— بۈگۈن ئىرىم قىلماپسەن
ئاداش، — دېدى ناسىر تەكەللۇپ قىلىپ، —
سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن، مەنلا بېرىپ
ئەكېلەي.

— نېمىنى؟ — بەدىردىن بوتۇلكىنى
كەينىگە يوشۇردى، — كىم مېنى ئىرىم
قىلمىدى دەيدۇ، ئۇقۇپ قوي، مەن دېگەن
بويتاق جۇمۇ، ساڭا ئوخشاش خوتۇن بې-
قىمىم يوق، پۇلنى يالغۇز سەنلا ئەمەس،
بىزدەك بويتاقلارمۇ تېپىۋاتىمىز. مانا
كۆرۈپ قوي، مۇشۇنىڭ ھەممىسى پۇل، يا
خوتۇن، يا بالا بولمىسا، ئەل-ئاغىنىلەرگە
خەجلىمەي نېمە قىلىمەن بۇنى! — ئۇ، سول
قولىدا شەپكىسىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى پۇللار-
نى كۆرسىتىپ يەنە كىيىۋالدى.

— پاھ! ئاشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىلا
سېنىڭمۇۋۇي؟ — ناسىر چىرايىغا كۈلكە
يۈگۈرتۈپ، بەدىردىننىڭ كۆزىگە تىكىل-
دى، — ئۆزۈڭمۇ چاققان نېمە، باشقىلار
ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە بازارنىڭ ھەممە
پۇلىنى سۈزۈۋالدىم دېگىنە. مۇنداق يېرىك
بولسىلا دۇكاندا ئەمەس، بىرەر ئاشخانىغا
چۆكەيلى، ئۆزۈڭمىغۇ پۇلنى دوست تۇت-
مايسەن.

ناسىرنىڭ سۆزى بەدىردىننىڭ كۆڭ-
لىنى ئاۋۇندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، غەزەپ-
لەندۈردى. «قاتتىق-قاتتىق دېيىشىدۇ
تېخى، كىم قاتتىق، كىمنى كىم بىلمەي-
دۇ؟ بەدىردىن بۈگۈن شۇنداق بىر پۇل
خەجلەيدۇكى، مۇنۇ ناسىرلا ئەمەس، بازار-
دىكى ھەممە تىپتىقچى ئاغزىنى ئېچىپ
قالسۇن، پۇلنى خەجلىگەندىمۇ، ‹قاتتىق›

دەپ ئانسي تاپىدىغان شامىنىڭ دۇكىنىدا خەجلەيدۇ. ئىلاھىم شۇ چاغدا كۆزلىرى چىقىپ كېتەر.»

— پۇل دېگەن قولىنىڭ كىرى، — بەدىردىن بوتۇلكىنى بۇلۇڭغا چۆرۈۋېتىپ، — يۇر، ھېلىقى شامىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ، توخۇ گۆشى، تۇخۇم بىلەن ئىچىمىز. بويتاقنىڭ قانداق پۇل خەجلەيدىغىنىنى مەن بىر كۆرسىتىپ قوياي ئۇ نەرسىگە، ئولتۇرۇۋېلىپ قولدەك ئىشقا بۇيرۇمايدىغان بولسام، ئادەم بالىسى بولماي كېتەي. پۇل دېگەنىنچۇ ئاداش، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، بويتاقلار خەجلەيدىغانغا چىقارغان نېمە، سېنىڭدەك خوتۇنى بار نېمىلەر ھەر قانچە خەجلىسەڭمۇ، بەش سومدىن نېرى ئۆتەلمەيسىلەر.

ئۇلار ئەمدىلا دۇكاننىڭ ئالدىغا چىقىشىغا بىر خېرىدار ئالمىنىڭ باھاسىنى سورىدى.

— توقسان تىيىن، — بەدىردىن ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىچە دەلدەڭشىپ جاۋاب بەردى. خېرىدار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ باھا قويدى.

— 70 تىيىندىن بېرەمسىز؟

— قانچىلىك ئا...ئالىسىز؟ — بەدىردىن خېرىدارنىڭ گېپى ئاخىرلاشماستىنلا تارازىنى قولىغا ئالدى. خېرىدار تاللاپ تۇرۇپ ئۈچ كىلوگرام تارتقۇزدى. بەدىردىن ئۇنى يولغا سېلىۋېتىپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا يەنە ئىككى خېرىدار كېلىپ، ئالمىنىڭ باھاسىنى 60 تىيىنغا چۈشۈرۈۋىدى، ئۇلارغىمۇ ماقۇل بولدى.

* *

شامى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ھاراق دۇكىنىنىڭ قېشىدا تۇراتتى. دۇكاننىڭ كەينىدىكى كۆچەتلىكتە ئۈچ مېتىر كەڭلىكتىكى بىر بوشلۇق بولۇپ، ئۇ مۇشۇ يەرگە زەدىۋال بىلەن تارتىپلا دۇكان قىلىۋالغانىدى. بەدىردىن يولدا ئۇچراپ قالغان ئىككى ئۈلپىتىنىمۇ باشلىۋالدى. تۆتى شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— ھەي شامى، بېرى كېلە! — بەدىردىن ئولتۇرغان ئورنىدىلا شامىنى توۋلىدى.

شامى قولىدىكى لۆڭگىنى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. بەدىردىن بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا:

— پۇلغا سۇندۇرغاندا قازىنىڭدا قانچىلىك بىر نەرسە بار؟

— 60 نەچچە سوملۇقچە، — شامى سەل ئېگىلىپ جاۋاب بەردى.

— بوپتۇ، ھەممىسىگە 60 سوم بېرەي، بىزگە قىزدىق-قىزدىق ئەكېلىپ بەرگىن! — بەدىردىن ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، 70 سومنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — مۇنۇ ئون سومغا ئېسىل ھاراقتىن كېلىشىچە ئەكەلگىن!...

ئۇلار كەچ سائەت 11 لەردە تارقاشتى. ھەممىسىلا بەئەينى دەريا دولقۇنىدىكى قولۋاقتەك لەپەڭلەپ قالدى. كىمنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەدىردىن ئېشەك ھارۋىسىنى بەش سومغا كىرا قىلدى. ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ سوزۇلۇپ ئۇڭدىسىغا ياتتى، كېچىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىغا تىكىلگىنىچە ناخشىسىنى باشلىۋەتتى:

...ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تەگىدىن تولىسى مورا.
دوختۇرلاردىن سوراڭلار، ھەي...

بويتاققا نېمە دورا؟
«ئاناڭنى ... دوختۇرلاردىن سورىسا،
بويتاققا نېمە دورىلىقىنى نەدىن بىلەتتى؟ —
ناخشىنى توختىتىپ مىيىقىدا كۈلدى، —
بويتاققا نېمىنىڭ دورىلىقىنى بويتاق ئۆزى
بىلىدۇ». ئۇ، ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى
جاۋاب بېرىپ، ناخشىنىڭ ئاخىرقى ئىككى
مىسراسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئېيتتى:

مەيلى كىمدىن سورىماڭلار، ھەي...
بويتاققا ھاراق دورا.

— ھا...! ھا...! ھا...! قانداق دېدىم ھاردكەش؟ — بەدىردىن ئۆزىچە كۈلۈپ، ھارۋىكەشكە گەپ قىلدى، — دۇنيادا بويتاقچىلىقتەك ئېسىل تۇرمۇش بولامدۇ؟ ئەگەر دىتىڭ بولسا، سەنمۇ بويتاق ئۆت!...

بەدىردىن ئىچ-ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ باي، ئەڭ زور تەڭداشسىز ئادەم ھېسابلايتتى، بۈگۈنكى مەردلىكى بىلەن پەخىرلىنەتتى...

ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن بەدىردىن بازاردا كۆرۈنمىدى. ئۆگۈنى ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقالدى. يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ «بالنىتسىدا يېتىپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ بالنىتسىغا قانداق بارغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئاغرىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ناسىر ئاياغىنى ياماۋېتىپ ئىچىدە: «دۇكاندىكى ئالمىسى سېسىپ كېتىدىغان بولدى، ئالمىسى سېسىپ كەتسىمۇ چاغلىق گەپ، ئۆزى سېسىپ كەتمىسىلا بولاتتى...» دەپ پىچىرلىدى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

# ئويغانغان زېمىن

(شۇ ناملىق روماندىن پارچە)

پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق تارىخىي رومانى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلاندى. يات ئارىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەزكۇر كىتابتىن بىر بابىنى تونۇشتۇردۇق.

— تەھرىردىن

## ئۈچىنچى باب

## «ئۆي قاپلىنى»

كىشىلەر دوستلۇقى ئۈچۈن بولمىسا،
دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدا باشقا قانداق
مەقسەت بار؟

— ئابدۇراخمان جامى①

1

— ماۋۇ يىگىت جاڭجۇڭ ياملۇڭنىڭ ئېلانىدا ئېيتىلغان كىشىنىڭ دەل ئۆزىمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭ، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى بىلەن دۈگىلەك كۆزلىرى، يۈزىنىڭ ئاقلىقى بىلەن يەلكىلىرىنىڭ كەڭلىكى، ھەم... دەل شۇنىڭ ئۆزى.

① نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى — مىلادى 1414 — 1492 - يىللىرى ياشىغان مەشھۇر تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى ۋە ئۇنى ھەشىنچى ئەسىر تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى.

— سەن تېخى ئۇنىڭ قوللىرىغا سەپسالمىساڭ كېرەك، قولى باشقىلارنىڭ قولىدىن ئۇزۇنراق تۇرمامدۇ؟

— توغرا، توغرا، ماڭىمۇ شۇنداق كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنى «مەن توقسۇنلۇق، ئېتىم ئىسهاق» دەۋالغىنى بولمىسا، ئىلاندا ئېيتىلغان خوجىنىياز دېگەن قاچقۇنىنىڭ دەل ئۆزى شۇ!

— خوش، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ «تۆگە كۆردۇڭمۇ - يوق!» دەپ كېتىۋېرىمىزمۇ، ياكى ...

ئىككى قازاق يىگىتى ھېچنېمىنى بايقىغىلى بولمايدىغان تۈن قاراڭغۇسىدا ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۇشەۋېتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئەنە شۇ خىلدا پاراڭلىشىۋاتاتتى. شەرق تەرەپتىن چىقىۋاتقان غۇر - غۇر تاغ شامىلى ئۇلارنىڭ گېپىنى بەش - ئون قەدەم نېرىدىكى بوغان قارىغاي تۈۋىدە مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان خوجىنىياز پالۋاننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

— خوش، ئېيتچۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — تەكرارلىدى يىگىتلەرنىڭ بىرى.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ توقسۇنلۇق ئىسهاق دېگىنى يالغان. ئەتە ئەتىگەندە بايقىغا ئېيتىپ، پۇت - قولىنى باغلايمىز - دە، شەھەرگە ھەيدەپ بېرىپ، يامۇلغا تاپشۇرىمىز. تەلىيىمىز ئوڭ كېلىپ، خوجىنىياز شۇ بولۇپ قالسا، ئون ئىككى يامبۇنى ئالارمىز، بولمىسا قالار. بىزدىن نېمە كېتىدۇ؟

— ئانداق بولسا، شۇنداق بولسۇن، يۈر، ئەمدى بېرىپ ئۇيقۇمىزنى ئۇخلايلى.

ئۇلار يىگىرمە نەچچە قەدەم نېرىدا تۈگۈلۈكىدىن غۇۋا يورۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، خوجىنىياز پالۋان ئورنىدىن دەس قوپۇپ: «ھۆي لومىدىلار، يامان نىيەتلىلار ئۆزۈڭلەرگە يانغاي، سەنلەرنىڭ قولۇڭلارغا تىرىك چۈشىدىغان خوجىنىياز تېخى تۆرەلمىدى» دەپ غۇدۇڭشىدى ۋە ئاچچىقى بىلەن بىر تۇتام ئوتنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى چايناپ تۈكۈرۈشكە باشلىدى.

«نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ، غەزەپلەنگەن ئارسلان كەبىي، يەرنى نىقتاپ - نىقتاپ دەسسىگەن ھالدا ھېلىقى قارىغاينى چۆرگىلەپ يۈرۈپ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ خۇددى بىر نېمىنى ئېسىگە چۈشۈرگەندەك، دەرھال ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، قوندۇزدەك قارا ئاسمان گۈمبىزىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇلۇتسىز ئاسماندا شالاڭ يۇلتۇزلار چىمىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئاخىر بىر چېكىتكە قادالدى. بۇ «تومۇر قوزۇق» ئىدى. «ھە، مانا تاپتىم، ئالدىم — تەسكەي، ئارقام — كۈنگەي؛ ئوڭ قولۇم — كۈنچىقىش، سول قولۇم — كۈنپېتىش. كۈنپېتىشتا چۆچەك دېگەن يۇرتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئىش قىلىپ، كۈنچىقىشقا كېتىپ قالمىسالا بولدى. كۈنپېتىشقا قانچە ماڭسام قۇمۇلدىن شۇنچە يىراقلىشىمەن» دېدى ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بىر قارارغا كېلىپ، ئاندىن ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىگە تونۇش بولغان كۆرەڭ قاشقىنىڭ ئاياغلىرىنى بوشاتتى ۋە ئۇنى چاققانلىق بىلەن ئىگەرلەپ ئالدى. ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ ئىگەرلىرىنى تېپىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ چۇۋۇلدۇرىنى تۈۋىدىن كېسىپ يىراققا

تاشلىۋەتتى، تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، قوي قوتۇنى ئالدىدىكى كىچىككىنە كەپىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چېدىرىدىن جۇۋىسىنى ئالدى-دە، ئارقىسىدىن ئەگەشكەن بويناقىغا بىر پارچە ئارپا نېنىنى تاشلاپ بېرىپ، كۆرەك قاشقىغا مىنىدى ۋە «خوش ئالىپباي، مەندىن رازى بول، بايتىلىمنى قويۇپ، بىر ئېتىڭنى مىنىپ ماڭدىم. يىگىت بېشىم ئامان بولسا، چوقۇم قايتۇرىمەن» دەپ يولغا چۈشتى.

2

بۇ، تۆمۈر خەلپە قەتل قىلىنىپ، ئارىدىن يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئالتاينىڭ چىڭگىل دېگەن يېرىدە بولغان ئىش ئىدى. كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەككى، تۆمۈر خەلپە لى شۇفۇنىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، خوجىنىياز پالۋان ئاقىۋەتنىڭ پاجىئەلىك بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، پېشىنى قاققان پېتى ئېچكىرىكى تاغقا كىرىپ كەتكەن ۋە قېلىن ئورمانلىقلار بىلەن قاراڭغۇ غارلارنى پاناھ قىلىپ ياشاپ يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلا كىشى، يەنى باجىسى قۇربانلا ئالاقە قىلاتتى. ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى شۇ يىگىت ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. بىراق شامەخسۇت ۋاڭنىڭ خوجىنىيازنى تۇتۇش ھەققىدىكى ئېلانى پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا جاكارلىنىپ، بەزى پۇلخۇمار كىشىلەر ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكتىن، ئەمدى ئۇنىڭغا قۇمۇل تاغلىرى تارلىق قىلىپ قالدى. شۇ ئارىدا شامەخسۇت ۋاڭ «ئوغلۇڭنى تېپىپ بەرمىدىڭ» دەپ، ئۇنىڭ دادىسى ئىمىنىيازنى ئوردا زىندانىغا تاشلىدى. ئىمىنىياز ئەسلىدە ئوردىنىڭ تاراتۇ تېغىدىكى «تۆمۈر چارۋا» لىرىنى باقىدىغان ئاددىي چارۋىچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۆزى چېچەن، كۆچتۈنگۈر ۋە ئەل ئىچىدە ئابرويلۇق كىشى بولغىنى ئۈچۈن، شامەخسۇت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئۇنى تاراتۇ تېغىنىڭ دورغىسى قىلىپ قويغانىدى. ئوغلىدىن تىرىك ئايرىلغانىنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى ئېرىنىڭ زىندانغا تاشلىنىشى ئايسە ئاپپاققا ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئەلەم قىلدى، بۇ ئاخىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. خوجىنىياز بۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، تاقىتى تاق بولغان ھالدا، نېمە بولسام مەن بولاي دەپ، شامەخسۇتنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارماقچى بولدى. ئوغلىنىڭ بۇ نىيىتىنى قۇربان ئارقىلىق ئاڭلىغان ئايسە ئاپپاق: «ھەرگىز ئۇنداق خىياللاردا بولمىغاي، ئۆزىنى ئاشكارىلىدىمۇ، بولدى، ھەرگىز تىرىك قالمايدۇ. بىز يەيدىغىنىمىزنى يېدۇق، كىيىدىغىنىمىزنى كىيدۇق، ئەمدى پېشانىمىزگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمىز. خوجىنىياز تېخى ياش، نەگە بېرىپ بولسىمۇ جېنىنى ساقلىغاي، بىز ئۇنىڭدىن رازى» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇربان ئېچكىرى تاغقا كىرىپ، خوجىنىيازنى ئالتاي ياكى تاشقى موڭغۇلغا كېتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. خوجىنىياز ئالتاي دىيارىغا بېرىپ، قازاق خەلقى ئىچىدە ياشاپ تۇرۇشنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئېتىنى يەڭگۈشلەپ ئېلىپ، بارىكۆل ئارقىلىق ئالتاي تەرەپكە كەتمەكچى بولىدۇ. قۇربان تىيانشان تاغلىرىنىڭ قىش-يېزى قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان بىر داۋاندىن ئېشىپ بولغۇچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ.

— خوش، ئۇكام، كۆرۈشكۈچە ئامان بول، — دېدى قۇربان داۋان تۈۋىدە كۆزىگە

ياش ئېلىپ، — مېنىڭ جېكىلەيدىغىنىم يەنە شۇ گەپ، ئەل ئىچىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن ماۋۇ كوسەينى (مىلتىقنى دېمەكچى) كۆزدىن نېرى قىل. بېشىڭغا بالا بولۇپ يۇرمەسۇن يەنە.

— خەير - خوش، ئاكا، مەندىن گەشەت قىلما. يالغۇزنىڭ يارى خۇدا دەپتىكەن، — دېدى خوجىنىياز ئاتقا مىنىۋېتىپ، ئاندىن، — مېنىڭ ئۈچۈن ئوغلۇم سەدەنىشانىڭ ماڭلىيىغا بىرنى سۆيۈپ قوي، — دەپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى.

پۇتلىرى ئىنچىكە كەلگەن، ئۇزۇن بويۇن قارا تورۇق بۆرە مېڭىشىغا چۈشتى. ئەمدى خوجىنىياز بارىكۆلنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چىغىرىيول بىلەن توپتوغرا غەربكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بايىلا قۇربانغا: «مەندىن غەم يېمە، يالغۇزنىڭ يارى خۇدا» دېگەن بولسىمۇ، ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش ۋە يۇرتتىن ئايرىلىپ، بىپايان دەشتتە تىكەندەك يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، يىغلاپ تاشلىغۇسى كېلەتتى. ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى ئويلاپ، ئايىغى چىقمايدىغان چىگىش خىياللار بىلەن قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. ئەتىيازنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان ئاچچىق سوغۇقىمۇ ئۇنىڭغا بىلىنمەيتتى. شۇ خىلدا مېڭىۋېرىپ، خېلى ئېگىز بىر كۆتەلدىن① ئاشقان چاغدىلا، ئالدىدا كېتىۋاتقان يالغۇز ئاتلىقنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئويقۇسى ئېچىلىپ كەتكەندەك سەگەكلىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. ھېلىقى يالغۇز ئاتلىق كىشى قازاق تۇمىقىنى چۆمكۈرۈپ كىيىپ، بېلىنى تاسما پوتا بىلەن باغلىۋالغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ جۇغى كىچىكرەك كەلگەن جەدە ئېتى ئاقساپ ماڭغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھەر ھالدا سەزگۈر كىشى بولسا كېرەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىككى يۈز قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان خوجىنىيازنى كۆرۈش بىلەن ئالاقزادە بولۇپ ئېتىنى توختاتتى.

«دەشت - باياۋاندا ماڭا ئوخشاش يالغۇز يولغا چىققان بۇ قانداق ئادەم بولغىيدى؟ — دەپ ئويلىدى خوجىنىياز، — ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ يېنىغا بېرىش كېرەكمۇ؟ ياكى ...»

ئاڭغىچە خوجىنىيازنىڭ قارا تورۇقى خۇددى ئۆزىگە ھەمراھ تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكەندەك بىر كىشنەپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ھېلىقى ئاتلىق يىراقتىنلا خوجىنىيازغا سالام قىلدى. ئۇ ئاق سېرىق، ئورا كۆز، تەخمىنەن يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلاردىكى قاۋۇل بىر يىگىت بولۇپ، خوجىنىيازنىڭ ئۆشنىسىدىكى مىلتىقىدىن قورققان بولسا كېرەك، ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. خوجىنىياز ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئارتۇقچە گۇمانلارغا چۈشمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئەھۋاللىششقا باشلىدى. ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىنىڭ بىر قېرىنداش تىل بولغانلىقى ئۇلارغا چوڭ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ يىگىتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆزىنىڭ ئېتى قامزا بولۇپ، ئالتاي تەرەپتىن بارىكۆلگە تۇغقان يوقلاپ كەلگەنىمىش. ئەمدى ئىشىنى تۈگىتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتقانىمىش. خوجىنىيازمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق دەپ تونۇش-

① كۆتەل — كىچىكرەك داۋان شەكلىدىكى دۆڭ.

تۇرۇپ، چىڭگىل دېگەن يەردە بىر ئاكىسى بارلىقىنى، ئۇ يەرگە ئۆزى بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە كېتىۋاتقىنىنى ئېيتتى. ئۆز كۆڭلىدە بولسا، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان قازاق يۇرتىغا كېتىۋاتقاندا، دەل شۇ يۇرتلۇق بىر كىشى بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالغىنىغا خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىلەن مۇلايىم ئاۋازىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قامزامۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلى تىنىدى چېغى، ھەدېگەندىلا بايا خوجىنىيازدىن يول توسار قاراقچىمىكىن دەپ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ساڭا ئوخشاش ياخشى ئەرگە يولداش بولغانلىقىمدىن خۇشالمەن، بارار يېرىڭگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، قېنى، ناسۋايىڭنى چىقار، — دېدى.

خوجىنىياز ناس چەكمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— توقىچىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قامزا.

— بار، قورۇق يېسەڭ گېلىڭگە تۇرۇپ قالىدۇ، ئادىمىزدا چۈشكۈن قىلىدىغان بىر جاي بولسا، چاي قاينىتىپ ئاندىن يەيلى. مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى، — دېدى خوجىنىياز ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— خوپ، — دېدى قامزا رازىلىق بېرىپ، — ئاۋۇ قىرنىڭ ئارقىسىدا بۇلاق بار، شۇ يەردە چاي قاينىتىپ ئىچەيلى.

قامزىنىڭ جەدە بايتىلى ھەقىقەتەنمۇ ئاقساق ئىدى. شۇڭا، خوجىنىياز قارا تورۇقىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بىر-ئىككى قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان قامزا ھەدەپ قارا تورۇققا قاراپ، تامىقىنى چېكىلدىتاتتى. ئۇنىڭ بىر كۆزى ئاتتا بولسا، بىر كۆزى مىلتىقتا ئىدى. بۇ مىلتىق ئاقچۇق سېيىدىكى جەگدە چىيەن دارېنىنىڭ چېرىكلىرىدىن ئولجا ئېلىنغان قىسقا بەش ئاتار بولۇپ، قامزا مۇنداق مىلتىقنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— ۋاي ئىسھاق، قالتىس مىلتىقىڭ بار ئىكەن، يولدا ئاچ قالمايمىز ئەمدى، — دېدى قامزا مىلتىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

خوجىنىياز گەپ ياساپ، بۇ مىلتىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش ئۈچۈن بىر تۇغقىنىدىن ئارىيەتكە ئالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— يولدا ئېتىپ يېگۈدەك بىر نېمە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قامزا يول بويى جەرەن، كىيىك، ئارقار، ئۆچكە دېگەندەك ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ھەتتا بۆرە، تۈلكە، ئېيىق، يىلپىزغا ئوخشاش يىرتقۇچلارنىڭمۇ ناھايىتى كۆپلۈكىنى ئېيتىپ، ئالتاي تاغلىرى ھەققىدە ئۇزۇن پاراڭغا چۈشتى. بۇ پاراڭ بايا قامزا ئېيتقان بۇلاق تۈۋىگە كېلىپ، چايجۇشتا قاينىتىلغان قېنىق چاي بىلەن ياغلىق توقاچنى يەپ ئولتۇرۇشقاندا، تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. مەلۇم بولدىكى، قامزا ئالتاي دىيارىنىلا ئەمەس، چۆچەكنىمۇ ئوبدان بىلىدىكەن. خوجىنىيازنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەدەپ سوئال قويۇپ بۇ يەرلەرنىڭ ئىقلىمى، يەر-سۈيى، يۇرتلىرى، قاتناش يوللىرىنى ئىنچىكىلەپ سورىۋالدى ۋە قازاق خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا ئۇر-

غۇن لەرسىلەرلى بىلىۋالدى.

ئۇلار شۇ خىلدا قىزىق پاراڭ ۋە ئويۇن - چاقچاق بىلەن بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، هارغان - چارچىغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. بىراق قامزا نېمىشقىدۇ ئادەم قويۇقراق ئاۋۇللارغا كىرمەي ياندىپ ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. قامزىنىڭ بۇ قىلىقى خوجىنىيازغا بىر ئاز غەلىتىرەك بىلىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ خۇشالمۇ بولاتتى.

— يەنە يېرىم كۈن ماڭساق چىڭگىل تەۋەسىگە يېتىپ بارىمىز، — دېدى قامزا قىلىن بىر ئورمانلىققا يېتىپ كەلگەندە. ئاندىن ئۇ بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ، ئەتە مېڭىشنى تەكلىپ قىلدى. خوجىنىياز بۇ تەكلىپكە كۆندى. ئۇلار شۇ يەردە چوڭ گۈلخان يېقىپ، كېيىك گۆشىدىن پىشۇرۇلغان كاۋاپ ۋە ئاچچىق دەملەنگەن چاي بىلەن ئوبدان غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، گۈلخان تۈۋىدە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىشتى. قاراڭغۇ جىمجىتلىقنى پەقەت يىراق - يېقىندا سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازى بىلەن قامزىنىڭ خورەكلا بۇزۇپ تۇراتتى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، خوجىنىيازنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى. بايىلا يېنىدا خورەك تارتىپ ياتقان قامزا ئەمدى ئورنىدا يوق ئىدى. «قامزا، قامزا» دەپ قىچقاردى خوجىنىياز، ئەمما ھېچيەردىن سادا چىقمىغاچ، ئورنىدىن دەس قوپۇپ ئەتراپقا قارىدى. قامزىنىڭ ئاقساق بايتىلىغا چېتىپ قويۇلغان قارا تورۇقمۇ غايىب بوپتۇ. ئۇ يەنە بېشىغا قويۇپ ياتقان ئىگەرنىڭ ئاستىدىكى مىلتىقنىڭمۇ يوقالغانلىقىنى بىلدى.

— ھەي خوتۇنتالاق، ئات بىلەن مىلتىقنى ئەپقېچىپسەن - دە! يامان بىلەن يول يۈرسەڭ، يېرىم يولدا قالىسەن، دېگەن شۇ بولدى. ئەستاغپۇرۇللا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

خوجىنىياز پالۋان ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، بىردەم كايىغاندىن كېيىن، ئاقساق بايتالنىڭ يەردە ياتقان ئىگىرىگە كۆزى چۈشۈپ، «خەير، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ھەر ھالدا بىر ئاز ئىنساپىڭ بار ئىكەن، لالما!» دېدى ۋە قامزىدىن قالغان ئاقساق بايتالنى ئىگەرلەپ ئېلىپ، تاڭ يورۇش بىلەن چىڭگىل تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتى. ئۇ، ئات بىلەن مىلتىقنىڭ يوقالغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنسىمۇ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قامزىدىن رازى ئىدى. چۈنكى «بۇ ئوغرىدىن ئاگاھلىنالىغانلىرىم بولمىسا، نەلەردە تېنەپ يۈرەتتىم» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، باشتا ئېيتقىنىمىزدەك، تەقدىر ئۇنى چىڭگىلدىكى ئالىپباي دېگەن چارۋىدارنىڭ ئۆيىگە ئەپكېلىپ قويدى①. ئۇ توقسۇنلۇق ئىسھاق دېگەن نام بىلەن ئالىپبايغا يالىنىپ، ئۇنىڭ قويلىرىنى بېقىشقا باشلىدى. ئالىپباي ئۇنىڭ يىلقىلىرىنى ھەققىدە بىر ئات بەرمەكچى بولدى. ئەتىياز ئۆتۈپ، گۈزەل چىڭگىل يايلىقى

① ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ۋە مىللىي قەھرىمانى شەرىپقان 1936 - يىللىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن مۇشۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ: «ئالىپباي بىلەن قامزا دېگەن كىشىلەرنىڭ بارلىقى راست. ئالىپباي ھازىر ئۇكۇرداي بولدى، قامزا ئالتاي - قۇمۇل يوللىرىدا قاتناپ يۈرىدىغان چوڭ ئوغرى. ئۇ ھازىر قولغا چۈشۈپ، تۈرمىدە ياتىدۇ» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن (ئاپتور).

خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدىغا پۈركەنگەن، ئوت-چۆپ ۋە قوزى-ئوغلاقلار يېتىلىپ، قازاقنىڭ شىپا بەخش قىمىزى پىشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەل ياتارغا يېقىن، ئالپبايىنىڭ ئاۋۇلغا ئىككى ئاتلىق يىگىت «خۇدايى قوناق» بولۇپ كەلدى. ئۇلار قوزا گۆشى ۋە قىمىز بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ياقا يۇرتلۇق مالچى — خوجىنىيازغا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى ۋە ئۇياق-بۇياقتىن گەپ كولاپ، خوجىنىيازنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. شۇڭا، بايا ئېيتقىنىمىزدەك، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، خوجىنىياز بۇ يىگىتلەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھېلىقى قارىغاي تۈۋىدە مۆكۈپ ياتقانىدى. دېگەندەكلا بۇ يىگىتلەر ئاتلىرىنىڭ پۇتلىرىنى چۇشەۋېتىپ قىلىشقان گەپلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز پالۋان ئەمدى ئىش بولمىدى دەپ، ئاقساق بايتىلىنىڭ ئورنىغا ئالپبايىنىڭ كۆرەڭ قاشقىسىنى مىنىپ، «تۆمۈر قوزۇق» نىڭ ياردىمى بىلەن تۈن قاراڭغۇسىدا ئاۋۇلدىن چىقىپ كەتتى.

قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ، قانچە تاڭلار ئاتتى؛ قانچە قىرلارنى كېزىپ، قانچە داۋانلارنى ئاشتى؛ گاھ، ئورمانلاردا تۈنەپ، گاھ، ئاۋۇللاردا ياتاتتى؛ «ئۆزۈڭ كىمسەن؟ نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دېگەن سوئاللارغا: «ئېتىم ئىسھاق، يۇرتۇم توقسۇن، تۇغقان يوقلاپ دۆربىلجىنگە كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. قازاق ئاۋۇللىرى قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنى ئوبدان مېھمان قىلىپ، ماڭار يولىنىمۇ ئېيتىپ بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دۆربىلجىن تەۋەسىگە كېلىۋالدى.

كۈن پېتىپ گۇگۇم چۈشتى، بىراق ئەتراپتا ھېچبىر ئاۋۇلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. يان تەرەپتىن بولسا، قاتتىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، بىردىنلا شامال بىلەن كېلىۋاتقان تېزەك ئىسىنى پۇراپ قالدى-دە، ئاتنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ، قامچىسىنى پۇلاڭلاتتى. كۆرەڭ قاشقىمۇ ئىسنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ھېرىپ قالغىنىغا قارىماي قەدىمىنى تېزلەتتى. شۇ ئارىدا ئۆزگىرىشچان تاغ ھاۋاسى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئەتراپتا پاناھلانغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، كۆرەڭ قاشقىسىنى ئىس كەلگەن تەرەپكە بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ئاخىر بىر ئاۋۇلغا يېتىپ كەلدى. ئاۋۇل ئىتلىرىنىڭ قاتتىق قاۋاشلىرى بىلەن بىر كىگىز ئۆيدىن ئېگىز بويلۇق بىر كىشى چىقىپ كەلدى. خوجىنىياز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە: «يىراقتىن كەلگەن مۇساپىرمەن، يادىدا① قالدىم» دېدى.

ئۇ كىشى بۇ مۇساپىرنىڭ تەلەپپۇزىدىن خۇددى بىر نېمىنى سەزگەندەك، قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قۇر سەپسېلىۋېلىپ، «خۇش كەپتىلا مېھمان» دېدى ۋە دەرھال ئېتىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئاددىي بولسىمۇ رەتلىك سەرەمجانلانغان كەڭ كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر ئوچاقتا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئۆي ئىچىنى ئوبدانلا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا

---

① يادا — يامغۇر.

ئۇنتۇرا ياشلىق بىر ئايال بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ قېشىدا ئۈچ - تۆت ياشلىق بىر قىزچاق ئويناپ ئولتۇراتتى.

— قېنى، ئاپىسى، چاپسان بول، — دېدى بايىقى كىشى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئايالىغا قاراپ، ئاندىن «ئاكال كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ ئالسىلا ئوكام، بەكلا ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. تاغ يېرى يېدى - يامغۇردىن بولماس نېرى دېگەن شۇ» دەپ مېھماننىڭ يېشىنىشىگە ياردەملەشتى. ئۆي ئىگىسى ئات يۈزلۈك، ساقال - بۇرۇتى چارلىشىپ قالغان قاتاڭغۇر بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرىمۇ قازاقلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايتتى.

خوجىنىياز پالۋان ئۇنىڭ چىراي - شەكلى بىلەن كىيىم - كېچىكىگە قاراپ، بولۇپمۇ تەلەپپۇزىدىكى قۇمۇل شىۋىسىنى سېزىپ، «مەن كىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدىم، مۇبادا مېنى تونۇيدىغان كىشى بولۇپ قالسا، قانداق بولۇر؟» دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىدىكى ئاددىيلىق، مۇئامىلىسىدىكى سەمىمىيلىكنى كۆرۈپ، ھەر ھالدا يامان ئادەم بولمىسا كېرەك، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

— ئۆزلە قۇمۇلدىن كەلگەن ئوخشىمامدىلا، ئوكام؟ كىمنىڭ جەمەتى بولىدىلا؟ — دەپ يەنە گەپكە كىرىشتى ئۆي ئىگىسى، ئۇنى ئىسسىق قايماق چاي، سېرىقماي، بوغۇرساق، قۇرۇت ۋە ئارپا نېنى بىلەن مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ. خوجىنىياز پالۋان بولسا، ئاغزىدىكى لوقمىنى چاينىغان بولۇپ، جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي ئولتۇراتتى. ئۆي ئىگىسى يەنە گەپ باشلىدى.

— ئاكال تاڭام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ئۆزلە قورساق تويغۇزغىچە، مەن گەپ قىلىپ بېرەي، ئوكام: مەنمۇ قۇمۇللۇق، تورپاقلاردىن بولىمەن، مېنى تورپاق سالى دېيىشىدۇ. ھېلىقى تورپاق يېغىلىقىدا ۋاڭنىڭ ئوردىسىغا تاش ئېتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇ تەرەپلەرگە يىگىرمە يىللىق پالىنىپ كەلگەن. شامەخسۇت ھېلىمۇ بارمۇ؟ ئۇ يەر يۇرتقۇرنىڭ دەستىدىن كىمنىدىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتقا بارالماي يېگىنىم ئوغا، كىيگىنىم كېپەن بولۇپ، بىر كۆزۈم ياش، بىر كۆزۈم قان يۈرۈپتىمەن. ئاڭلىسام، شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۇڭ گېپىنى بىر قىلىپ، تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىكنىڭمۇ بېشىنى يەپتىمىش، بۇ راست گەپمۇ؟

خوجىنىياز پالۋان يەنىلا ئېھتىيات قىلىپ، ئۆزىنى توقسۇنلۇق ئىسھاق، دەپ تونۇشتۇردى ۋە شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۇڭنىڭ قۇمۇلدىكى ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئەمما بۇ يەرگە «تۇغقان يوقلاپ كەلدىم» دېيىشكە پېتىنالمىدى، چۈنكى تۇغقىنىڭ كىم دەپ قالسا، چاندۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— بوپتۇ ئوكام، توقسۇنلۇق بولسىلامۇ، قۇمۇللۇق بولسىلامۇ ماڭا ئوخشاش، — دېدى تورپاق سالى، — ئەمما - زە، ئۆز يۇرتلۇقۇمدىن بىرەر كىشىنى كۆرسەم تاپىنىغا سۆيگۈدەك بولۇپ كېتىمەن. بۇ يەردىكى قازاق قېرىنداشلارغىمۇ بەك ئوبدان. ئۇلار مېنى قويىنىغا ئېلىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىقمۇ قىلىپ قويدى. مېنىڭ بۇ ئاپپىقىم ماڭا بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. مەنمۇ ئاتا كەسپىم بولغان موزدۇزلۇق بىلەن ئەل ئىچىگە سىڭىپ كەتتىم، تىرىكچىلىكىم خېلىلا ئوبدان. دۆربىلجىن دېگەنمۇ قويىنى كەڭ، مېھرى

ئىسسىق يۇرت ئىكەن. ئەمما - زە، يەتتە يېشىدىن بېرى كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك بىر كۆزۈم قۇمۇل يولىغا قاراقلىق. ئېملا دېگەن بىلەن ئۆز يۇرتىنىڭ مېھرى باشقىچە بولىدىكەن. ئاق چاچلىق قېرى ئانام بىلەن بالا - چاقامنى، قەۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن بىللە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دوست - بۇرادەرلىرىمنى قانداق ئۇنتۇيالايمەن؟ ئاتا - بوۋامنىڭ يەرلىكىمۇ قۇمۇلدا ئەمەسمۇ؟ شۇلارنى كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتەرمەنمۇ، يىگىرمە يىل توشقۇچە بۇ ئامانەت جان تەندە تۇرارمۇ دەپ، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

تورپاق سالى شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۆزىدىن ياش تېمىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى چېغى، «مەن ئاتلىرىغا قاراپ قوياي» دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

شۇ تاپتا خوجىنىيازنىڭمۇ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى. تورپاق سالىنىڭ سۆزلىرى يەنە داۋام قىلىغان بولسا، ئېھتىمال، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى. ئۇنىڭمۇ خىيال قۇشلىرى ئالىقايالاردا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى — ئېگىز بويلۇق، كەڭ غوللۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، چار ساقال ئىمىنىياز شامەخسۇتنىڭ زىندىنىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدىكىن؟ ئۆزى پىلدەك بولغان بىلەن كۆڭلى قىلدەك ئىنچىكە بۇ ئادەم شامەخسۇتنىڭ قىلىقلىرىنى هار ئېلىپ كېتىپ، ئۆزىنى بىر نېمە قىلىۋالمىغىدى؟ ئاپئاق توقاچقا ئوخشاش يۇمىلاق يۈزىنى ئەمدى قورۇق بېسىپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان يۇمشاق كۆڭۈل ئانىسى ئايسە ئاپپاق نېمە دەردلەرنى تارتىۋاتىدىكىن؟ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇنجى كۆرگەن بۇدۇرۇق ئوغلى سەدەنىشانى كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولامدىكىن؟ تورپاق سالىغۇ يىگىرمە يىلنى توشقۇزسا، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتالىشى مۇمكىن، خوجىنىيازچۇ؟ شامەخسۇت تىرىكلا بولىدىغان بولسا، ئۇمۇر مەنزىلىنىڭ يىگىرمە بەشىنچىسىگە ئەمدىلا قەدەم قويغان بۇ قىران يىگىت ئۇمۇر بويى سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكە مەھكۇم. ھەتتا ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئۇنىڭ خۇنى ئۈچۈن ۋەدە قىلىنغان ئون ئىككى يامبۇ ئون ئىككى ئەجەل قاپقىنىدەك ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا. دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان قازانغا ئوخشاش قاپقارا يۈزىنى زېمىنغا قارىتىپ تۇرغان بۇ ئاسمان گۈمبىزى ئۇنىڭغا زادى قانداق قىسمەت تونىنى پىچىپ قويىدىكىن؟

خوجىنىياز شۇنداق خىياللار بىلەن ئاخىرقى پىيالىسىنى بوشىتىپ، ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرغاندا، تورپاق سالى قايتىپ كىرىپ، يەنە گەپ باشلىماقچى بولدى.

— بولدى قىلىڭ دادىسى، خۇدانىڭ كۈنى ئەتىمۇ بار ئەمەسمۇ؟ مېھمان چارچاپ كەتكەندۇ، ئەمدى ئارام ئالسۇن، — دېدى ئۇنىڭ ئايالى داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋېتىپ.

— خوپ، سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن، — دېدى تورپاق سالى، ئاندىن مېھمانغا قاراپ، — مېنى بۇ قازاق ئاپپىقىم توسۇپ قويمىغان بولسا، ئۆزلەنى گەپكە تۇتۇپ كېچىچە ئۇخلاتماي قويىدىكەنمەن، — دەپ كۈلۈپ قويدى.

ئۇ، گەپكە تۇتمىغان بىلەنمۇ، خوجىنىياز تۈن نىسپىگىچە زادى ئۇخلىيالمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، شامەخسۇتنىڭ ھېلىقى جان ئالىدىغان ئېلانى بۇ تەرەپلەرگە يېتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگۇ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى تورپاق يېغىلىقىغا قاتناشقان ئاق كۆڭۈل ئادەم كۆرۈنىدۇ، سىرنى بىلگەن

تەقدىردىمۇ، خىيانەت قىلمايدىغانلىقىدەك تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئادەمگىمۇ يالغان ئېيتسا، خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ئەگەر سىر يوشۇرۇپ تۇرۇۋەرسە، مۇندىن كېيىن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغۇلۇق؟ ھېلىقى قامزا دېگەن يىگىت «خەت يازدىم قارا سىياھ - قەلەم بىلەن، ھەر قاچان ئادەم كۆنى ئادەم بىلەن» دېگەن قازاق ماقالىنى ئېيتقانىدى. توغرا، ئادەمنىڭ كۆنى قاچانلا بولمىسا ئادەم بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ ناتونۇش يۇرتلاردا بىرەر سىرداش دوست بولمىسا، يالغۇزچىلىقتا نېمە قىلغىلى بولسۇن؟ ئەمما ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە، مۇبادا تورپاق سالىمۇ ئون ئىككى يامبۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، نىيىتىنى بۇزسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ پۇلنىڭ مېھرى يامان. سەيپۇڭ توختى دېگەن قارايۈز رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىگە نېمىلەرنى قىلمىغان؟ ھېلىقى قىسماق ئىشانچۇ، تېخى! ياق-ياق، ھەممىلا ئادەم سەيپۇڭ توختى ئەمەس. پۇلنى دوست تۇتمايدىغان ئادەملەر نۇرغۇن.

ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

— لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ھۆكۈمى توقسۇن تەرەپلەرگىمۇ ئۆتەمدۇ؟ — سورىدى تورپاق سالى ئەتىگەنلىك چايدا، — توقسۇندىمۇ پۇقرالارنىڭ كۆنى ئېغىردۇ دەپ ئويلايمەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق سالىكە، — دېدى خوجىنىياز كۆزلىرىنى تورپاق سالىغا تىكىپ، — ئۆزلەزە ۋاڭ - غوجىلارغا بەكلا قارشى ئىكەنلا - ھە؟!

— ئەمسىچۇ! قوي بىلەن بۆرە قاچان ئىناق ئۆتكەن دەيدىلا؟ قولۇمدىن كەلسە، ئۇ دەيۈزلەرنى ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن يوقىتىۋەتسەم دەيمەن.

— تۆمۈر خەلپە يېغىلىقىدا قوشۇلدا بولغان بولسىلا، ئۇنىڭغا قېتىلىپ كېتەرمىدىلە؟ — سوردى خوجىنىياز جىددىي قىياپەتتە.

— مىڭ جېنىم بىلەن قېتىلاتتىم. ھېلىمۇ - زە، تۆمۈر خەلپىدەك يەنە بىر ئەر چىقسىكەن، دەپ خۇدايىمدىن تىلەيمەن. ئاڭلىشىمچە، تۆمۈر خەلپە خويمۇ باتۇر ئەر ئىكەندۇق، ئۇنىڭ قېشىدا ئىلى پالگان دەمدۇ، قارا بوسۇق دەمدۇ، ھە يەنە بىرسى، خوجامنىيازغۇ دەيمەن، ھە شۇنداق، خوجامنىياز دېگەن پالگانمۇ بوپتىكەندۇق. ئەمما - زە...

— ئۆزلە بۇ گەپلەرنى نەلەردىن ئاڭلاپ يۈرىدىلا؟ — سورىدى خوجىنىياز.

— ۋاي ئۇكام، — دېدى تورپاق سالى، — جاھان خالىسي ئەمەس، قۇمۇل تەرەپتىن ئالتاي، چۆچەكلەرگە كەلگەن سودىگەرلەر بۇ يەردە قونماي ئۆتمەيدۇ. مەن تېخى تۆمۈر خەلپىگە قوشقان قوشاقلارنىمۇ ئاڭلىغان:

تۆمۈر خەلپە قوزغالدى
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چيەن دارىننى ئويلاتتى (قاچۇردى)
ھاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

بایاتىدىن بېرى جىددىيلىشىپ ئولتۇرغان خوجىنىياز بۇ يەرلەرگە قومۇلدىنمۇ سودىگەرلەر كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— سالىكە، ئەمدى گەپنىڭ راستىنى ئېيتمىسام بولمىدى. ئاشۇ خوجىنىياز دېگەن مەن بولىمەن. تۆمۈر ئاكامنىڭ يېقىن يىگىتلىرىدىن تىرىك قالغىنى مەنلا ئوخشايمەن. شامەخسۇت بىلەن ياڭ جاڭجۈڭ مېنىڭ خۇنۇمنى تۆلەپ قويىدى. كىمكى مېنى تىرىك تۇتۇپ بەرسە، ئون ئىككى يامبۇغا ئىگە بولىدۇ. مەيلىلىرى مېنى تۇتۇپ بەرسىلە، مەيلىلىرى ماڭا باش پاناھ بولسىلا، مەن ئۆزلەگە ئىشىنىپ راست گېپىمنى ئېيتتىم.

تورپاق سالى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا پىرقىرىتىپ تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ بويىنىغا ئېسىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تامغان ياش دانىچىلىرى خوجىنىياز پالۋاننىڭ قۇلاقلىرىنى ھۆللىۋەتتى.

— ۋاي جېنىم ئۇكام، ئاخشاملا شۇنداق دېسلەچۇ، زادى مېنىڭ كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيۇپ تۇرغان، — دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىنىياز پالۋان تۆمۈر خەلپە يېڭىلىقىنىڭ جەريانىنى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ، ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. تورپاق سالى:

— ئاگال بىر - ئىككى كۈن ھاردۇق ئالسىلا ئۇكام، كېيىن بىر گەپ بولار، — دەپ ئەتىگەن پادىدىن تۇتۇپ كەلگەن پاخلاننى سويۇشقا كىرىشتى.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تورپاق سالى مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— بۇ يەر شەھەردىن خېلى يىراق، ئەمما - زە، بەرىبىر چوڭ يول ئۈستى، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. مېنىڭ تاغ ئىچىدە قازاقتىن چىپار ئاسقار دېگەن بىر جان دوستۇم بار. ئۇ تولىمۇ ھالال ئادەم، ئۆزى ئۇستا مەرگەن. ئۇ كاساپەتنىڭمۇ قومۇل مەرگەنلىرىگە ئوخشاش ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدۇ. يىراق - يىراقلارغا، ھەتتا بورتالا تاغلىرىغا بېرىپ بۆكەن ئاۋلاپ كېلىدۇ. بۆكەن مۈڭگۈزلىرىنى مەن ئۇنىڭغا پۇل قىلىپ بېرىمەن. ئۆزى شەھەر تەرەپلەرگە تولا كەلمەيدۇ. مۇبادا بۇ ئىش كۆڭۈللىرىگە پىسەنت كەلسە، شۇ ئاغىنەم بىلەن ئاۋچىلىق قىلىپ تۇرسىلا، كېيىن بىر گەپ بولۇر، شامەخسۇتمۇ ئۆلمەسنىڭ دورىسىنى يەۋالمىغاندۇ.

بۇ مەسلىھەت خوجىنىياز پالۋانغا ماقۇل كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىرەر يىلنى چىپار ئاسقار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. بىراق ھېلىقى دەھشەتلىك ئېلاننىڭ ۋەھىمىسى خۇددى بىر پارچە قارا بۇلۇتتەك تارباغاتاي بىلەن بورتالا تاغلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئاخىر تورپاق سالى بىلەن چىپار ئاسقار خوجىنىياز پالۋاننى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى لايىق تاپتى.

— بوپتۇ، ئالەمچە كەڭ ۋەتەننىڭ قوينىغا مېنىڭ مۇشتۇمدەك بىر بېشىم پاتمىغاندىن كېيىن، يات ئەللەرگە كەتسەم كېتەي، — دېدى خوجىنىياز كۆزىگە ياش ئېلىپ.

چېپار ئاسقار خوجىنىيازنى بورتالا ئارقىلىق روسىيە چېگرىسىنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بىر جۈپ بۆكەن مۈڭگۈزىنى قولىغا تۇتقۇزدى - دە، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئامان بول دوستۇم، تاغ - تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشار. ئامان بولساق يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز.

3

شۇنىڭدىن كېيىن، قىسمەت بورانلىرى خوجىنىياز پالۋاننى يات بىر ئەلنىڭ دەشت - قىر ۋە كوچا - كويلىرىدا كۆز غازىڭىدەك ئۇچۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىر يەركەت دېگەن شەھەرگە ئەكىلىپ قويدى.

يەركەت — چار پادىشاھلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى ئارىسىدا 1881 - يىلى فېۋرالنىڭ باشلىرى پېتىرگراتتا ئىمزالانغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە — «ئىلى شەرتنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىغا بىنائەن، شۇ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1883 - يىلنىڭ باشلىرىغىچە ئىلىدىن يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈپ چىققان ئاتمىش نەچچە مىڭ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسمى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ئىدى.

ئاق خان بىلەن قاراخان
ئىنتىماق ئەكەن باشتا.
كەتمەككە بايان ئەيلەپ
كېمە ياسىدۇق قاشتا.

ئالمۇتىغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ
كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق.

يامانتۇدىن ئۆتكەندە
توققۇز تارا تاشلىرى.
كۆچۈپ بارغان خەقلەرنىڭ
قۇرۇمايدۇ ياشلىرى.

بۇ قوشاقلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولغان ئەنە شۇ كۆچ - كۆچ يىللىرىدا ئېيتىلغاندى.

يەركەت شەھىرى رۇس ئىنژېنېرلىرىنىڭ پىلانى بىلەن قۇرۇلغاچقا، كوچىلىرى كەڭ - كەڭ، ئۆيلەر ئەينەك دېرىزىلىك قىلىپ سېلىنغان. شەھەردىن ئۇزۇنغا ئالتە كوچا ئېلىنغان بولۇپ، كوچا ئۆيلىرى باغ - ۋارانلىق قورۇلاردىن تەركىب تاپقان ۋە ھەر

تۆت قورۇ بىر كۆۋرتال شەكلىدە، يان يولارمۇ بىر خىل ئۆلچەمدە ياسالغان. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋېلىباي تەكلىپ قىلغان جۇڭگو ئۇستىلىرى تەرىپىدىن خەنزۇ مېمارچىلىقى سەنئىتى بىلەن ياسالغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسچىتنى قۇرغان باش ئۇستا يەركەتتىن ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا، مانجۇ خانلىق ھۆكۈمىتى ئۇنى «مىللىي مېمارچىلىق ھۈنىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى چەت ئەلگە ساتقان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىكەن.

بىر كۈنى خوجىنىياز خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بۆكەن مۈڭگۈزىدىن بىر جۈپىنى سېتىش مەقسىتىدە كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەسچىتنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىشىك - دېرىزىلىرى ئەينەكلىك دۇكانلار بىر - بىرىدىن ئاۋات كۆرۈنەتتى. خوجىنىياز پالۋان موي - تېرە ۋە مۈڭگۈز سېتىلىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ، ئۇيان - بۇيان قاراپ يۈرگەندە، ئۇستىگە يۇڭ رەختتىن شىم - كاستۇم، بېشىغا مانچىستىر دۇخاۋا دوپپا كىيگەن بىر ياش يىگىت: «كېلىڭ، مېھمان، نېمە ئالاي دەيسىز؟» دەپ ئۇنىڭغا خېرىدارلىق قىلدى. خوجىنىياز پالۋان بۆكەن مۈڭگۈزىنى قوينىدىن چىقىرىپ:

— بۇنى ساتقاندىن كېيىن، ئاندىن بىر نېمە ئالسام ئالارمەن، — دېدى. دۇكاندار يىگىت مۈڭگۈزنى قولىغا ئېلىپ، ئوبدان قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ياخشى مال ئىكەن، قانچە بېرەي؟ — دېدى.

— بازار نەرقى بولسۇن، لازىم بولسا، يەنە بار، — دېدى خوجىنىياز ئوچۇق چىراي بىلەن.

— يەنە بار دېدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئانداق بولسا، — دېدى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ھەممىگە بىز خېرىدار. قېنى، مەن بىلەن يۈرۈڭ.

دۇكاندار يىگىت دۇكاننى ھەمراھلىرىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى شەھەرنىڭ چېتىگرەك جايلاشقان ھەيۋەتلىك بىر باغلىق ھويلىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئادەتتىكى بايلارنىڭ ھويلىلىرىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى قىسمە - چۆچەكلەردىكى پادىشاھ ئوردىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر جاي ئىدى.

— ۋېلىباي دەپ ئاڭلىغانمۇ؟ بىز ھازىر شۇ كىشىنىڭ يازلىق سارىيىغا كەلدۇق، — دېدى دۇكاندار يىگىت خوجىنىياز پالۋاننىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ. ئاندىن — بىزنىڭ بۇ خوجايىنىمىز ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە ئابرويىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن روسىيەدە يېرىم پادىشاھ دەپ ئاتالغان، — دېدى.

بۇ يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى. ۋېلىباي تەخمىنەن 1835 - يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنىدا جايلاشقان غالجات يېزىسىدا يتواداش ئاخۇن دېگەن ھاللىق بىر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئانىسى غالجات يېزىسىدىكى توقىلەك يۈز بېگى دېگەن كىشىگە ياتلىق بولغان. ۋېلىباي يىگىرمە

ياشلاردىن ئاشقاندا، غالجاتتىن غۇلجىغا كۆچۈپ كىرىپ، هاللىق كىشلەرنىڭ تىجارەت-
تىنى باشقۇرۇشقا كىرىشكەن ۋە ئۆزىمۇ بېيىشقا باشلىغان. 1871 - يىلى چار پادىشاه
غۇلجىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، بىرنەچچە مىڭ ئەسكەر تۇرغۇزغاندا، ۋېلىباي شۇ رۇس ئەس-
كەرلىرى ۋە باشقا رۇس هەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرىنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ
بېرىشىنى بىرنەچچە يىلغىچە كۆتۈرە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئالاهىدە بېيىپ،
چار هۆكۈمىتى ئالدىدىكى ئىناۋىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. جۈملىدىن، خەيرى - ساخا-
ۋەت قىلىش ۋە مەسچىت - مازارلارنى ياسىتىش جەھەتتىكى پائالىيەتچانلىقى بىلەن جاما-
ئەت ئوتتۇرىسىدىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشىپ، ۋېلىباي دەپ هەممىگە تونۇلۇشقا
باشلىغان. ۋېلىباي يەركەتكە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنمۇ، يەتتىسۇ رايونىدا تۇرۇشلۇق
رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بارلىق تەمىناتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنى كۆتۈرە ئېلىپ، ھېسابسىز
بېيىغان. چار هۆكۈمىتى بۇ خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەپ، ئۇنى بىرقانچە ئوردېن ۋە
مېداللار بىلەن تارتۇقلىغاندىن تاشقىرى، پېتېرگراتتىكى پادىشاه سارىيىدا ئۇنىڭغا
ئاتاپ ئالاهىدە هۆرمەت كۆرسىسى (ئورۇندۇقى) بەلگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالاهىدە
بىر ئىمتىياز ئىگىسى بولۇپ قالغان. بايا دۇكاندار يىگىت ۋېلىباينى يېرىم پادىشاه
دەپ ئاتالغان دېيىشتە ئەنە شۇنى تەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. شۇ گەپتىن كېيىن ئۇ
خوجىنياز پالۋاننى كۈتۈمخانىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، كەڭ شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن قارا دۇخاۋا جىلىتكە،
بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا كىيگەن ئېگىز بويلۇق، ئېگىز بولغانىمۇ هەرقانداق ئادەمدىن
ئېگىز كۆرۈنىدىغان، يوغان - يورپا ۋە ئۈستىخىنىغا لايىق سېمىز، ئات يۈزلۈك، ئاپئاق
ساقاللىق بىر كىشى ياۋروپاچە بېزەلگەن ئازادە مېھمانخانىدا خوجىنياز پالۋاننى قو-
بۇل قىلدى. بۇ ۋېلىباي ئىدى. بايىقى بىر جۈپ بوكەن مۆڭگۈزى ئۇنىڭ قولىدا
تۇراتتى. ئۇ، خوجىنيازنىڭ سالىمىنى ئىسسىق چىراي بىلەن ئىلىك ئېلىپ، ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى ۋە:

— هارمىغايسەن يىگىت، بورتالا تەرەپتىن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ ئۆزۈڭ ئاتقان-
مۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى خوجىنياز كەمتەرلىك بىلەن.

— يەنە بولسا هەممىنى ئالىمىز، قانداق دەيسەن؟

خوجىنياز قوينىدىن يەنە ئىككى جۈپ مۆڭگۈزنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى
ۋە سودىلىشىپ تۇرمايلا بەرگىنىگە رازى بولدى.

— ياخشى ئوۋچى ئىكەنسەن. مىلتىقىڭ يېڭىمۇ؟ — دېدى ۋېلىباي خوجىنياز
پالۋاننىڭ ساددىلىقىغا قىزىقىپ ئولتۇرۇپ.

— مىلتىقىم يوق، ئوقيا بىلەن ئاتقان، — دېدى خوجىنياز يالغان ئېيتىۋاتقىنى
ئۈچۈن شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپ. چۈنكى بۇ بوكەنلەرنى ئوقيا بىلەن ئەمەس،
چىپار ئاسقارنىڭ مىلتىقى بىلەن ئاتقانىدى.

— ئانداق بولسا، — دېدى ۋېلىباي، — ئوق، مىلتىق مەندىن بولسۇن، قانچە

بۆكەن ئاتساڭ ھەممىسى ماڭا ھېساب. سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن.

خوجىنىياز رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ۋېلىباي ئۇنىڭغا يۈز تال ئوق بىلەن بىر يېڭى بەش ئاتار ۋە بىر ياخشى ئات بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خوجىنىياز ئوۋچىلىق قىلىپ، ۋېلىبايغا بىرقانچە جۈپ بۆكەن ۋە بۇغا مۈڭگۈزى ئەكېلىپ بەردى. ئۇ ھەر قېتىم سودىلىشىپ تۇرماي، باينىڭ بەرگىنىگە رازى بولۇۋېرەتتى. باشقا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ئارتۇقچە خۇشامەت قىلماي، ئۇدۇل مىجەزلىكى بىلەن يۈرۈۋېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ۋېلىبايغا ناھايىتى ياقاتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ، بارا - بارا ۋېلىباي ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

بۇ بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى مەزگىللىرى ئىدى. چار پادىشاھ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن روسىيە ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈز مىڭلىغان پەرزەنتلىرىنى زەمبىرەك يېمى قىلىپ بەردى. ئۇرۇش ياسىماۋۇزلىرى يەنىلا قان تەلەپ قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، روسىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش يەتتىسۇ رايونىدىمۇ، ئەسكەر ئېلىش ئىشى يەنە باشلىنىپ كەتتى. چار پادىشاھنىڭ يارلىقىغا بىنائەن، ھەربىر تۈتۈن يەنە بىردىن ئوغلىنى ئەسكەرلىككە بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. ۋېلىباينىڭ ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن سىرتتا قالالمىدى. باي ئۆز ئوغلىنى زەمبىرەك يېمى بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە، ئوغلىنىڭ ئورنىغا بۇ تۇقسۇنلۇق ئوۋچى يىگىت ئىسياقنى ئەۋەتىش كويىغا چۈشۈپ، ئۇنى چېكىپ كۆردى. خوجىنىياز كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ئەسكەرلىككە بېرىشقا ماقۇل بولدى. ۋېلىباي بولسا، ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز پالۋان ئىسھاق دېگەن نام بىلەن يېڭى ئەسكەرلەر قاتارىدا يەركەتتىن يىراق بىر جايدىكى ھەربىي تەلىم لاگېرىغا ئەۋەتىلدى. يامان ئىشنىڭمۇ بىر ياخشى يېرى بولۇپ قالىدۇ دېگەندەك، بۇ ھەربىي تەلىم جەريانى خوجىنىيازغا شۇ زاماننىڭ يېڭى تىپتىكى ھەربىي قوراللىرىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. ئەمدى ئۇ تۆمۈر خەلپە زامانىسىدىكى ئاددىي قوراللاردىن پايدىلىنىدىغان ئۇستا مەرگەنلا ئەمەس، پېتېرگراد ھەربىي زاۋۇتلىرىدىن چىققان ئېغىر - يېنىك پىلىموت، ميناميوت، ھەر خىل تاپانچا ۋە قول بومبىسى قاتارلىق قوراللاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى چۇۋۇپ قۇرالايدىغان بىر جەڭچى بولۇپ يېتىشمەكتە ئىدى. جۈملىدىن، ئۆزى تۇرغان قىسىمدىكى خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە نامەلۇم بولۇپ كەلگەن بىرمۇنچە تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلماقتا ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى مۇنداق بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى:

ئاخشىمى يېتىشقا كاناي چېلىنىپ بولغاندا، خوجىنىياز بىلەن يانمۇيان بىر رۇس يىگىتى چېدىردىكىلەرگە قاراپ، ئۆزبېكچە تەلەپپۇزنى بۇزۇپراق سۆزلەپ: «ئاغىنىلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار» دېدى. ئۇنى ھەممەيلەن خوخول گرىگورى دەپ ئاتىشاتتى. بۇ چېدىردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، رۇس، قازاقتىن بولۇپ، ئون بىر كىشى بار ئىدى.

خوخۇل گرىگورى تۆۋەن ئاۋازى بىلەن بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا كەۋدىلىك بىر ئادەمنىڭ سايىسى چېدىرنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىغانىدى. بۇنى چېدىردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى سەزمەيتتى.

— بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاددىي پۇقرالارغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپ داۋام قىلدى خوخۇل گرىگورى، — بۇ پەقەت چار پادىشاھنىڭ، ئاندىن قالسا، چوڭ بايلار-نىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئۇرۇش. ئۇلار بىزنى ئەتە-ئۆگۈن فرونتقا ئېلىپ بارىدۇ-دە، «ئالغا!» دەپ كوماندا بېرىدۇ، بىز «ھۇررا!» دەپ نېمىسلارنىڭ ئوقىغا قارشى كۆكرەك كېرىپ ماڭىمىز-دە، ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ نېمىس سولداتلىرى بىلەن نەيزىلىشىپ، بىر-بىرىمىزنىڭ قارنىنى يېرىشىمىز. ئۈچەيلىرىمىز چۇۋۇلۇپ توپىغا مىلىنىدۇ. يا ئۇ ئۆلىدۇ ياكى سەن...ھە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ يا بولمىسا، تارسىلداپ ئېتىلغان پىلىمۇت ئوقلىرى ئاستىدا، قوناق شېخىدەك تېرىلىپ ياتىسەن. ئۆلۈكۈڭ ئې-تىز-قىرلاردا قېلىپ، كۆزۈڭنى قاغا-قۇزغۇن چوقۇيدۇ. ئاتا-ئاناڭ، قوۋم-قېرىنداش ياكى سۆيگەن يارىڭ يوقلاپ كېلىدىغان قەبرەڭمۇ بۇ دۇنيادا قالمايدۇ. پادىشاھ ۋە بايلار بولسا ئۆزىنىڭ ئوردا-سارىيىدا گۈزەل خېنىملىرى بىلەن شامپان ئىچىپ، تانسا ئويناپ ھۇزۇر قىلىۋېرىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چار پادىشاھ بۇ ئۇرۇشتا يەڭسەمۇ-يېڭىلسىمۇ، سەن بىلەن بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، بىز كىم ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىنىمىز؟

خوجىنىياز پالۋان دەرھال «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى»نىڭ باشلىنىشىنى ئەسلە-دى. شا مەخسۇت ۋاڭ ئۇرۇمچى جاڭجۇڭنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قۇمۇلدىن بىرنەچچە يۈز پالۋاننى قوراللاندۇرۇپ، ئىلى جاڭجۇڭىغا قارشى ئۇرۇشقا ماڭغۇزغاندا، ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆلۈپ، قۇمۇل ئاسمىنىنى مۇسىبەت بۇلۇتلىرى قاپلىمىغانمىدى؟ شا مەخ-سۇت ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەسكەر ئېلىپ ماڭغۇزغاندا، تۆمۈر خەلپە: «ھەي قېرىن-داشلار، نەگە بارىسىلەر؟ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەزىز يۇرتىنى، مېھرىبان ئاتا-ئانا، ئۇ-رۇق — تۇغقاننى تاشلاپ، شامەخسۇت بىلەن ئۇرۇمچى جاڭجۇڭى ئۈچۈن ئۆلگىلى بارام-سىلەر، ئۆلگىلى؟ شامەخسۇت شۇنچە قىلغانلىرى يەتمەي، ئەمدى بىزنى ئوققا تۇتۇپ بەرمەكچى، بىلەمسىلەر؟» دەپ ئۇلارنى توسۇغان ئەمەسمىدى؟ خوجىنىياز بۇ گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە باشقىلاردىن ئاڭلاپ، «تۆمۈر ئاكام راست ئېيتىپتۇ» دېگەن ئەمەسمىدى! ئەمدى ماۋۇ خوخۇلنىڭ گېپىمۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ-كىگە ئوخشاۋاتىدىغۇ؟ توختا، ئۇنىڭ گېپىگە ئوبدانراق قۇلاق سېلىش كېرەك.

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىزكىم ئۈچۈن ئۇرۇشقا بارىمىز، كىم ئۈچۈن؟ — داۋام قىل-دى گرىگورى، — مېنىڭ ئاكام ئۆتكەن يىلى ئۇرۇشتا ئۆلدى، ئۈچ بالىسى يېتىم قال-دى. ئەمدى چار پادىشاھ مېنىمۇ ئۇرۇشقا ئاپىرىپ، قېرى ئاتا-ئانامنى ھەر ئىككى قانىتى سۇنغان قۇشتەك قىلىپ قويماقچى، ئىككى ياشقا كىرگەن قىزىم ناتالىيەنى يېتىم قويماقچى، ھالال جۈپتىم ۋدرانى تۇل قىلماقچى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ ئۇرۇش-قا قارشى! ئەگەر ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل پۇقرالارنىڭ

بەختى ئۇچۇن بولىدىغان ئۇرۇش بولسا، پۈتۈم بىلەن ئەمەس، بېشىم بىلەن باراتتىم.
بىر جېنىم ئەمەس، مىڭ جېنىم بولسا پىدا قىلاتتىم. بىراق ھازىرقى ئۇرۇش ئۇنداق ئە-
مەس، ئاغىنىلەر.

— بۇ گەپلەرنى بىۋان دارازىمۇ ئېيتقان. خوش، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟
شۇنىمۇ ئېيتمامسەن! — دېدى ئەزىمەت دېگەن ئۆزبېك يىگىت ياستۇقتىن بېشىنى
كۆتۈرۈپ.

خوخۇل گرىگورى سىرتقا قۇلاق سېلىپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— نېمە قىلاتتۇق؟! بۇ يەردىن ئاستا كېتىش كېرەك! — دېدى.

چېدىرنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ قالدى. پەقەت بەزىلەرنىڭ ئۇلۇغ ـ كىچىك تى-
نىپ پۇشۇلداۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خوجىنىيازمۇ قاراڭغۇ بولۇشىغا قارىماي، خو-
خۇل گرىگورىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئادەتتە قاپىقىنى سېلىپ، خىيالچان يۈرى-
دىغان بۇ خوخۇلنىڭ چىرايى گويا شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يېلىنجاپ تۇرغان چوغدەك كۆرۈ-
نۈپ كەتتى. ئۇ، خوخۇلنىڭ قوللىرىنى يوغان ئالقىنىغا ئېلىپ مەھكەم قىسىپ قويدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قول چىراغلىرى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ قالدى. كۆزنى يۇ-
مۇپ ئاچقۇچە، قوللىرىغا تاپانچا تۇتقان ئىككى ئوفىتسىر تۆت ئەسكەرنى باشلاپ چې-
دىرغا كىرىپ كەلدى ۋە ھەممەيلەننى ئويغىتىپ، كىيىنىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن سىرتقا
ئېلىپ چىقىپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاپ ھەيدەپ ماڭدى. يېرىم سائەتتىن كې-
يىن خوجىنىياز ئۆزىنى يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ كامېردا كۆردى. قالغانلارنىڭ نەگە
كەتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ھەربىي لاگېر بويىچە بىرنەچ-
چە يۈز كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئاي دالىدا ھەربىي سوت ئېچىلىپ، خوخۇل گرى-
گورىغا «بولشېۋىك تەشۋىقاتچىسى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قى-
لىندى ۋە شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلاندى. بىرەر ئايدىن كېيىن، خوجىنىياز بىر پەيتنى
تېپىپ، ۋېلىبايىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەلدى ۋە بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي بايان
قىلىپ: «خوشلاشماي كېتىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى، ماڭا دۇئالىرىڭنى بەرسىلە، باي دادا،
مەن بۇ يەردىن كېتىۋالاي» دېدى.

— نەگە كېتىسەن؟ — دەپ سورىدى ۋېلىباي.

— راستىنى ئېيتسام، ئۆز يۇرتۇمغا بارالمايمەن. توغرا كەلگەن بىر يۇرتتا تا-
غۇ ـ دەشتلەرنى ماكان قىلىپ، كۈنۈمنى ئالارمەن، — دېدى خوجىنىياز غەمكىن
بىر ئاھاڭدا.

— ھەتتىڭنە، ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالغان ئىدىڭ، — دېدى ۋېلىباي، — ئەھۋال
بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا، ساڭا ئۇۋال قىلىپ قويماي. مەن سېنى كۆرمىدىم، سەن
مېنى كۆرمىدىڭ. ماڭا ئامانەت قويغان پۇلۇڭنى قولۇڭغا بېرىپ، ھەججە بارىدىغانلارغا
قوشۇپ قوياي. شۇ ياقلارغا بېرىپ كۈنۈڭنى ئال. ئىرادە بولغان كۈنى قايتىپ
كېلەرسەن.

خوجىنىياز خۇشال بولۇپ، ۋېلىبايغا رەھمەت ئېيتتى. ۋېلىباي ئۇنىڭغا ھاجىلار

ماڭغۇچە تالا ـ تۈزگە چىقماي تۇرۇشنى تاپىلىدى. ئارىدىن بىر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ۋېلىبايىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھاجىلار بىلەن يولغا سېلىپ قويىدى①.

ئۇ، مەككىدىكى مۇقەددەس جايلارنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قاچاندۇر بىر زامانلاردا قەشقەر تەرەپتىن بېرىپ قالغان ياقۇپ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ خىزمىتىگە كىرىدى ۋە گاھ تۆگە بېقىپ، گاھ خورمىلىق باغدا ئىشلەپ يۈردى. ئەمما قاچانلا بولمىسۇن، غەلىتە بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلاپ بىئارام قىلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تاڭ سەھەردە ئىلاج تاپسىلا ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قارايتتى ۋە تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شامىلىدىن خۇددى بىر خۇش پۇراق نەرسىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك، چوڭقۇر ـ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ خىيال سۈرەتتى. شۇنداق چاغلاردا گويا كىمدۇ بىرسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇمۇل ناخشىلىرىنى شىۋىرلاپ ئېيتىۋاتقاندەك:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ
شارلارنىڭ تېغى.②
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئايرىلىش دېغى.

مەككىگە بارماڭ يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ـ تۆت يىللىق ئۆمرى مەككە ـ مەدىنە دىيارىدا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى «پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەي» دەپ، ھەجدىن قايتقان ھاجىلارغا قوشۇلۇپ (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توقسۇنلۇق ھاجىلارمۇ بار ئىدى)، تاشقورغان، يارقىلىق قەشقەرغە، ئاندىن قاراشەھەرگىچە كەلدى. ھېلىقى ئېلاندا ئېيتىلغان يىگىرمە ئۈچ ـ تۆت ياشلاردىكى ئاق يۈزلۈك يىگىت ئەمدى ئېڭەكلىرى قويۇق ساقال بېسىپ، شامال ـ بوراندا قارىداپ كەتكەن، يۈزىگە خېلىلا قورۇق چۈشكەن قاتاڭغۇر بىر ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ قالغانىدى. شۇ پېتى ئۆيىگە بارسا، ئېھتىمال، قېرى ئانىسى ئايسە ئاپپاقمۇ ئۇنى دەرھال تونۇيالمىغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ شامەخسۇت تېخى ھايات بولغاچقا، ئۇ يەنىلا قۇمۇلغا بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن، ئاتا ـ ئانىسىغا تىرىكلىك نىشانىسىنى بېرىپ قويۇش لازىم دەپ ئويلاپ، ھېلىقى توقسۇنلۇق ھاجىلاردىن

① ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1935 ـ يىللىرى ۋېلىبايىنىڭ كەنجى ئوغلى جامخان غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسى نامىدىن خوجىنىياز ھاجىنى (ئۇ، بۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى) ئالاھىدە يوقلىغان.

② شارلار تېغى ـــ خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تاراتى بىلەن ئۇنىڭغا يانداش بولغان قالغايتى، قۇراۋۇق، ئېرغايتى دېگەن تاغلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ۋە بورتالا تەرەپكە كېتىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، توقسۇندىكى ئانا جەمەت تاغىسى قۇربانىنىيازغا ئىككىلىك خەت يېزىپ بەردى. ئۇ چاغلاردا توقسۇن شۆبە ناھىيە بولۇپ، قۇربانىنىياز ناھىيە ھاكىمى سۈپىتىدە ئىش باشقۇرۇپ تۇرغاچقا، قۇربانىنىياز شەن دەپ ئاتايتتى. شۇڭا ھېلىقى ھاجىلار بۇ يىگىتنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى. خوجىنىياز يەنىلا ئىسھاق دېگەن نام بىلەن قارا شەھەر تەۋەسىدىن تاغ ئارقىلىق بورتالانى نىشانلاپ، ئىلى تاغلىرىغا ئاتلىنىپ كەتتى. چۈنكى نېمىلا دېگەنبىلەن بورتالا تاغلىرى ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ قالغان ۋە ئۇ يەردە موڭغۇل مالچىلاردىن يېقىن دوستلىرىمۇ بار ئىدى. دېگەندەكلا بىرەر ئاي كېزىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇ ئانچە قىينالمايلا، بورتالا ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئوتبۇلاق دېگەن يېردىن كونا دوستى ئېردېنىباتىنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالدى.

ئېردېنىبات قىرىق ياشلاردىن ئاشقان سومباتلىق كىشى بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى ئوۋچىلىق بىلەن ئۆتكەنىدى. ئۇ ئوۋغا چىققان كۈنلىرىدە، ئۇزۇن ئۆچكە ساقىلىنى سول قولىغا چېگىپ ئالاتتى. ئۈچ يىل بۇرۇن، قەدىناس ئايالى تۇيۇقسىز قازا تاپقاندىن بۇيان، ئىككى نارەسىدە بالىسى بىلەن يالغۇز قالغانىدى. شۇ ئارىدا سىڭلىسى بۆرتەناچىنىڭ ئېرى شواخورناردىن يىلقا ھەيدەپ كېلىۋاتقاندا تاغدىن غۇلاپ قازا تاپتى. شۇنىڭدىن بۇيان، بۆرتەناچىنمۇ ئاكىسى ئېردېنىباتىنىڭ كىگىز ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېردېنىبات خوجىنىيازنى قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا بىر ئايرىم چېدىر تىكىپ بەردى. خوجىنىياز شۇ چېدىردا يېتىپ-قوپۇپ، غىزا-تاماقنى ئۆزى قىلىپ يېسىمۇ، ئادەتتە بوش ۋاقىتلىرىنى ئېردېنىباتىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېردېنىباتىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مىلتىق سېتىۋېلىپ، ئوۋچىلىققا كىرىشىپ كەتتى.

ئېردېنىبات ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان سىڭلىسى بۆرتەناچىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆپ قايغۇراتتى. ئەمما بۆرتەناچىن ئۆزىگە چىققان لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى پەسەنت كۆرمەيتتى. بۇ لايىقلار ئېردېنىباتقىمۇ ياقمايتتى. چۈنكى بەزىلىرى خوتۇنى ئۆلگەن قېرىلار بولسا، بەزىلىرى ئۇنى توقاللىققا ئالماقچى بولاتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە بىرنەچچە يىللار بۇرۇن تونۇشقان دوستى «ئىسھاق» نى تەقدىر يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويدى. قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى ئۆتكۈر قارايدىغان بۇ توغرا سۆزلۈك مەرگەن يىگىت ئېردېنىباتقا ناھايىتى ياقاتتى. ئۇ سىڭلىسى بۆرتەناچىنىڭ بۇ يىگىتكە بىلدۈرمەستىن كۈلۈمسىرەپ قويۇشلىرىنىمۇ كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يىگىتنىڭمۇ بورتالادا يەرلىشىپ قېلىش نىيىتى بارلىقىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېردېنىبات سىڭلىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، بىر كۈنى خوجىنىيازغا مۇنداق دېدى:

— ئىنىم ئىسھاق، بىز سېنىڭ بىلەن بىر ئۆي كىشىسىدەك بولۇپ قالدۇق. گەپلىرىڭگە قارىغاندا، سەن مۇشۇ يەرلىك بولۇپ قالىدىغاندەك تۇرىسەن. ئېگەكلىرىڭنى ساقال باسقان بىلەن، سەن تېخى ياش. قاچانلا بولسا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشۇڭ كې-

رەكقۇ. مەن سىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن كۆپ ئارىلاشقان، سىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقادىڭلارنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. سىلەر بىلەن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىز باشقا-باشقا بولغان بىلەن ھەممىمىزنى بىر خۇدا ياراتقان. ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم. قېرىلىرىمىز ئېيتىدىغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىز موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا قېرىنداشلاردەك ئىناق ئۆتۈپتىكەنمىز. چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىدا بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەمەلدارلار بولغانىكەن. چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى ئۇيغۇر پادىشاھىغا خانىشلىققا بېرىپتىكەن. بىز ئىككىمىز ئاكا-ئۇكىدەكلا بولۇپ قالدۇق. ئەگەر توغرا تاپساڭ، سىڭلىم بۆرتەنى... ھە، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرىدىكەن.

خوجىنىياز چۆچۈپ كەتتى. بىر تال ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچىدىكى كۈمۈش تەڭگىلەرنى شاراقلىتىپ غەمكىن يۈرىدىغان بۆرتەنىڭ بەزى-بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىم كۈلۈپ قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى-دە، كۆزلىرىنى ئېردېنباتتىن قاچۇرۇپ، خىيالغا چۆمدى:

«ئابلاھۇ ئەكبەر، سىر يوشۇردۇم دەپ، بۇلارنى ئالداپ قويۇپتىمەن-دە. مېنىڭ كىملىكىمنى بىلسە، مۇنداق ئويلارغا كەلمىگەن بولۇرمىدىكىن! ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ ماڭا ئوخشاش بىر مۇساپىرغا بۇنچىلىك ئەقىدە باغلىمىقى ئاسانمۇ؟ توۋا، دۇنيادا ئەجەب ياخشى ئادەملەرمۇ بار-ھە! قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ دەپ، دۆربىلجىندىكى تورپاق سالى، چىپار ئاسقار، لاگېردىكى ھېلىقى خوخۇل گرىگورى، مويسىپىت ۋېلباي... بۇ ئېردېنباتچۇ تېخى... توۋا... ئۆزى يات دىنىدىكى بىر تايىپە تۇرۇپ، ئۆز قوۋمىدىكى شۇنچە دۆلەتمەن لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتماي، باشقا دىنىدىكى مۇساپىر يىگىتكە كۆڭۈل بېرىۋاتقان بۆرتەناچىنىچۇ! بۇ قازاق، بۇ ئورۇس، بۇ قالماق دېگەن گەپلەر ئادەمنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا تامغا بولالمايدىكەن، جۇمۇ! ئۇنى دېسە قانخور شامەخسۇت بىلەن ھاشىر تەيجى، ھېلىقى سەيپۇڭ توختى بىلەن سېغىزخان دېگەن يۈزى قارا لومودىلار بىز بىلەن بىر يۇرت، بىر مىللەت، بىر دىن قېرىنداش ئەمەسمىدى؟ ئاخىر نېمىلەرنى قىلمىدى-ھە، توۋا! ئۆزى قالماق بولسىمۇ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا بېشىمغا پاناھ بولۇپ، ئەمدى تېخى مېنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلىۋالماقچى بولۇۋاتقان بۇ ئادەمدىن سىر يوشۇرۇپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟!»

ئۇ، ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئېردېنباتنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئۇققانسەن، ئاكا، مەن قاچقۇنلۇقتا يۈرگەن بىر ئادەم. تەقدىر مېنى يەنە نېمە كويلارغا سالىدۇ، بىلمەيمەن. ناۋادا، ياخشى كۈننىڭ يامىنى كېلىپ، قالسا ياكى مەن قۇمۇلغا كېتەر بولۇپ قالسام، بىچارە بۆرتەناچىنىڭغا ئۇگال بولۇپ قالمىسۇن دەپ قورقىمەن. بولمىسا، بۆرتەناچىنىدەك جۇگاننىڭ جۈپتى بولۇپ، سېنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ تۇغقىنى بولۇپ قالسام، بېشىمغا دۆلەت قۇشى قونغاندەك بولاتتى.

ئېردېنبات غاڭزىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ:

— ئېيتقانلىرىڭ ھەق گەپ. بىراق بۇ يەرلەردە سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلىدىغان باشقا كىشى يوق. ئىزدەپ يۈرگەنلەرمۇ ئەمدى سېنى تونۇيالمايدۇ. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. ئەمما شامەخسۇت ۋاڭ ھايات بولسا، سەن قانداق قىلىپ قومۇلغا بارالايسەن؟ ئوبدانراق ئويلاپ باق.

— دۈشمىنىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگۈچە، ئۆزۈڭنىڭ ئۆمرىنى تىلە دەپتىكەن، — دېدى خوجىنىياز، — يەنە بىزدە ئۈمىدسىز شەيتان دېگەن ماقالمۇ بار. بىر كۈن كېلۇر، ماڭمىمۇ يول ئېچىلۇر. قومۇلغا بېرىپلا ئالسام، تۆمۈر ئاكامىلارنىڭ ئۆچىنى ئالماي قويمايمەن.

— تۆمۈر خەلپە بىلەن قىلغان ئىشىڭلارنى يەنە قىلىمەن دەمسەن؟ ئاڭغىچە شامەخسۇت ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟

— شامەخسۇت بىلەن، تەڭ ۋاڭلىق زۇلۇم تۈگەپ، پۇقراغا ياخشىلىق ئىش بولىدىغان ئىش بولسا مەيلى، بولمىسا، بۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن. يەنە بىر ئىش باشلايمەن.

— ياخشى، مەن بۈگۈن سېنى باشقىدىن تونۇدۇم، ئۇكام، — دېدى ئېرىدىنبات، — ئەر يىگىت مۇشۇنداق بولۇش كېرەك. گېپىڭگە قارىغاندا، قومۇلدىكى پۇقرالار بىزدىنمۇ يامانراق كۈندە ئىكەن. ئۆز ئېلىگە كۆيۈنمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. مۇھەممەت پەيغەمبىرىڭلارنىڭ روھى سىلەرگە مەدەت بولسۇن. مەن ساڭا پۇتلىكاشاڭ بولمايمەن. بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرساڭ، كىگىز ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ھەر زامان ساڭا ئوچۇق.

دېگەندەكلا شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئېرىدىنبات خوجىنىياز پالۋاننى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ بىر ۋىجدانىي بۇرچى دەپ ھېس قىلاتتى. خوجىنىياز پالۋاننىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنى ساتقىلى بازارغا كىرگەندىمۇ، بۆرتەناچىنىغا ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆزى مۇمكىنقەدەر تېزرەك قايتىپ چىقىشقا تىرىشاتتى.

4

شۇنداق قىلىپ، يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى ياز قۇياشى ئاخىرقى نۇرلىرىنى ئاپئاق بۇلۇتلارنىڭ مەڭزىدە قالدۇرۇپ، ئۆز ياتىقىغا جۆنەپ كېتىۋاتقان بىر چاغدا، ئېرىدىنباتنىڭ يوغان سېرىق ئىتى قاتتىق قاۋاپ كەتتى. ئېرىدىنبات توپتوغرا ئۆز ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى. چۈنكى ئۆزىگە تونۇش مالچى يىگىت ئۇراغاي ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئىككى يات كىشىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چىراي-شەكلى ۋە كىيىم-كېچىكىدىن ياقا يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. تورۇق ئات مىنگىنى ئۆچكە ساقال، ئورۇق ئادەم بولۇپ، قارا ئات مىنگىنى قالماق يۈزلۈك، كەكە ساقال دوغلاق كىشى ئىدى. ئېرىدىنبات ئىتنى تۇسۇپ تۇرغاندا، مالچى ئۇراغاي ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپلا: «سىزگە مېھمان باشلاپ كەلدىم» دېدى. مېھمانلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئېرىدىنباتقا ئوچۇق چىراي بىلەن موڭغۇلچە تەزىم قىلدى. ئېرىدىنباتمۇ تەزىم بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، نېمە دې-

بېشىنى بىلمەي تۇرغاندا، مالچى ئۇراغاي بۇ كىشىلەرنىڭ يىراق بىر يۇرتتىن ئوتبۇلاققا كېلىپ، ئېردېنىباتنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى، يولدا تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىراش ئىشى بارلىقىنى ئەسكەرتىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئارقىغا ياندى.

— بۇرادەر، — دېدى ئۆچكە ساقال ئورۇق كىشى، — بىز ئىسھاقنىڭ تۇغقانلىرى بولىمىز. ئۇنى بورتالادا دەپ ئاڭلاپ، ئىككى ئايدىن بېرى ئىزدە-ئىزدە بۇ يەرگە كەلدۇق. مېنىڭ ئېتىم ئىسماك، ماۋۇ ئادەمنىڭ ئېتى كوسوي نىياز.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان خوجىنىياز ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن: «كەلدىڭلارمۇ كىچىك دادا؟!» دېگەن پېتى كوسوي نىيازنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. كوسوي نىياز: «خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرى، بالام. ئامان-ئېسەن كۆرۈشتۇق. ئۇنۇڭنى ئاڭلىمىسام، ئۆزۈڭنى تونۇيالماي قالۇركەنمەن، تووا!» دەپ ئۇنى باغرىغا باستى. بۇ ئادەم خوجىنىيازنىڭ ئاتا جەمەت تاغىسى ئىدى. ئىسماك دېگەن ھېلىقى كەكە ساقال، ئورۇق كىشى بولسا، توقسۇن ھاكىمى قۇربانىياز شەڭنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ، كوسوي نىيازغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى.

مېھمانلار قارا چىراغ يورۇقىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، ئېردېنىبات بىر سېمىز قوزىنى ئىشىك تۈۋىگە ئەپكىلىپ: «قېنى، ئىنىم، بۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سوي، مەن سويسام...» دەپ خوجىنىيازغا قاراپ كۈلدى.

ئۇلار ئېردېنىباتقا مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە ھال-مۇڭ قىلىشتى. كوسوي نىيازنىڭ ئېيتىشىچە، قۇربانىياز شەڭ ھېلىقى توقسۇنلۇق ھاجىلاردىن خوجىنىيازنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان، ئىسماكنى ئۆزىنىڭ ئاچىسى ئايسە ئاپپاق (يەنى خوجىنىيازنىڭ ئانىسى) قېشىغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغلاردا خوجىنىيازنىڭ دادىسى ئىمىنىياز زىنداندا ئاللىقاچان قازا تاپقانىكەن. ئوغلىنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ، بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايسە ئاپپاق دەرھال شەھەرگە كىرىپ، خەلق ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاخۇنلۇقۇم» (يەنى، ئاخۇن ئۇلۇغۇم) دەپ ئاتالغان سەدەنشا ئەئلەم ئاخۇنۇم بىلەن ھەسەن بالاھاجى، شاياخمەت باي، ئىسمائىل داتۇ، مائاخۇن (خۇيزۇ) قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىغا ئەرزۇ-ھال ئېيتىپ يىغلاپتۇ. ئۇلار ئايسە ئاپپاقنىڭ ئەرزۇ-ھالىنى شامەخسۇت ۋاڭنىڭ چوڭ تەيجىسى يۇسۇپ بەگكە يەتكۈزۈپتۇ. يۇسۇپ تەيجى بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قاراپ، ئاخۇنلۇقۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرى نامىدىن خوجىنىيازنىڭ گۇناھىنى تىلەش مەزمۇنىدا شامەخسۇت ۋاڭغا بىر پارچە ئەرز يېزىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئاخۇنلۇقۇم بۇ تەكلىپكە دەرھال قوشۇلۇپتۇ ۋە بىراۋنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىدىن ئۆتمەكنىڭ نەقەدەر چوڭ ساۋاب ئىكەنلىكى توغرىسىدا «قۇرئان»، «ھەدىس» ۋە ئىسلام دانىشمەنلىرىنىڭ ئورغۇنلىغان ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بالاغەت ھەم پاساھەتتە ناھايىتى تەسىرلىك بىر ئەرزنامە يېزىپ، يۇسۇپ تەيجىگە بېرىپتۇ.

يۇسۇپ تەيجىنىڭ خوجىنىياز پالۋان مەسىلىسىدە مۇنداق ئەستايىدىل بولۇشى

تاساددىپى ئەمەس ئىدى. جىژەككىنە كەلگەن كەكە ساقال، قاڭشارلىق، ئاق - سۈزۈك يۈ-
زىدىكى ئىنچىكە قىزىل تومۇرلىرى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ قوي كۆزلۈك كى-
شى ئەسلىدە بەگ ئەۋلادى بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، بالىلىقىدا
كۆپ جاپا چەككەن، يىگىتلىك دەۋرىمۇ ياقا يۇرتلاردا، ھەتتا شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بېيى-
جىڭدىكى مەنزىلگاھى «خامىگۇەن» دە مۇلازىملىق بىلەن ئۆتكەن. ئۇ، شۇ كۈنلەردە
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى سېغىنىپ مۇنۇ نەزمىنى يازغان:

بۇ غېرىبلىق شەھرىنىڭ جەننەت مەسەلدەك باغىدا،
يۇرسە گەر بۇلبۇلغا ئوخشاش بەرگى گۈل ياپراغىدا،
ئوخشىماس ئۆز يۇرتىغا، كەتمەس خىيالدىن ئۆز ۋەتەن،
ئۆز دىيارىدا ئەگەر بولسا قەدەم تۇپراغىدا.
يەتسە بىر كۈن بۇ غېرىبنىڭ دوستى - ياردىن بىرى،
يادى قىلسۇن بۇ غېرىب كەلمىش كىچىكلىك چاغىدا.
قالمىسۇن مەخپىي ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپتۇر قۇمۇلى،
كۆزى ياش دەريايى تۈگگۈەندۇر ① جۇدالىق داغىدا.

«تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» دىن كېيىن، ئۇ چوڭ تەيجىلىك مەنسىپىگە ئېرىشكەن كۈنلەردىمۇ، سىرتقا چىققاندا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولغان يۇنۇس تەيجى ياكى باشقا بەگلەرگە ئوخشاش قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك مەپىگە ئولتۇرماي ئالاتاپان جەدە ئېتىغا مىنىپ، تىزگىنىنى بوش تۇتقان ھالدا، ئاستا لىڭشىپ ماڭاتتى. ئات ئۈستىدىمۇ ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەك سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خۇش خۇي - مۇلايىملىقى، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ئاددىي - ساددىلىقى، ۋاڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى ئېيتىشقا جۈرئەتلىك بولۇپ، پۇقراغا نىسبەتەن كۆيۈمچان-لىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى نۇشىرۋان تەيجىگە ئوخشىتاتتى. دەر-ۋەقە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ نۇشىرۋان تەيجىگە ئوخشاش ئۇلۇغ پارس مۇتەپەككۇر شائىرى شەيخ سەئدى ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ، سەلتەنەتىنىڭ ئۇزۇن زامان ھۆ-كۈم سۈرۈشى، يۇرتىنىڭ جەبرى - زۇلۇمدىن خالىي تىنچ ئاۋاتلىقى بىلەن خەلق كۆڭ-لىنىڭ مايىللىقىغا باغلىق، يۇرتىنىڭ تىنچ - ئاۋاتلىقى بىلەن خەلق كۆڭلىنىڭ مايىللىقى بولسا، ھۆكۈمدارلارنىڭ نىيەت - ئىقبالى ۋە ئىش ئەمەلىگە تالىق دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خوجىنىياز پالۋان مەسىلىسىدىمۇ، ئۆتمۈشكە سالاۋات دەپ، ئۇنىڭغا كەچۈرۈم قىلىنسا، بۇنىڭ بىلەن خەلق كۆڭلىنى ئۇۋلاپ ئالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، خوجىنىياز پالۋانغا ئوخشاش «ئىسيانكار» لارنىڭ خەلق ئىچىدە ئەركىن يۈرگىنىدىن، بىرەر يىپ بىلەن ئوردىغا باغلىنىپ، تۇرۇشىنى ۋاڭلىق ھاكى-مىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھېسابلايتتى.

① تۈگگۈەن — بېيجىڭدىكى بىر چوڭ ئۆستەڭنىڭ نامى.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۈسۈپ تەيجى ھېلىقى ئەرزنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى كۈندىلىك ئادەت بويىچە ئەتىگەنلىك تەزىم ئۈچۈن شامەخسۇتنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. بۇ كۈنلەردە شامەخسۇت ئۆمۈر شوتىسىنىڭ سەككىزىنچى بالدىقىغا قەدەم قويۇپ، پالەچ كېسەللىكى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا ئەللىك نەچچە يىل دەھشەت سېلىپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ بېشىدا ئەمدىلىكتە ئەجەل شەربىتى قۇيۇلغان جامنى قولىدا تۇتقان ئەزرائىلنىڭ قارا سايىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك نەچچە قېتىم ئەگىپ تۇراتتى. شامەخسۇت بولسا، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك كەڭ كارىۋاتتا ماۋۇت كۆرپىلەرگە چۆكۈپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى گۈلتۈك تورۇسقا تىككەن ھالدا، ئۈن-تىنسىز خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئوردا تېۋىپى بىلەن ئىككى مەھرەم پەگادا قول قوشتۇرۇپ جىم تۇراتتى. يۈسۈپ تەيجى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، كارىۋاتقا يېقىنلاشقاندا، شامەخسۇتنىڭ بىر نېمىدېپ پىچىرلاۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، تېۋىپ بىلەن مەھرەمنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، شامەخسۇتنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. شامەخسۇت قاچاندۇر بىر زامانلاردا قېرى تەيجىسى نۇشىرۋاندىن ئاڭلاپ، كېيىنچە ئۆزى بىنا قىلدۇرغان چوڭ مەدرىسىنىڭ تېمىغا نىل رەڭ بىلەن «خەتتى پارىسى» نۇسخىسىدا يازدۇرغان بىر غەزەلنىڭ بىرىنچى بېيىتىنى دۇدۇقلاپ ئوقۇماقتا ئىدى:

جاھان جام كۆللى زېيى جانغا، ئەجەل مەيدۇر، پەلەك ساقىي،
ۋە لېكىن قالغۇسىدۇر، قىلسا خەيرات تائەبەت باقىي.

يۈسۈپ تەيجى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى دەرھال چۈشەندى ۋە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سالام بېرىپ، ئېسەنلىك سوراپ ئۆتكەچ، تەگدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن ساقىلىنى سىيلىغان ھالدا، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بېشىغا ئېگىشتى. ئۆزىنىڭ تېۋىپلىق تەجرىبىسى بىلەن شامەخسۇتنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ھەقىقەتەنمۇ پەلەك ساقىيلىق قىلىپ، بۇ ئادەمگە ئەجەل شارابىنى تۇتماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ، ئەبەدىي باقىي قالغۇدەك نېمە ياخشىلىق قىلالىدى؟ كېسىلگەن باشلار، ئاققان قانلار، دەريا-دەريا كۆز ياشلىرىدا غەرق بولغان مەسۇم جانلارنىڭ چاقماقتەك گۈلدۈرلىگەن داد-پەريادلىرى... ھۇقۇقشلارغا ماكان بولغان خارابىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاھۇ-پىغانلار... ئەنە شۇلارنىڭ بەدىلىگە توپلانغان تاغ-تاغ ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-ياقۇتلار، ئامبارلاردا چىرىپ ياتقان توپ-توپ ئېسىل موي ۋە مۈڭگۈزلەر، تاغ-جىرالارغا پاتماي ياتقان سان-ساناقسىز پادا ۋە يىلقىلار... بۇلاردىن نېمە پايدا؟ شۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغقاندا، ئەجەل مېيىنىڭ بىر تامچىسىگە ئەرزىسە كاشكى! يەنە تېخى ئىسلام ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، ھەممە ئۆلۈكلەر تىرىلدىغان مەھشەرگاھتا ھالى نېمە بولاركىن؟ بەلكى شۇنچە ئوقۇغان نامازلىرى، سوپى-ئىشانلارغا بەرگەن خەيرى-ئېھسانلىرى، خۇدا يولىدا قىلغان نەزىر-نىيازلىرى بىكارغا كەتمەس. بىراق مۇقەددەس كىتابلاردا: خۇدا ھېچبىر بەندىنىڭ نامىزىغا خەيرى-ئېھسان ۋە نەزىر-چىراغقا موھتاج ئەمەس، مۇنداق نەرسىلەر بىلەن خۇدانى

ئالدىنغىلى، ياكى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن ئەمەسمىدى؟

— گەپ قىلىڭ، — دېدى شامەخسۇت نۇرسىز كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن پېتى.

— خو... ش. چىڭگاك خوجام ھەزرەتلىرى، ھازىر ئوقۇغان مىسرالار ئەھلى دانىش تەپەككۇرلىرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن مىسالدۇر. ئىنشائاللا، ھەزرەتلىرىدىكى نۇرغۇن ياخشى پەزىلەتلەر باقىي قالغۇسى.

— باقىي قالىدىغان ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى قايسى؟ — سورىدى شامەخسۇت.

— خاتىرە شېرىپلىرىگە مەلۇمدۇركى، — دېدى يۈسۈپ تەيجى، — ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش تاجدار زاتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، لۇتپۇ-كەرەم ۋە ئەپۇ پەزىلىتى ھەممە-دىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ئېسىل پەزىلەت ساھىبى بولغان كىشى ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۆزىگە بەتەھقىق دوست قىلالايدۇ، يەنى مەسىلەن:...

شامەخسۇت يۈسۈپ تەيجىنىڭ گېپىدە بىر مەنە بارلىقىنى سېزىپ، دەرھال ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ۋە: «نېمە دېمەكچى بولىسىز؟» — دېدى. يۈسۈپ تەيجى گەپنى «تۆ-مۈر خەلپە يېغىلىقى» دىن باشلاپ، بىرمۇنچە ئەگىتمىلەردىن كېيىن، خوجىنىياز دېگەن ئىسىمنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىلغا ئالدى ۋە بۇ ئادەمنىڭ «ئۆز گۇناھىدىن قورقۇپ»، ياقا يۇرتلاردا ئون بەش يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئەمدىلىكتە بولسا، ئانىسى ئايسە ئاپپاقنىڭ ئاخۇنلۇقۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرىغا يىغلاپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ «ئۇلۇغ چىڭگاك غوجام» دىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئەرز سۇنغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەچ «نېمە دەرسىز» دېگەندەك قىلىپ، جىم تۇرۇۋالدى.

— ئۇ تېخى تىرىكمىگەن؟ — دېدى شامەخسۇت سەل جىددىيلىشىپ.

— خو... ش، غوجام، رىسقى تۈگىمەس، بەندە ئۆلمەس دەپ، بۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى بولسا كېرەك، — دېدى تەيجى گەپنى قىسقا قىلىپ.

ئۆيىنىڭ ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى. پەقەت شامەخسۇتنىڭ ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈسۈپ تەيجى: «ئىشنى بۇزۇپ قوي-دۇممۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەشكە باشلىدى، يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقىنى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇ ئىشقا ئاخۇنلۇقۇممۇ ئارىلىشىپتىمۇ؟ — دېدى شامەخسۇت سەل يۇمشىغاندەك بىر قىياپەتتە.

— خو... ش، غوجام ئاخۇنلۇقۇم باشلىق...

— قېنى، ئوقۇڭ!

شۇنىڭدىن كېيىن، يۈسۈپ تەيجى بىر ئاز تېتىكلىشىپ، ھېلىقى ئەرز نامىنى ئاستا، ئەمما تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇشقا كىرىشتى.

— سىز قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟ — سورىدى شامەخسۇت ئەرز ئوقۇلۇپ بول-غاندىن كېيىن.

— ئاللا سۇبھانە ۋە تائالا ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن، دۆلەتلىرىنى يۈزۈن قىلغاي. — دېدى يۈسۈپ تەيجى، — پەقىر قۇللىرىدىن مەسلىھەت سورىسىلا، ئاخۇنلۇقۇم ئېيتقاندەك، جانابى ئاللا گۇناھكار بەندىلىرىگە غوپۇرۇ رەھىمدۇر. ھەزرەتلىرى ئۈچۈنمۇ ئەپۇ ۋە كەرەمدىن ئۇلۇغراق پەزىلەت بولماس. بىر خوجىنىيازغا ئەپۇ قىلماقلىق بىلەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ھەزرەتلىرىگە مايىل بولۇپ، شان-شۆھرەتلىرى تېخىمۇ ئاشقۇسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتسىلە شۇنىمۇ ئىزھار ئەيلىگۈم كېلىدۇكى، خوجىنىياز قۇمۇل دىيارىدا داڭقى چىققان مەرگەن، ئۆزى يۈرەكلىك ئادەم ئىمىش. مۇبادا ئۇ راستىنلا توۋا قىلغان بولسا، قەسەم ئىچكۈزۈپ ئوردا خىزمىتىگە سالساق، ئالاھەزەل قىياس، تاغدا يۈرگەن يىرتقۇچ يولۋاسنى قولغا ئۆگىتىپ، چاشقان تۇتىدىغان ئۆي مۈشۈكى قىلىۋالغىلى بولۇرمىكىن دەيمەن.

ئۆيىنىڭ ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى.

— ئۇ ھازىر نەدىكەن؟ — سورىدى شامەخسۇت.

— يۈسۈپ تەيجى ئۇنىڭ تېخىچە قۇمۇلغا كېلەلمەي، ئىلى تاغلىرىنىڭ بىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى شامەخسۇت، — شەھەردىن ئاخۇنلۇقۇم، ھەسەن بالاھاجى، شاھئەخمەت باي، ئىسمائىل داتۇ، تاغدىن ئابدىنىياز مىراب باشلىق يۇرت چوڭلىرى كېپىل بولغاي. خوجىنىيازنىڭ ئانىسى ئايسە ئاپپاقنى ئوردىغا ئەپكېلىپ، گۆرۆگە تۇتۇپ تۇرۇڭ. ئەمما خوجىنىيازنىڭ ئۆزى مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىغاي!

— خوش، — دەپ ساقىلىنى سىيلاپ قويدى يۈسۈپ تەيجى ئىشنىڭ مۇنداق ئاسان پۈتكىنىگە خۇشال بولۇپ.

— ئۈرۈمچىدىنچۇ، گەپ-سۆز بارمۇ؟ — سورىدى شامەخسۇت.

— ئۆتكەن قېتىمقىدىن باشقا ھېچبىر يېڭى گەپ يوق.

— بۇ قېرى تۈلكە بۆكۈمگە جىگدە سەپ قويۇپ، كۆزۈمنىڭ يۇمۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ، نېمە؟ ئەۋەتكەن سوۋغا-سالاملىرىمىز ئازلىق قىلدىمۇ-يا؟

— يوغىسۇ غوجام، ئۇزۇن يىللار جۇغلانغان بەرىكەتلىك خەزىنىلىرىدىكى دۇنيا-نەپىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇنى ئاز دېگىلى بولماس!

بۇ گەپلەر ياڭ زېڭشىن ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى. شامەخسۇت ئەتىياز ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بۇيان، ئۆز ئورنىغا ئوغلى نەزەرنى قۇمۇل ۋاڭى دەپ جاكارلاش توغرىسىدا ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملار بىلەن مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتكەنىدى. چۈنكى مانجۇ خانلىقىدىن كېيىن، ئۇنى قوللاپ كەلگەن يۈەن شىكەيمۇ ئاللىقاچان ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، ئەمدى ھېچقانداق يۆلەنچىسى قالمىغان ۋە بۇ كۈنلەردە مىلىتارىستلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرى تۈپەيلى، مەملىكەت بويىچە بىرەر مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئەگەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلا-

بىي كۈچلەرنىڭ مىلىتارىستلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان شىمالغا يۈرۈش تۈرۈشى غەلىبە قىلىپ، مەملىكەتتە بىرلىككە كەلگەن جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ قالسا، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولماي قالاتتى. شامەخسۇت ئەنە شۇلارنى تەخمىنەن بولسىمۇ چۈشىنىدىغان بولغاچقا، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئۆزىنىڭ بىر-دىنبىر ھىمايىچىسى بولغان ياڭ زېڭشىنغا باغلاپ، جاھاننىڭ تىنچلىقىدا ئۇنىڭغا ئوغلى نەزەرنى قۇمۇل ۋاڭى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدۇرۇۋېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. ياڭ زېڭشىن بولسا، ۋەزىيەتنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنىپ، قۇمۇلدەك مۇھىم ستىرا-تېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە زېمىننىڭ بىۋاسىتە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدا بولمىغانلىقىغا ئىچى پۇشۇپ يۈرگەچكە، شامەخسۇتنىڭ قانداق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا ئىدى. بولۇپمۇ ئىچ-كى ئۆلكىلەردىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆپرەك ئەسكەر تۇرغۇزۇش پىلانىغا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ «تارخان جاساقلىقى» تۈزۈمى① پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقاچقا، خۇددى يۇقىرىدا شامەخسۇت ئېيتقاندەك، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ «كۆزىنىڭ بۇرۇنراق يۇمۇلۇشى»نى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، شامەخسۇت ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزىپ «ئاسمان خۇداسى شامەخسۇت چىڭگاڭنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي، ئەمما كۆزىمىنىڭ ئوچۇقىدا ئوغلۇمنىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغىنىنى كۆرەي دېسە، بۇمۇ بولىدىغان گەپ. مەن دەرھال بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلاي، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرسۇن» دەپ، ئۇنى يولغا سالدى.

شامەخسۇت يۈسۈپ تەيجىنىڭ بايىقى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىندىن ئاغرىنىشىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن بىلىمەن، ئەمدى ئۇنىڭغا مېنىڭ كېرىكىم قالمىدى. ياڭ جاڭجۈڭ شەيتان-نىمۇ دەريا بويىغا ئاپىرىپ ئاغزىنى سۇغا تەگكۈزمەستىن ياندۇرۇپ كېلىدىغان قېرى تۈلكە. ئەمما يېگەن ئېغىز ئۇيىلىپتۇ، دېگەن گەپ بار. خەزىنەمنىڭ يېرىمى كەتسىمۇ مەيلى، نەزەرنى مېنىڭ ئورنۇمغا ۋاڭ دەپ جاكالايدىغان، گۇڭسى ② تارقاتمىسا بول-مايدۇ. ئۆرۈمچىگە يەنە ئادەم ماڭغۇزايلى، ئۆزىڭىز چىقىپ كېلەمسىز-يا؟ ياق، بول-مايدۇ، سىز يېنىمدىن كەتمەي تۇرۇڭ، باشقا بىرسىنى ماڭغۇزۇڭ.

— خو...ش، غوجام. ئۇنىمۇ قىلارمىز، ئەمما ئۆزىمىزگىمۇ پۇختا بولساقمىكىن دەيمەن. بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كەپتۇ، دېگەن گەپ بار. بىزمۇ بىر-ئىككى يۈز پالىگاننى جابدۇپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىمىزنى پۇختىلاپ قويساقمىكىن، تېخى ئېگىز باغچىغا كانتۇ ③ كىرەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— ھازىر ئوردىدا قانچە پالگان بار؟ — سورىدى شامەخسۇت.

---

① بۇ تۈزۈم بويىچە، قۇمۇلنىڭ يەرلىك خەلقى ۋاڭنىڭ «دۆلىتى»، يەر-زېمىنلەر ۋاڭنىڭ ئاتا مىراس يېرى ھېسابلىنىپ، ئوردىنىڭ نەچچە ئون مىڭ مولۇق يېرىنى دېھقانلار ھەقسىز تېرىپ، پۈتۈن مەھسۇلاتنى ئوردا ساڭلىرىغا تاپشۇراتتى، ھۆكۈمەت ساڭلىرىغا ئاشلىق-پاراق قوييالمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، قۇمۇلدا تۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ تەمىناتى بىر مەسىلە ئىدى، بۇ يەردە شۇ نۇقتا كۆزدە تۇتۇلغان.

② ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان رەسمىي ھۆججەت، دېمەكچى.

③ كانتۇ — ئوغرى.

— ئەلۋەتتىن ئاشمايدۇ، يەنە بىرەر يۈز پالگان يىغىپ، ھە راست، ھېلىقى خوجەنىياز پالگاننىمۇ ئەپكېلىپ، يارىملىقراق بىرسىنى پالگان بېشى قىلىپ قويساقمىكىن دەيمەن. قورال-يارىقىمىز يېتىپ ئاشقۇدەك بار، — دېدى يۈسۈپ تەيجى سەل ئېھتىيات بىلەن.

شامەخسۇت «خوجەنىياز» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ، يەنە تاتىرىپ كەتتى. بىردەم جىمىلىقتىن كېيىن، يۈزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ مۇنداق دېدى:

— نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ. ئەمما ھېلىقى خوجەنىياز دېگەننىڭ كوسوينىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزغۇچى بولماڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن، يۈسۈپ تەيجى ئايسە ئاپپاقنى چاقىرتىپ كېلىپ، شامەخسۇتنىڭ خوجەنىيازنى كەچۈرۈم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى رەسمىي يارلىقنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە خوجەنىيازغا كېپىل بولغان ئاخۇنلۇقۇم باشلىق يۇرت چوڭلىرىدىنمۇ شۇ كۈنىلا تىل خەت ئالدى. يوقىرىدا ئېيتىلغان كوسوي نىياز بۇ يارلىقنى ئېلىپ، بورتالاغا مېڭىپ بولغۇچە خوجەنىيازنىڭ كېچىرىم قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ چوڭ ۋەقە سۈپىتىدە پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا پۇر كەتكەنىدى.

— ئېردېنبات ئاكا، ھەممە گەپنى ئۇقتۇڭ، ئەمدى بۇ ئىشقا سەن قانداق مەسلىھەت بېرىسەن؟ — دېدى خوجەنىياز پالۋان ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا.

— سىلەر مۇسۇلمانلاردا تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس، دېگەن گەپ بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى، تەۋەككۈل قىلىپ بار، ئۇكام! قېرى ئاناڭنىڭ ئۇۋالىغا قالما، — دېدى ئېردېنبات خوجەنىياز پالۋاننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ. ئاندىن ۋەزمىن بىر ئاھاڭدا مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى:

— ساڭا دەيدىغىنىم، ئۆزۈڭگە ھەرزامان پەخەس بول، ئۇكام. پادىشاھ دېگەن بىر نېمىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېسىڭدىن چىقارما. پادىشاھلار لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. يىراقراق تۇرۇپ ئىسسىنساڭ بىر گەپ، بەك يېقىن بېرىۋالساڭ بىر يېرىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ.

— رەھمەت ئاكا، مېنى ئۆز قېرىندىشىڭدەك كۆرۈپ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىدا بېشىمنى سىيلىدىڭ، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن، — دېدى خوجەنىياز پالۋان كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ئېردېنبات ئۈن-تىنسىز سىرتقا قاراپ ماڭدى. خوجەنىياز بىلەن كوسوي نىيازلارمۇ سەل ھەيران بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شۇ ئارىدا ئېردېنباتنىڭ خوجەنىيازنى قىچقارغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۆرتەناچىن ئىنگەر-جابدۇقلۇق بىر قارىگىر ئاتنى تۇتۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئېردېنباتنىڭ قولىدا ئۆز يېنىدىن ئايرىمايدىغان موڭغۇل قامچىسى ① تۇتۇق-

① بۇ خىل موڭغۇل قامچىسى ئۇچىغا تۆرۈنىڭ مايمىقىدەك چوڭلۇقتا تۈگۈچۈن تۈگۈپ، تېرىسىدىن ئاتلا تىرلىق قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىلغىنىدىن قىلىنىدىغان بېزى ئۆزىدىن ئىككى-ئۈچ دەسسە تىشتا (يەنى چوڭ بىر غېرىچ) بولىدۇ، ساپ قىلىنىدىغان تېرىلغا بىر تال يىلان بىلەن قوشۇپ تۈزلۈق سۇغا ئۈچ-تۆت توققۇز كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئاز ئېگىلۈچان ھالغا كېلىپ، ئاسان ئۈزۈلمەيدىغان بولىدۇ. موڭغۇللار بۇنداق قامچا بىلەن بۆرە ئۆلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا بۇ خىل قامچا ناھايىتى ئەتىۋارلىق سانىلىدۇ.

لۇق ئىدى.

— بۇ بىزنىڭ ساڭا يوللۇقىمىز بولسۇن، — دېدى ئېردېنىبات ئاتىنىڭ چولۋۇرى بىلەن ھېلىقى قامچىنى خوجىنىيازنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، — قازا يېتىپ، ئات بىر نېمە بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، ماۋۇ قامچىنى مېنىڭ ئورنىمدا كۆرۈپ، بېلىڭدىن ئايرىما.

خوجىنىياز قامچىنى دەرھال بېلىگە قىسىپ، ئېردېنىباتنى قۇچاقلىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كىرپىكلىرىدىن ياش تامچىلىرى باھارقۇياشىنىڭ ئەتىگەنلىك نۇرىدا گۈل بەرگىدىكى شەبنەم دانىچىلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. بۆرتەناچىن بولسا، مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى تۇيماي، ھوشسىز كىشىدەك قېتىپ قالغانىدى. خوجىنىياز مەككە تەۋەرۈكى بولغان بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى چىمچىناق قولىدىن چىقىرىپ، ئېردېنىباتقا قارىدى، ئېردېنىبات: «بوپتۇ، قېرىنداشلىقىڭلارنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن» دەپ كۈلۈمسىرىدى. خوجىنىياز ئۈزۈكنى بۆرتەناچىننىڭ قولىغا سېلىپ قويدى.

5

— دانا، ئېردېنىباتنىڭ يادنامىسى ھېلىمۇ يېنىمدا، — دېدى خوجىنىياز ھاجى كەڭ تاسما بەلبېغىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قامچىسىنى سۆھبەتداشلىرىغا كۆرسىتىپ.

قىسقا ساپلىق موڭغۇل قامچىسى قولدىن-قولغا ئۆتۈۋاتقاندا، «بۇ يادنامە موڭغۇل خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دوستلۇق بەلگىسى ئىكەن» دېدى بۇرھان شەھىدى مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ ئولتۇرۇپ.

— بورتالادا ئېردېنىبات بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن يەنە قەيەرلەردە بولدىڭىز؟ — دېدى ھەيدەر ئەپەندى ھاجىنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە قىزىقىپ.

خوجىنىياز ھاجى بورتالادىن تۇقسۇنغا، ئاندىن قۇمۇلغا بېرىپ، قېرى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ تەيجىگە سالام بېرىشكە كىرگەنلىكىنى، ئاندىن يۈسۈپ تەيجىنىڭ دەۋىتى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «پالگان بېشى» بولغانلىقىنى، بەختكە يارىشا، شاھمەخسۇت ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

— ھازىرچۇ، جىڭ شۇرېن نەزەرنىڭ ۋاڭ بولۇشىغا قوشۇلمىغاندەك تۇرامدۇ؟ — سورىدى تاھىر بەگ تۇرۇپكىسىنى شوراپ ئولتۇرۇپ.

— بۇنى بىلمىدىم. يۈسۈپ تەيجى ئۆزىنىڭ تۈگىچىسىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ، كۈندە يامۇلغا قېتىرىغىنى، ماڭا گەپ قىلغۇدەك پۇرچىسىمۇ يوق. ئەمما-زە، ئەپيۇنكەش نەزەر ۋاڭ بولۇپ قالسا، قۇمۇل خەلقىنىڭ بېشىغا تېخىمۇ زور بالا ياغىدۇ، ئۇ چاغدا...

— ھە، ئۇ چاغدا، يەنە بىر يېغىلىق قوپتۇرىمىز دېسىلە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلدى مەخسۇت مۇھىتى ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ئەلۋەتتە، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ يولۋاسقا تۇتۇلساق بولماس، — دېدى ھاجىم ئاندىن، — نەزەرنى يولۋاسقا ئوخشاتقىنىم سەل بولماي قالدى، ئۇنى لالما ئىت دېسەم توغرا بولۇر، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئەمما ھاجىم، راست گەپنى قىلاي، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، سىز شۇ لالما ئىتنىڭ ئۇۋىسى بولغان ۋاڭ ئوردىسىنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، خۇددى قولغا ئۆگىتىلگەن قاپلانغا ئوخشاپ قالدىڭىز، ئەمدى ئۆي قاپلىنىدىن نېمىنى كۈتكىلى بولىدۇ؟ — دېدى ھەيدەر ئەپەندى مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇز بىلەن.

ئۇنىڭ «ئۆي قاپلىنى دېگەن گېپى ھاجىمنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى چېغى، ئۇ ئورنىدىن دەس قوپۇپ، يوغان مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى-دە، «نېمە، ئۆي قاپلىنى؟! قاراپ تۇرۇڭ، سىز دېگەن ئۆي قاپلىنى نېمە ئىشلارنى قىلىدىكەن! بىزدە ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا دېگەن گەپ بار» دەپ ئۆيدىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

«ھە...ي، يامان قىلدىڭىز، ئەپەندىم» دېگەن يېتى مەخسۇت مۇھىتمۇ ئالدىراش سىرتقا ماڭدى. بىراق ھاجىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ھەيدەر ئەپەندى مۇنداق دېدى:

— پاھ، مىجەزى نېمىدېگەن چۇس ئادەم بۇ؟ تۆمۈر خەلىپىگە زادى ئوخشىمايدىكەن.

— ئوخشىمىغىنى ياخشى، — دەپ كۈلۈپ قويدى تاھىر بەگ.





# مەسەل، يۇمۇر، ساتىرا

ياسىن خۇدابەردى

## كوزىسى سۇنغان باشلىق

1

باشلىق يېتىپ قاپتۇدەك
تاماق يېمەي، چاي ئىچمەي،
ئېتىۋاپتۇ ئىشىكنى
ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشمەي.
ئاخشام ئىچكەن «ئاچچىقسۇ»
چىشلىۋاپتۇ بېشىنى،
ياندۇرۇپتۇ قالدۇرماي
يېگەن-ئىچكەن ئېشىنى.
«مەن كېسەل دەپ ياغلىقتا
تېڭىۋاپتۇ بېشىنى.
ئالدىراشتا يوتقاننىڭ
يېپىنىپتۇ تېشىنى.
ئۆرلىگەندەك ئىسسىتمىسى،
يۇمۇۋاپتۇ كۆزىنى.
ھوشسىزلىقنىڭ دەستىدىن
بىلمىگەندەك ئۆزىنى.
كار قىلماپتۇ دوختۇرنىڭ
بەرگەن ئېسىل دورىسى.
بىر ئېلىپتۇ ئەتراپنى
خانىمنىڭ نالىسى.
شۇ تەرىقە بىچارە
بىر ھەپتىدەك يېتىپتۇ.
كۆرۈشەلمەي جىق ئادەم،
تالادىنلا كېتىپتۇ.
ئىدارىدە خەت-چەكلەر
يېتىپ قاپتۇ بېسىلىپ،
تەستىق كۈتۈپ نۇرغۇن ئىش
تۇرۇپ قاپتۇ ئېسىلىپ.

2

دەل شۇ چاغدا بىر خەۋەر
چاقماق كەبى تارقاپتۇ.
«يۇقىرىدىن بىر باشلىق
شەھىرىمىزگە كەپ قاپتۇ.»
بۇ خەۋەرنى شۇ زامان
«ئاغرىق» باشلىق ئاڭلاپتۇ.
بىردەمدىلا كېسەلدىن
ھېچ بىر ئەسەر قالماپتۇ.
مېھمان باشلىق قەدىمى
داۋا بولۇپ ئۇنىڭغا،
ئۈستىدىكى يوتقاننى
چۆرۈپ تاشلاپ بۇلۇڭغا،
تەتۈر كىيىپ كەشىنى
چىقىپتۇ ئۇ تالاغا.
جىق خەق كۈتۈپ تۇرسىمۇ،
قارىماستىن ئۇلارغا،

يۈگرەپ بېرىپ مېھماننى
ياتىقىدىن تېپىپتۇ.
پايپېتەك بوپ ئۆزىنى
ئايىغىغا ئېتىپتۇ.
پۈتى كۆيگەن توخۇدەك
ھېچ بىر ھالى قالماپتۇ.
كۆتۈش ئۈچۈن مېھماننى
يۈگرەپ پۈتى تالماپتۇ.
تەييارلاپتۇ زىياپەت
باشلىق مېھمان شەنىگە.
ماختاپتۇ ئۇ باشلىقنى
تونۇشتۇرۇپ ھەممىگە.
بەك قىزىپتۇ زىياپەت
نەغمە - ناۋا، ساز بىلەن.
چاقىرىلغان شوخ قىزلار
ئۇسسۇل ئويناپ ناز بىلەن.
ئاخىرلىشىپ زىياپەت،
داستىخاننى يىغىپتۇ.
تانسا - دېسكو ئويناشقا
كاتتا سورۇن قۇرۇپتۇ.
شادلىقىدا ساھىبخان
ئۆزى چۈشۈپ سورۇنغا،
پىرقىراپتۇ نەچچە رەت
ئولتۇرماستىن ئورۇنغا.
تانسا تازا قىزىپتۇ
سەھەرگىچە توختىماي.
سازچىلار ساز چېلىپتۇ
ئارام ئالماي ئۇخلىماي.
تولا ئويناپ - پىرقىراپ
زېرىككەندە ئادەملەر،
قايتىشىپتۇ بىر - بىرلەپ
تاشلاپ يېنىك قەدەملەر.
ئوي - خىيالغا پېتىپتۇ
قېلىپ باشلىق بىر ئۆزى.
چاقنىغاندەك بولۇپتۇ
ئاڭا تەلەي يۇلتۇزى.

3

مېھمان باشلىق ئەتىسى
كەتمەك بوپتۇ جابدۇنۇپ.
سۆز باشلاپتۇ ساھىبخان
كۆچۈكلىنىپ - يالۋۇرۇپ:
«كۆتەلمىدۇق تۈزۈكرەك،
بىزنى ئەپۇ ئەتسىلە.
تەييارلىدۇق ئاز سوۋغا،
ئۆيگە ئالغاچ كەتسىلە.»
ياق دېگەنگە ئۇنىماي،
تەقدىم قىپتۇ سوۋغىنى،
ئەشقا سېلىپ نەچچە ئون
چاپارمەننى، دوغىنى.
تولۇپ زەللە - سوۋغىغا
ماشىنىنىڭ ئارقىسى،
يەرگە پېتىپ كېتىپتۇ
«شۇنياڭجيەن» نىڭ چاقىسى.
دەپتۇ باشلىق ساھىپخان:
«ھەمراھ بولاي چۈشكىچە.
بىللە بېرىپ ئۆزىتاي
تەۋەمىزدىن چىققىچە.»
رەت قىلسىمۇ چوڭ باشلىق
ئۇنىماستىن تەگىشىپ،
ماشىنىغا چىقىپتۇ
چوڭ باشلىققا ئەگىشىپ.

4

يول ئۈستىدە جىق - يىرا
سېلىپ يەنە داسقاننى،
يۈكسەك - ئالىي ھۆرمەتتە
كۆتۈۋاپتۇ مېھماننى.
ئۇرغۇن پۇللۇق بوتۇلكا
كەلتۈرۈلۈپ قاۋاقتىن،
تەگىشىلىپتۇ مېھمانلار
شىركەيىپ بوپ شارابتىن.

خەيرلىشىپ چوڭ باشلىق
ماشىنىغا چىقىپتۇ.
ھۆرمەت بىلەن ئادەملەر
ئۇنى يولغا سېلىپتۇ.
لېكىن قالماي ئارقىدىن
بىزگە تونۇش ساھىبخان،
ھەمراھ بولۇپ باشلىققا
يول ئېلىپتۇ شۇ ھامان.
شوپۇرغا تېز ھەيدە، دەپ،
باشلىق بۇيرۇق قىلىپتۇ.
ھەلىلەر كۆپ، يول ئۇزاق،
كارۋان ئىتتىك چېپىپتۇ.
ئوتى ئۆچۈپ تۇيۇقسىز،
توختاپ قاپتۇ «ۋولگىسى»
«ئاپلا!» دەپتۇ ساھىبخان،
ئەمدى قانداق بولغۇسى؟!
شوپۇر ئىشقا كىرىشىپ،
جان دىلىدىن تىرىشىپ،
قارا تەرگە چۆمۈپتۇ،
ۋاقىت بىلەن ئېلىشىپ...
كىچىك باشلىق ئويغا غەرق،
قىلغىنىدىن مىڭ رازى.
ئەمدى ئۇنىڭ كېيپى چوڭ
كۈچلۈك بولار ئاۋازى.
«چوڭ باشلىقنى ئالدىمغا
ئېلىپ كەپتۇ خۇدايىم.
شۇنداق ئامەت ئۈزۈلمەي
كېپ تۇرسىكەن، ئىلاھىم.
يۇقىرىدا بولمىسا
ئاشۇنداق بىر تىرىكلىك،
ھۆلۈك مەھكەم بولمايدۇ،
نېمە سېنىڭ كېرىكلىك؟!
مانا ئەمدى كېيپىم چوڭ،
خاتىرجەمدۇر يۈرىكىم.
ئەجەب ئەمەس ئەمەلگە
ئاشسا ھەممە تىلىكىم.
چوڭ باشلىقنىڭ سۆزلىرى
قۇلىقىمدا جاراڭلار:
«ھەممە ئىشتا رەھبەرنىڭ
ئاغزىدىنلا قاراڭلار.»
دېگەن چاغدا ھەممەيلەن،
ماڭا نەزەر تاشلىدى.
سۆزگە كىرمەس بەڭباشلار
باشلىرىنى قاشلىدى.
ئاشۇ كېيپى مەن ئۈچۈن
تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ!
ئىلپەت بولۇش چوڭلارغا
شانۇ-شەرەپ ئەمەسمۇ!
نەچچە قېتىم ھۆرمىنى
قېقىپ قويدى دوستانە.
ئازلىق قىلار ئۇنىڭغا
بولسام قانچە مەستانە.
بۇ قېتىممۇ مەن ئۇنىڭ
ئالدىم راسا كېلىدىن.
ئەمدى ياغار مەن ئۈچۈن
ياخشى گەپلەر تىلىدىن...»
شۇنداق ئويغا بەنت بولۇپ،
كۆزىنى ئېچىپ قارىسا،
كېتىپ قاپتۇ چوڭ باشلىق،
كۈتمەستىن ئۇنى ئەسلا.
جىددىي ئىشلەپ شوپۇرمۇ
ماشىنىنى ئوڭشاپتۇ.
بىردىن يېنىك تىن ئېلىپ،
باشلىق خۇشال ئەسنەپتۇ.

ئوقتەك ئۇچۇپ ماشىنا
بىر يېزىغا كىرگەندە،
كىچىك باشلىق ۋارقىراپ
دەپتۇ يەنە «تېز ھەيدە!»

ئوقتىدەك ئۇچقان ماشىنا
بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ،
توختاپ قاپتۇ تۇيۇقسىز
دەھشەت بىلەن سىلكىنىپ.
ئويغانغاندەك چۈشىدىن
باشلىق قارار ئەتراپقا.
كېتىپ يەردە ھوشىدىن
ياتار بىر قىز شۇ تاپتا.
كىچىك باشلىق بىپەرۋا:
«باشلىققا تېز يەت!» دەپتۇ.
لېكىن شوپۇر غەزەپتە:
«بۇ چوڭ جىنايەت» دەپتۇ.
بىر دەمدىلا ئەتراپقا
توپلىنىپتۇ جامائەت.
كۆرۈپ مۇنداق ئەھۋالنى
قايناپتۇ غەزەپ-نەپرەت.
كىچىك باشلىق تەمتىرەپ،
كۆز تىكىپتۇ يىراققا.
مېھمان باشلىق شۇ تاپتا
بارغاندۇ-ھە قاياققا؟
شۇ چاغ شوپۇر باشلىقنىڭ
بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ،
مەجرۇھنى تېز قۇتقۇزۇش
ئىشىنى شەرەپ بىلىپ،
مەجرۇھ قىزنى شۇ ھامان
ئېپ مېڭىپتۇ بازارغا.
(تېز بارمىسا دوختۇرغا،
كېتىپ قالار مازارغا.)
قاپتۇ باشلىق تاش يولدا،
نېمە قىلارنى بىلەلمەي.
قېتىپ قاپتۇ مۇردىدەك،
يا يىغلىماي، يا كۈلمەي.

خۇشامەتچى كوزىسى
ئەنە شۇنداق سۇنۇپتۇ.
خەلقى-ئالەم نەپرىتى
ئۇنى ۋەيران قىلىپتۇ.

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

## كاسكا

بىر دوستۇم يېرىم تۈندە ئىشىك قېقىپ،
دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى «ھېيتلىغىلى».
زورىغا كۆلۈمسىرەپ قارشى ئالدىم
چاندۇرماي مىجەزىمنىڭ يوقلۇقىنى.

ئاغزىنى ئاچقاندى سۆزلەش ئۈچۈن
ئۇرۇلدى ھاراق ھىدى دىمىقىمغا.
دېدى ئۇ: «يېرىم تۈندە كەلدىم ھېيتلاپ،
بۇ مېنىڭ چىن دوستلۇقۇم ئېيتسام ساڭا...»

مەرھەمەت، دېدىم ئۇيگە، چاي راسلىدىم،
دېدى ئۇ: «ئېلىپ كىرگىن زاكۇسكاڭنى.
قانغۇدەك ئىچىپ بىر پەس مۇڭدىشايلى،
بىر دەمدە قۇرۇقدايمىز بوتۇلكاڭنى.

سېنىڭمۇ دەردىڭ تولا، چۈشىنىمەن،
كۆڭلەرنى ئۆتكۈزىسەن بەكمۇ تەستە.
نەدىكى قاپاقباشلار بولدى باشلىق،
سېنىڭدەك بىلىملىكلەر قالدى پەستە.»

ئۇ شۇنداق سۆزلەپ كەتتى شۆلگەي چېچىپ،
ئاشكارا بولدى ئۇنىڭ كاسكىلىقى!
جېنىمغا تەگدى غەيۋەت، پىتنە، لاپلار،
ھېچكىمنىڭ سۆزلەنمىدى ياخشىلىقى.

سۆز ئاچتى ياشىماقنىڭ مەنىسىدىن،
ماختاندى يۈرگىنىگە «ئويناپ - كۈلۈپ».
تىللىدى باشلىقىنى «كۆزى كور» دەپ،
كۆرمەپتۇ تۆھپىسىنى ھەسەت قىلىپ.

سۆز ئاچتى «ئىناۋىتى»، «ھۆرمىتى» دىن،
«مېھماندوست، سېخىلارنىڭ پىرى مەن» دەپ.
ماختاندى «يۆلەنچۈكۈم، دوستۇم تولا،
شەھەردە يىگىتلەرنىڭ گۈلى مەن» دەپ.

ماختىدى ئۆيلىرىنى، بىساتىنى،
ماختىدى خوتۇنىنى، بالىسىنى.
ئەسلىدى «شەرسورىغان» چاغلىرىنى،
ئەسلىدى ياشلىقتىكى پارىسىنى.

ئەۋجىگە چىققانسىرى ماختىنىشلار،
ئاڭلاندى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك.
نە ئىلاج، ئولتۇرىمەن ئەسنەك تۇتۇپ،
كۆزۈمگە سالدى توزاق ئۇيقۇ - مۈگدەك.

ئارىلاپ سۆز قىستۇرسام، دەيدۇ تېخى:
«ھەي كاسكا، ئاڭلىغىنا قۇلاق سېلىپ!»

بولدى دەپ سەن دېگۈچە مەن دەۋالاي،
ئولتۇردۇم ئۆزۈمنى مىڭ تەستە بېسىپ.

تۈگىدى پېچەتلىك بىر بوتۇلكىمۇ،
لېكىن ئۇ قوزغالمىدى ئىچمىز دەپ.
يوق! دېسەم، دېدى: «ئەتتەڭ! كەلگەنىدىم
بۈگۈنكى ئۇيقۇدىنمۇ كېچىمىز دەپ.»

خوش، دېدى ئوتتۇز قېتىم ئۆيدىن چىقماي،
كاپشىدى بوسۇغىدا يېرىم سائەت.
ئايىغى بىر نۇقتىدىن داجىمايدۇ،
قالمىدى ۋۇجۇدۇمدا قىلچە تاقەت.

توخۇلار چىللىغاندا ئۈزىدى ئۇ،
ئۇھ! دېدىم قۇتۇلغاندەك بىر بالادىن.
كېچىلىك شېرىن ئۇيقۇم بولدى ھارام،
يىرگەندىم قۇرۇق سۆزگە مەھلىيادىن.

كىتابخان، سىلەرگىمۇ ئۇچرىغاندۇ
مۇشۇنداق كاسكىلاردىن قانچىلىرى.
دەۋرىمىز ئۇچقۇر دەۋر، ۋاقىت ئالتۇن،
يوقالسۇن ۋاقتىمىزنىڭ ئوغرىلىرى.

ئەركىن داۋۇت

# ھاماقەتلەر نەزمىسى

## خىزمىتىم كۆپ

خىزمىتىم كۆپ، ئىشىم ئالدىراش
بىكار تۇرماي ھەريان چاپىمەن.
ياخشىلاردىن زىغ - زىغ چىقىرىپ
باشلىقىمغا دەرھال چاقىمەن.
سالام - سائەت قىلمىغانلارنى
ھايال ئۆتمەي چەتكە قاقىمەن.
مۇشۇ يوسۇن — مۇشۇ تەقلىدتە
مەن جېنىمنى گۈلدەك باقىمەن.

## ئېسىل ھۈنەر

مەن تۈلكىدىن ئالغان تەلىمات،
بولۇپ چىقتىم ئۇستا سېھىرگەر.
چىرايىمدىن ياغدۇرۇپ كۈلكە
نېمە دېسەم ھەممە ئىشىنەر.

نەدە بولسا كۆپرەك مەنپەئەت،
شۇ تەرەپكە سالىمەن نەزەر.
بىر ئىلاج قىلىپ ئالىمەن ئۇنى
ئاققۇزماستىن بىر تامچىمۇ تەر.

## ئوك كەلگەندە

ساددىلىقنى كالىغا بەرگەن،
جاپا تارتىپ ئىشلەش نەھاجەت؟
نېمە قىلاي ئۇپرىتىپ جاننى،
مەن ئەمەسمەن چۈنكى ھاماقەت!
كېچە-كۈندۈز ئويلايمەن شۇنى:
تېنىم بولسا ئەگەر سالامەت،
ئوك كەلگەندە بەختۇ-تەلىيىم
تۆت تەرەپتىن كېلىدۇ ئامەت.

## خوش دەيمەن

يامانلارنى كۆرسەم قەيەردە،
توققۇز تازىم قىلىپ خوش دەيمەن.
ياۋاشلارنى ئىلمايمەن كۆزگە،
قېنى، يولنى بوشات، پوش! دەيمەن.
بىلىشمىسەك ئەگەر خۇدۇكنى،
تۇمشۇقۇغا يەيسەن مۇشت دەيمەن.
ئىتائەتمەن بولساڭ ئاكاڭغا،
پايدا شۇچاغ بولار قوش، دەيمەن.

## يارايمەن

مېنىڭ خۇيۇم ئىتقا ئوخشايدۇ،
قاۋا دېسە تازا قاۋايمەن.
نەپ يەتكۈزگەن كىشىنىڭ كۈندە
تاپىنىنى تىنماي يالايمەن.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەنلەرنى
ئاياپ قويماي راسا تالايمەن.
مۇشۇ خۇيۇم-ئادىتىم بىلەن
بەزىلەرگە تازا يارايمەن.
ئالىي شەرەپ بىلىپ مەن ئۇنى،
ئۆمۈر بويى شۇنداق ياشايمەن.

رىزۋانگۈل ھۈسەيىن

## قوللار سۆھبىتى

تاتلىق ئۇخلاپ ياتاتتىم ئۆيدە،
شېرىن خىيال سۈرۈپ چۈشۈمدە.
يىغىلغانمىش قوللار رەتمۇ رەت،
ھەم ئۆزئارا قۇرۇپتۇ سۆھبەت.
مېنىڭ قولۇم بولۇپتۇ مۇخبىر،
يازار ئىمىش ئەھۋالنى بىر-بىر:
بار ئۇندا ھەم گۆشلىرى تولغان،
سىرتى بىر قات پۈلغا ئورالغان،
بارماق ئۇچى سارغايغان قوللار،
ئەسلىنىمۇ ئۇنۇتقان قوللار.
باركەن يەنە بازغاندەك قوللار،
تاشتىن گۆھەر قازغاندەك قوللار،
ئاپتاپ كۆرمەي تاتارغان قوللار،
ئىشتا پىشىپ قاپارغان قوللار.
ئاھ، ئاجايىپ كارامەت قوللار،
خىسلەتلىرى ئالامەت قوللار...
كۆرمىگەچكە ئۇلار ھەم مېنى،
باشلاپ كەتتى سۆھبەتلىرىنى.
شۇ چاغ بىر قول چۈشتى مەيدانغا،
ھەممە بىردەك قاراشتى ئاڭا.

سۆزلىدى ئۇ قەددىنى رۇسلاپ،
جۈمللەرنى ساز، يىغىنچاقلاپ:
«كۈنۈم ئۆتتى قەلەمكەشلىكتە،
بەزى خۇشال، بەزى غەشلىكتە.
ئەجرىم بىلەن بېزەكلەر ياساپ،
قويدۇم دەۋرىم بوينىغا تاقاپ.
كەتتى مانا ئۆمرۈمنىڭ يازى،
ئۆكۈنمەيمەن مەن ئۇندىن رازى»
دەپ ئولتۇردى ئورنىغا بېرىپ،
چىقتى يەنە بىر قول سۆز ئېلىپ:
«بىلسەڭلار مەن سىلەرگە باشلىق،
خۇشامەتتە ئۆتكەنتى ياشلىق.
ئورتا ياشقا يەتكەن چېغىمدا،
بەخت قۇشى قوندى بېشىمغا.
تارتقاچ ئۇڭغا دائىم ئاممىتىم،
لايىقلاشتى ئاڭا قامىتىم.
ئارزۇيۇم شۇ مەڭگۈ چۈشمىسەم
مەنسىپىمدىن، راسا كۆكلىسەم.»
چىقتى بىر قول مەيۈس بىر هالدا
دىققەت قىلدىم ئاڭا شۇ چاغدا:
«مەن تېرىدىم بىر ئۆمۈر ئاشلىق،
دانىغا سىڭدى شۇ ئالتۇن ياشلىق.
قۇۋ چاشقانلار ئوغرىلاپ بىراق،
ئىچ باغرىمغا سېلىشتى پىراق».
دەپ ئولتۇردى بېرىپ جايىغا،
چىقتى بىرسى ئۇنىڭ ئورنىغا،
«دوستلار! دۇنيا دېمەك ئۆزى پۇل،
پۇلسىز هامان تەۋرىمەيدۇ قىل.
بارچە ئالەم راهەتتى پۇلدا،
پۇل بولسا بار هەممىسى قولدا.
شۇڭا مېنىڭ هاياتىمmu پۇل،
ئۇرۇق - تۇغقان، قاناتىممۇ پۇل.
هەم كۈنۈ - تۈن خىيالىم پۇلدا،
تىنىم تاپماس جىسمىم بۇ يولدا.
قۇۋلۇق - شۇملۇق هەممىنى قىلىپ،
پۇل تاپىمەن جاهاننى كېزىپ.»
دەپ ئولتۇردى ئورنىغا بېرىپ،
چىقتى يەنە بىر قول سۆز ئېلىپ،
دېدى: «تاۋلاپ هەر كۈنى تۆمۈر،
ئۆتتى شۇنداق، دوستلار، بىر ئۆمۈر.
هەر ۋېنتىمدا باردۇر ساپ تەرىم،
هەم تەر بىلەن تۆكۈلگەن مېهرىم.
ئۆتمىسەممۇ ئۇنچە باياشات،
هالال هەققىم قىلار مېنى شاد.»
گۈس - گۈس قەدەم تاشلاپ ئۇ مېڭىپ
ئورۇن ئالدى جايىغا بېرىپ.
ئېيتىدىگەن سىرلىق بۇ قوللار
گاهىسى تۈز، قىرلىق شۇ قوللار...
چۈشمۇ تۈگەپ ئېچىلدى كۆزۈم،
هەيرانلىقتا قالدىمەن ئۆزۈم.

ھېزىم قاسىم

## «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈش» نىڭ ئەمەس، ئىجادىي ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 4 - سانىدا يولداش سىددىقهاجى روزىنىڭ «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈشمۇ ياكى ‹تالانت› نىڭ مەھسۇلىمۇ؟» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىدە شائىر ئارسلاننىڭ كىتابخانىلار يارىتىپ ئوقۇيدىغان «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» ناملىق داستانلىرى بىلەن «زېمىن ئەركىسى» ناملىق باللادىسى نۇقتىلىق ھالدا تەنقىد قىلىنغان. تەنقىدچى شائىر ئارسلاننىڭ ھەقىقىي شائىرلىق تالانتىنىڭ مەھسۇلى بولغان تارىخىي لىرىك داستانى — «يۇلتۇزلار يۇرتى» نى گېئورگى لېئوندزېنىڭ «ستالىن» ناملىق داستانىدىن «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن»، «‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانىدا لىرىك تەسۋىرلەنگەن ھەربىر تارىخىي شەخسنىڭ ئۈستىدە سەرپ قىلىنغان قۇزۇق ھاياجان ۋە ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن پىكىر ھەم تارىخىي ئوبيېكتلارغا بېرىلگەن باھا ... ‹ستالىن› داستانىنى مەنبە قىلىپ، ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› غا يۆتكەلگەن»، «‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانى بىلەن ‹ستالىن› داستانى ئوخشاش» دەپ قارىسىغىلا سۆزلىگەن.

چەت ئەل شائىرى غاپۇر غۇلامنىڭ «يولداش ستالىنغا» ناملىق شېئىرىنىڭ «ئۆزبېكىستان» ناملىق قىسمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دا يۇرتقا بولغان چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مۇنچىلىغان يەر - جاي ناملىرى ھەممىدە ئۇ يەرلەردىن چىقىدىغان داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئىسىملىرىدىن يەتتىنى يىغىشتۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە يەتتىلا ئەمەس) ئۇنى غاپۇر غۇلامنىڭ ھېلىقى شېئىرىدىن «كۆچۈرۈۋېلىنغان» دەپ، يالغان پاكىت ياسىغان.

ئۇ يەنە «‹يۇلتۇزلار يۇرتى›، ‹ستالىن›، دىن كۆچۈرۈلگەن بولسا، ‹ئاھ، مېنىڭ خەلقىم› داستانى بىلەن ‹زېمىن ئەركىسى› باللادىسى ‹داستاندىن داستانغا پىكىر كۆچۈرۈش، يەنى ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى كۆچۈرۈش ئارقىلىق يېزىلغان›، «‹يۇلتۇزلار يۇرتى›، ‹ئاھ، مېنىم خەلقىم› داستانى بىلەن ‹زېمىن ئەركىسى› باللادىسى ‹ستالىن› دىن كۆ-

چۈرۈش ئارقىلىق ئۆرە تۇرغان» دېگەن ۋە بۇ ئىككى داستان، بىر باللادىنى «بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى» قانداق «كۆچۈرگەن» لىكىنى ھەم بۇ ئۈچ ئەسەرنىڭ «ئەسلى مەنبەسى» بولغان «ستالىن» داستانىدىن قانداق «كۆچۈرۈلگەن» لىكىنى ئىسپاتلىماي، «سېلىشتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق» دەپ، مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

ئاپتور ئۆزى ياساپ چىققان ئاساسسىز بوھتان ۋە ئويدۇرمىلارنى پەلسەپىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتۈرمەكچى بولۇپ، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرىنى خاتا شەرھلىگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور بۇ ماقالىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئۇسلۇب، خاراكتېر، ئىلھام، تالانت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قىياسەن گەپ قىلىپ، ئۇلارنى بىر تەرەپلىمە ياكى پۈتۈنلەي خاتا ئىزاھلىغان، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، بەدىئىيلىكى ھەمدە ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن شائىر روھىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئۇرۇنماي، ئەكسىچە شەخسنىڭ ئىززەت - نەپسى ۋە غۇرۇرىغا تېگىدىغان قوپال گەپلەرنى ئويلىمايلا دەۋەرگەن.

يولداش سىدىقھاجى روزىنىڭ بۇ ماقالىسىدە مۇجمەل، چېكىش، خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ناھايىتى كۆپ. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت بىرقانچە مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

I

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈش» نىڭ ئەمەس، بەلكى شائىرانە تالانتنىڭ مەھسۇلى.

«ئاتۇش ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانىدا «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنىڭغا يانداپ بېرىلگەن توغرا ۋە ھەققانىي تەھرىر ئىلاۋىسىدىن قايناپ كەتكەن يولداش سىدىقھاجى روزى بۇ تەھرىر ئىلاۋىسىگە بىرمۇنچە گەپلەر بىلەن قاتتىق تاپا - تەنە قىلغاندىن كېيىن، «پوئېزىيىنىڭ لىرىك چوققىسى ھېسابلانغان ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانى گرۇزىن شائىرى گېئورگىي لېئوندزىنىڭ ‹ستالىن› داستانىدىن ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن»، «ئاپتورنىڭ شېئىرىي ئىلھامى ... ئارسلانغا تەئەللۇق ئىلھام بولماستىن، غەيرىي مۇستەقىل ئىجادىي بولۇش سۈپىتىدە ئۇسلۇب ۋە باشقا جەھەتتىن گرۇزىن شائىرىغا تەئەللۇقتۇر»، «گۈزەللىك يارىتىشقا چامى يەتمىگەن شائىر ... ‹ستالىن› داستانىدا يارىتىلغان گۈزەللىكنى ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانىدا جەملىگەن»، «پەلسەپىۋى پىكىرلىك ئىچكى نۇرنى ... ‹ستالىن› داستانىدىن ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› غا كۆچۈرگەن، پەقەت مۇشۇنداق جەرياندىن كېيىنلا، ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› مەيدانغا كەلگەن» ۋەھاكازالار دېدى.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى راستىنلا «ستالىن» داستانىدىن كۆچۈرۈلگەنمۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى «كۆچۈرۈش» دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ قانداق قىلسا «كۆچۈرمىكەش» لىك ھېسابلىنىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«كۆچۈرمىكەش» لىكنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنى مۇنۇلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشى لازىم:

قانداقلىكى ئەسەر بولمىسۇن، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە باشقا بىر ئەسەردىن پۈتۈنلەي ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولسا، ياكى يەر - جاي ناملىرى، كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ۋە بىر قىسىم تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي ۋەقە، ھادىسە. مەزمۇنلارنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋالغان بولسا، بۇ، ئىجادىيەتتىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ. رېئاللىقتا ماددىي بۇيۇملارنىڭ شەخسىي ئىھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقى ھەمدە ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئەخلاقىي پەسكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ مۈلكىگە چاڭ سالىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ تۇرغاندەك، سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ كەسپىي ئەخلاقىي ناچار بولغان ئايرىم ئاپتورلار ئارىسىدا سەنئەت ئىجادىيىتىگە سالغان «دەسمايىسى»، قابىلىيەت ۋە ماھارىتىنىڭ يېتىشمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئوغرىلىقنىڭ ئىپادىلىرى خىلمۇ خىل بولغاندەك، سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ ئىپادىلىرىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن كۆچۈرۈۋېلىش سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئەڭ چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسى — شۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، يازغۇچىنىڭ ئەسەر ئارقىلىق كىتابخانلارغا يەتكۈزىدىغان ئاساسىي ئىدىيىسى، غايىسى، تونۇشى، ھېسسىياتى ۋە رېئاللىققا بولغان باھاسىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ، ئاپتورنىڭ نۇقتىئىنەزەرى، مەيدانى، پوزىتسىيىسى، بىلىمى، كەسپىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى، شەخسىي پەزىلىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداق بولسا، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ پۈتۈن تېماتىك ئىدىيىسى، يەنى داستانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئاپتورنىڭ كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئىدىيىسى، غايىسى، تونۇشى، ھېسسىياتى، رېئاللىققا بولغان باھاسى، نۇقتىئىنەزەرى، مەيدانى، پوزىتسىيىسى، بىلىمى، ئالغان تەربىيىسى، شەخسىي پەزىلىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «ستالىن» داستانىدىن ئەينەن كۆچۈرۈلگەنمۇ؟ شائىر ئارسلان ھەتتا گېئورگى لېئوندىزنىڭ بىلىمى، ئالغان تەربىيىسى ۋە شەخسىي پەزىلىتىنىمۇ ئەينەن كۆچۈرۈۋالغانمۇ؟

پاكىتلارغا قاراپ باقايلى: شائىر ئارسلان «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئۆزى مۇراجىئەت قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغان. داستاندا، خۇددى «ئاتۇش ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسىدە ئېيتىلغاندەك، تەگرىتاغ سىمۋول قىلىنغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلۇق تارىخىنى بېسىپ ئۆتكەن ۋە تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن زور تارىخىي ۋەقەلەر ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدا ئەكس ئەتكەن مىللىي روھى، شىجائىتى، ئىرادىسى، ئېتىقادى، مۇھەببىتى ۋە نەپرىتى،

خۇشاللىق ۋە كۆز يېشى روشەن مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بەدىئىي ئوبرازلار پائالىيىتىدە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا غايەت زور ئۆلمەس تۆھپىلەر قوشقان ۋە داۋاملىق قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا تارىخىدا تۇتقان ئورنى، شان - شۆھرىتى مۇقىملاشتۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم باسقۇچلىرىدا ئوينىغان رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، تەقدىرى خەلقىنىڭ تەقدىرى، ئورنى، رولى ۋە شان - شۆھرىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا خەلق توپى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان 150 تىن كۆپرەك خەلق قەھرىمانلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئورنى ۋە رولى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە توغرا يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئاپتورنىڭ داستاندىكى مول ۋە كۆپ قىرلىق ھادىسىلەر ئارقىلىق كىتابخانلارغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئاساسىي ئىدىيىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى ياراتقۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىكەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى قالاقلىقنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىپ ئالاھىدە سەۋىيە ياراتقان سانائەت مېخانىكىسى ئىلمىنىڭ ئىگىلەش تارىخى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. «ئاتۇشنىڭ تاغلىرىدىن تاشقا ئايلانغان ئەجدادلار بېشى» نىڭ تېپىلغانلىقى، «لوپنۇرنىڭ ھەسرەتلىك قۇملۇقلىرىغا پاتقان» قەدىمىي جەسەت ۋە «مىرەن (ھازىرقى كۆنچى بويلىرى) نىڭ سولغۇن باغرىدىن» بۈگۈندىن 6400 يىل ئىلگىرىكى بىر قەبرىنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە جەسەتنىڭ يېنىغا قويۇلغان چىرايلىق تۆشۈكچىلەر ئېچىلغان سۆڭەكتىن ياسالغان سايمان، يىپەك بۇيۇملار ھەققىدىكى تەسۋىرلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئاپتورنىڭ تەشۋىق قىلماقچى بولغان ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرى خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچى ئىكەنلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب جەريانلىرىدىكى رولىنىلا كۆرسىتىش ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلق ھەرىكىتى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابلىرىنىڭ تەلىپىگە ھەممە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان، خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلق ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىغان خەلق قەھرىمانلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا مەدھىيە ئوقۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر بۇ نۇقتىنى سۈرەتلىگەندە، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ خەلق تارىخىي ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە

خەلقنىڭ ئورتاق نىيىتى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى، ئىكەن خىلاق-
تىن ئۈستۈن تۇرمايدىغانلىقى قاتارلىق پرىنسىپال نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنغان.
بىز داستاندا تەسۋىرلەنگەن خەلق قەھرىمانلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ ھايات پائالىيە-
تىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، تەقدىر قىسمىتى خەلق يۈرىكى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ
كەتكەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا بۇ خەلققە سىمۋول قىلىنغان تەگرىتاغلىرىدەك مەڭ-
گۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر توپ خەلق قەھرىمانلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.
ئۇيغۇر تارىخىدا نامى جاھانغا مەشھۇر بولغان ئوغۇزخان، سۇتۇق بۇغراخان، ئارسلانخان،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، يۈگنەكى، رابغۇزى، يەسەۋى، ئاتايى، لۇتپى،
سەككاكى، ئابدۇرىشىتخان، نۆبىتى، سەبۇرى، خىرقىتى، زەلىلى، نىزارى، قەلەندەر، پۇر-
قەت، گۇمنام، غېرىبى، تەجەللى، سادىر پالۋان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن تارتىپ ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغىچە ئۆتكەن 120 گە يېقىن داڭلىق زاتلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ
ئۆزىگە خاس ئىش - پائالىيەتلىرى ئۆز خاسلىقى بىلەن قەلبىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ.
شائىر ھەرقايسى شەخسلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە كۆز يېشىدىن پۈت-
كەن پۈتكۈل ھاياتىدىكى قىزغىنلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك يولىدا كۆر-
سەتكەن خىزمىتى ۋە تۆھپىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەممىدە ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ
چۈشكەن چەكسىزلىكى، ئۇنىڭ باي مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارى-
خىنىڭ خەلق سۇبيېكتىپلىقىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلىش ۋە قاتلاملىق تەرەققىياتى ئارقىسىدا
ئالغا باسقان تارىخ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شائىر ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە مەيدانغا چىققان ھەرقايسى تارىخىي شەخس-
لەرنى سۈرەتلىگەندە، تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتى مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي
پائالىيەتلەر زېمىنىدە نامايان بولغان خاراكتېر خاسلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى يېزىشقا
ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. «يېڭىلمەس ئەركىنلىك سەلتەنىتىدە»، «غۇرۇرلۇق تاجىنى
جەۋلان قىلدۇرغان» سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىزگە گاھىدا ۋەتەن قايغۇسى، ئەل-
يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن سۇ يېغى تامچىپ تۇرىدىغان چىراغپاي ئالدىدا ئولتۇرۇپ،
ئۆز بوۋىسى ئوغۇزخان، مودۇخان، ئەفراسىياپلار ھەققىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان چوڭ-
قۇر پىكىرلىك، ئويچان، ئېغىر - بېسىق ئالىم سۈپىتىدە كۆرۈنسە، گاھىدا تاشلىقتا تۆ-
يىقىدىن ئوت چىقىرىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئارغىماق ئۈستىدە قىلىچىنى ئوينىتىپ دۈش-
مەن كاللىسىنى توپىغا قوشۇۋېتىۋاتقان، ساداقتىن ئۆزگەن ھەربىر ئوقى ئىستىلاچىلارنى
دەممۇ دەم يەر چىشلىتىۋاتقان، ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈكى ۋە يەكتەكلىرى دۈشمەن
قېنىدا بويالغان، ئەمما ئۆزى ھېچقانداق ھارغىنلىق ھېس قىلمىغان، ئەكسىچە ۋۇجۇدى-
دىن غەيرەت - شىجائەت، قەلبىدىكى خۇشاللىق يېغىپ تۇرغان قىران، چەبدەس بىر
پالۋان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. گاھىدا ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەد-
دەسلىكى يولىدىكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتا سەركەردە - سەرۋازلىرىدىن ئايرىلغان، بىر
ئۆزى «قىلىچقا تايىنىپ» ئۇرۇش ئوتىدا ۋەيران بولغان خارابىزارلىقلارنى ئارىلاپ،
مۇدۇرۇپ - چوقۇرۇپ، قىلىچىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان، غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن،

خىيالىدىن قوشۇمىلىرى تۈزۈلگەن، چاچ-ساقاللىرى چىگىشلەنگەن گەۋدىلىك بىر ئەزدىھەت سىياقىدا كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ. بۇ، شائىرنىڭ قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى يېزىشتىن كۆرە ئۇنىڭ يۈرىكىنى، روھىنى ھەمدە ئىرادىسىنى يېزىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى قادىرخان يۈسۈپ ئىبنى ھەسەن، قىران چاغلىرىدىلا «بۇغراتېگىن» دەپ نام ئالغان ئارسلانخان، سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرىشىتخان، ئىلىدىكى ئاۋرال تېغىنى ئېتىكىدىن چىققان سادىر پالۋان قاتارلىقلار، بىر تەرەپتىن، «بوۋىلار چىشىدىن پۈتكەن، موملار يېشىدىن سۆزۈكلۈك رەڭ ئالغان»، «ئالماستىن ئۆتكۈر شەمشەرلىرى»نى ئوينىتىپ، ئۇنى دۈشمەن قېنىدا سۇغارغان ۋەتەنپەرۋەر خەلق قەھرىمانلىرى سۈپىتىدە، ھەرقايسىسى ئۆز خاراكتېر خاسلىقىغا ئىگە قىياپەت بىلەن كۆزىمىزگە كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزغىن كۆڭۈللۈك، بارلىقىنى ئىلىم-مەرىپەت يولىدا ئاتا قىلغان ئالىم ۋە سەنئەتكارلار سۈپىتىدە ئارىمىزدا نامايان بولىدۇ. روداكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، يۈگنەكى، رابغۇزى، باقىرخان، ئاتايى، سەككاكى، لۇتپى، ئامانىنساخان، خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، نىزارى، قەلەندەر، سەبۇرى، سىدىق بەرشىدى، مەشرەپ، موللا شاكىر، غېرىبى، گۇمنام، نازىم-بىلال، تەجەللى، تاشۋاي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭمۇ، تولۇق تارىخىي تەرجىمىھالىنىڭ بولمىغانلىقىغا، شائىرنىڭ ئۇلار بىلەن زاماندىش بولمىغانلىقىغا قارىماي، شائىر ياراتقان تارىخىي ئىلمىي فانتازىيىلىك ئوبرازلاردا بىز ئۇلارنىڭ ھەم تولۇق ھايات پائالىيىتى، ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغان خاراكتېر قىرلىرىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرى بىلەن تونۇشالايمىز. بۇ، شائىرنىڭ ئۇلار ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى ئىزىدىن ئېلىپ بارغان ئىنسانىي خاراكتېر تەتقىقاتىنىڭ ئورتاق ۋە خاس ئىنسانىي خاراكتېر ئىپادىلىرى ئۈستىدىكى بەدىئىي ئىزدىنىشىنىڭ ئەتراپلىق ۋە خېلىلا مۇكەممەللىككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شائىر «يۈلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا نېمە ئۈچۈن مۇنداق غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىدى؟ بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، خۇددى «ئاتۇش ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ئېلاۋىسىدە ئېيتىلغاندەك، بىر تەرەپتىن، شائىرنىڭ بىلىم، تەجرىبە، ئىقتىدار جەھەتتە ئېرىشكەن مۇكەممەللىكىدىن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھادىسىلەرنى، ئوبرازلارنى سۆرەتلەشتە قوللانغان بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇخىل ۋە جانلىقلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شائىر ھادىسىلەرنى بايان قىلىشتا ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يازغۇچىنىڭ كۆز قارىشى، ئىدىيىسى، تونۇشى ۋە بىلىشى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ ئىنكاسى، يازغۇچى بىلىشىنىڭ ئاساسىي ۋە رېئاللىق توغرىسىدىكى بىلىشىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم رېئال ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا، ئاساسەن ستىمۇل قىلىش ئارقىلىق ئاساسىي

پىكىر، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن. شائىر ھەر قانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ئىش
توغرىسىدىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتنى بىۋاستە ئەمەس، بەلكى ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئىپادىلەش
ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋاستىلىك ھالدا يوشۇرۇن سىڭدۈرۈش، باشقا نەرسىلەر ئارقىلىق
بىشارەت بېرىش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئىچكى سىرى ۋە تارىخنىڭ ماھىيىتىنى ماھىرلىق
بىلەن ئېچىپ تاشلىغان. ھوقۇق، ئەركىنلىك، ھۆرىيەت، زوراۋانلىق قاتارلىق ئابستراكت
ئۇقۇملارغا، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن تەركىب تاپقان ئىرادە، ۋىجدان، نومۇس قاتارلىق
پسىخولوگىك ھادىسىلەرگىمۇ جانلىق مەۋجۇدىيەت تۈسىنى بەرگەن. ئوبيېكتىپ ھادىسە
ۋە تەتقىقات تەجرىبىسىدىن كەلگەن شائىرنىڭ بىلىشى شائىر سۇبيېكتىدىن پەيدا بولغان
تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە رېئال ئاساسقا ئىگە فانتازىيىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. داستاندا
قوللىنىلغان ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئالاھىدە گەۋدىلىك
بولۇپ، ھادىسىلەرنى بايان قىلىشتا زامان ۋە ماكان نۇقتىئىنەزەرى بۇزۇپ تاشلانغان.
ئوي - پىكىر رېئاللىقتىن خىيالغا، يېقىندىن يىراققا ياكى يىراقتىن يېقىنغا، ئۆتكىدىن
چۈشكە، چۈشتىن ئۆتكىگە سەكرەتمىلىك ھالدا ئۇلىنىپ، بىر - بىرىگە جانلىق ھالدا
ئالماشتۇرۇلۇپ ۋە سىڭىشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان. بولۇپمۇ زامان جەھەتتىكى چەكلىمىلىك
كەسكىن بۇزۇپ تاشلىنىپ، تارىخىي ھادىسىلەردە ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىشلار بىلەن
پاراللېللىق ياكى مۇۋازىنەتلىك ھالەت شەكىللەندۈرۈلۈپ، ئالاھىدە شارائىتتىكى ئالا-
ھىدە پېرسوناژلار ئېگى ۋە خاراكتېرىنى يېزىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىنغان. شۇڭا
داستاندا مۇشۇنداق خاراكتېر رەڭلىرىگە ئىگە ئوبرازلار بۇ ئوبرازلارغا «ئالتۇن بۆشۈك»
بولغان تەڭرىتاغ چوققىلىرىدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە بولغان بولسا، بۇ ئوب-
رازلارنى يېتىشتۈرگەن «چاقنىغان چاقماقلار قىلىچى» بولغان، «باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسى
نەرىسى» بولغان، «بېشى مۇز بىلەن قاتقان»، «چېكىسىگە» بوران - چاپقۇنلار «قورۇق»
چۈشۈرۈۋەتكەن «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «تاغلارنىڭ ئانىسى» بولغان تەڭرىتاغلىرىدەك مەڭگۈ
كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ.

ۋەتەننىڭ قان - ياشلىق ھەمدە شۆھرەتلىك تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان
«يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئاجايىپلىقى،
ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى ھازىرقى زامانچىلار تەشەببۇس قىلىۋاتقان بارلىق ئىلى-
غار ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىشى جەھەتتىكى كارا-
مەتلىكلىكى بىلەن شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىدۇ.

«ستالىن» داستانىنى ئوقۇغان كىتابخانلار بۇ داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيە
ۋىلىكىنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» دا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىۋىلىككە ئوخشىشىپ كېتىدى-
غان ھېچقانداق جاينىڭ يوقلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستا-
نىدا 3200 مىسرادىن كۆپرەك سەھىپە ئاجرىتىپ، تۇغۇلغاندىن كېيىن قانداق زاكىلى-
غان، ئوقۇش يېشىغا قانداق يەتكەن، ئېلىپبەنى قانداق ئۆگەنگەن قاتارلىق ئىشلار
ئېرىنمەي يېزىلغان ۋە مۇشۇنداق يېزىش ئارقىلىق ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ھەرقانداق بالا

شەخسنى ئۇچرىتالمايمىز. شۇنداق ئىكەن، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى قانداق قىلىپ «ستالىن» داستانىدىن ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن» داستان بولۇپ قالىدۇ؟

كۆچۈرۈش ھادىسىسى ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي، ئەينەن كۆچۈرۈشتىن باشقا، قىسمەن كۆچۈرۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداق بولسا، «كۆچۈرۈۋالغان» «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى ئاپتورىنىڭ «ئۇستىلىقى» «ستالىن» داستانىنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى پۈتۈنلەي كۆچۈرۈۋالغانلىقىدا ئىپادىلەنمىگەن بولسا، «قىسمەن كۆچۈرۈۋالغان» لىقىدا ئىپادىلىنەمدۇ؟

كىتابخانلارغا مەلۇمكى، قىسمەنلىك پۈتۈن ئەسەرنىڭ ياكى ئەسەرنىڭ پۈتۈن تېماتىك ئىدىيىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى، بىر ياكى بىرقانچە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەسپىي ئەخلاقى ناچار، «دەسمايىسى» نىڭ تايىنى بولمىغان ئاپتورلار ئەسەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەسلى ئەسەر تېماتىك ئىدىيىسىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى «ئۇستىلىق» بىلەن كۆچۈرۈۋالىدۇ. قىسمەن كۆچۈرۈشنىمۇ «كۆچۈرمىكەش» لىكنىڭ خاراكتېرى ئېغىر تۈرلىرىدىن بىرى ھېسابلاشقا بولىدۇ. بىراق بىز «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىن تارتىپ خاتىمە قىسمىغىچە بولغان پۈتۈن ئورگانىك قىسمىنى «ستالىن» داستانىنىڭ ھەر بىر تەپسىلاتىغىچە بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقساقمۇ، «كۆچۈرۈۋالغان» ھەر قانداق نەرسىنى ئۇچرىتالمايمىز. دېمەك، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ھەتتا قىسمەن كۆچۈرۈۋېلىش ھادىسىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

كۆچۈرۈۋېلىش ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنى كۆچۈرۈۋېلىشتىن باشقا، مۇھىم ۋەقە، ھادىسە ۋە ئايرىم تەپسىلاتلارنى كۆچۈرۈۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا بۇ خىل «كۆچۈرۈۋېلىش» ھادىسىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئاپتورنىڭ ھېسسىياتىنى كۆچۈرۈۋېلىش. بۇنىڭدىمۇ پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن «كۆچۈرۈۋېلىش» ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق ھېسسىيات خۇددى بىلىم، تەربىيە، پەزىلەتكە ئوخشاشلا شەخسكە تەئەللۇق نەرسە بولۇپ، بىلىمنى بىلىم ئېلىش، تەربىيىنى تەربىيىلىنىش يولى بىلەن شەخسنىڭ «مۈلكى» گە ئايلاندۇرۇۋالغىلى بولسىمۇ، لېكىن رېئال، يەككە، ئايرىم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بولغان ھەرقانداق شەخسنىڭ ھېسسىياتىنى خۇددى ماددىي بۇيۇمنى ئوغرىلىۋالغان ياكى تەييار ھالەتتىكى نەرسىنى «كۆچۈرۈۋالغان» دەك «ئوغرىلىۋېلىش» ياكى «كۆچۈرۈۋېلىش» ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئىپادە قىلىنغان ھېسسىياتنى ئەينەن «كۆچۈرۈۋېلىش»، ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سىرتىدا. ۋەھالەنكى يولداش سىدىقھاجى روزى «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى كۆچۈرۈۋېلىش ئارقىلىق ئۆرە تۇرغان داستان» دېگەن ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇ شائىرنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنداق بولسا، شائىر ئارسلان گېئورگى لېئوندزىنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ «كۆچۈرۈۋالغان» مۇ؟

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىككى داستاندا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئاساسىي ئىدىيىۋىلىك بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايۋاتسا، ۋەقە، ھادىسىلەر ئوخشىمايۋاتسا، ئوخشىمايدىغان

باشقا پىكىر، باشقا ۋەقە، باشقا ھادىسىگە سىڭدۈرۈلگەن شائىر ھېسسىياتىنى قانداق قانداق قىلىپ باشقا پىكىر، باشقا ۋەقە، باشقا ھادىسىگە «كۆچۈرۈپ» كەلگىلى بولسۇن؟ دۇنيادا شۇنداقمۇ ھادىسە كۆرۈلۈپ باققانمۇ؟

ھەرقانداق سەنئەتكار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈيۈك تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنىڭ بولغانلىقى ئۈنچىۋالا قەدىرلىك ئىش ئەمەس. سەنئەتكار ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان دەۋر ۋە دەۋردىكى ھادىسىلەرگە قارىتا ئۆز تونۇشى، كۆز قارىشى، باھاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆز ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىغا مۇناسىپ كېلىدىغان تارىخ ۋە تارىخىي شەخسلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆتكەن دەۋر ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر، بۈگۈنكى مىللىي روھنى ئىپادىلىگەن - ئىپادىلىيەلىگەنلىكىدە؛ بۈگۈنكى رېئاللىقنىڭ، بۈگۈنكى مىللىي روھنىڭ كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يارا - جاراھەتلەرنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلىگەن - بېرەلمىگەنلىكى، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا يېپىشىۋالغان خىلمۇ خىل رەزىل، خەتەرلىك ئىللەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئازابلىنىش ھېسسىياتىدا بولغان - بولمىغانلىقىدا.

شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىغا سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، داستاندا تەسۋىرلەنگەن خەلقنىڭ شانلىق تارىخى ۋە بۈيۈك تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھەربىر ئىشىغا شائىرنىڭ تەنتەنىلىك ھېسسىياتى ۋە ئازابلىق ھېسسىياتى ناھايىتى چوڭقۇر سىڭگەن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئۇلۇغۋار ئۈمىد ۋە غايىگە تەلپۈنۈشتىن پەيدا بولغان ئازابلىنىش ھېسسىياتى ۋە ھەسرەتلىنىش ھېسسىياتى داستاننىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قويۇق سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ زېمىنىدا خەلقپەرۋەرلىك يولىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىرخىل ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ۋە تارىخىي ۋەزىپىنى يۈكلەيدۇ. شائىر ئۆز خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ۋە نادامىتىگە ئورتاق بولغان، خەلقىنىڭ غېمىنى يېگەن، ئۆز خەلقىنى چەكسىز سۆيگەن. ئۇنىڭدا قوللاشمۇ، ئىچ ئاغرىتىشمۇ، خۇشاللىقمۇ، كۆز ياشمۇ، ھەسرەتمۇ، ئۈمىدمۇ، ئاق كۆڭۈللۈكلىكمۇ، تەنە - دارىتىشمۇ بار.

ۋەھالەنكى، شائىر ئارسلان «كۆچۈرۈۋالغان» «ستالىن» داستانىدا ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان بالا شەخس سوسونىڭ پۈتۈن بالا «سوسو» لاردا ئۇچرايدىغان ئورتاق بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك پائالىيەتلىرىدىكە بارىكاللا ئېرقۇشتىن ئىبارەت بىرخىل «تەنتەنىلىك» ھېسسىيات ئىپادىلەنگەندىن باشقا، كىشىنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان ھېچقانداق بىرەر كونكرېتلاشقان ھېسسىياتنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات شائىرنىڭ خەلق سۆيگۈسى قوزغاتقان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان، تارىخىي ۋەزىپە تۈيغۇسىغا ئىگە ساپ ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ شائىرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ، ئۇ ھېچقاچان ھېچكىمدىن «كۆچۈرۈۋالغان» قۇرۇق ھېسسىيات ئەمەس.

ئەسەرنىڭ ۋەقە، ھادىسىلىرىنى ئۆز گەۋدىسىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تۇرغان ئوبرازنى كۆچۈرۈشمۇ «كۆچۈرمىكەش» لىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى.

ئۆزگەرتىۋېتىش مۇمكىن بولمايدىغان پاكىت شۇكى، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دا گرۇزىنلارنىڭ تارىخى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھەممە ئۇلار ياراتقان قانياشلىق تارىخ ۋە شانۇ - شەۋكەتلىك مەدەنىيەت يېزىلغان. «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى — ئۇيغۇر شائىرىنىڭ مۇتلەق ئۆزىگە خاس ئىجادىي مېھنىتى. ئۇنىڭ يازغىنى گرۇزىيە ئەمەس، شىنجاڭ. ئۇنىڭ يازغىنى بالا «سوسو» ئەمەس، 150 كە يېقىن قەھرىمان ئۇيغۇر ئوبرازى. ئەسەردە «ستالىن» دىن كۆچۈرۈلگەن ۋەقەمۇ، ھادىسىمۇ، پىكىرمۇ، ئوبرازمۇ يوق.

سۆز - ئاتالغۇ ۋە جۈملىلەر (مىسرالار) نى كۆچۈرۈۋېلىشمۇ كۆچۈرمىچىلىكتىكى بىر خىل ئېغىر ھادىسە.

ئاپتور «يۇلتۇزلار يۇرتى» نى «ستالىن» دىن «ئەينەن كۆچۈرۈلگەن»، «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن» دەپ ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز پاكىت كۆرسىتەلمىدى. ئۇ، 3200 نەچچە مىسرالىق بۇ داستاندىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ «ستالىن» داستانىدىكى بىرنەچچە ئېغىز سۆز - ئاتالغۇ بىلەن ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈش» نىڭ «پاكىتى» قىلىپ كۆرسەتتى.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاپتور نەقىل ئېلىش قائىدىسى بويىچە ئالماي، ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزگەرتىۋېلىش، قەستەن بۇرمىلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇيەر - بۇيەردىن تېرىشتۇرۇۋالغان بۇ ئون نەچچە ئېغىز سۆز - ئاتالغۇ پۈتۈن داستاننىڭ «كۆچۈرۈۋېلىنغان» لىقىنى ئەمەس، ھەتتا سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ كۆچۈرۈۋېلىنغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

ماقالە ئاپتورى «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ 20 - بېيتىدىكى:

«يۇلتۇزلار يورۇتار يۈرەك يولىنى
قۇياشنىڭ مەشئىلى ئۆچمەس ئەبەدىي.»

دېگەن مىسرا «ستالىن» داستانىنىڭ 28 - بېيتىدىكى:

«نۇرلىرى يالقۇنلۇق خۇش خەۋەر كەبىي
جاھاننىڭ ئۇپۇقىدا ئۆچمەس ئەبەدىي.»

دېگەن مىسرادىن «تەقلىدىي كۆچۈرۈۋېلىنغان... تەقلىدىي كۆچۈرۈش... ۋەزىن تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاپتور... تەقلىدىي ئوخشىتىلغان ئىككى مىسرانىڭ پىكىر بىرلىكىنى يوقىتىپ قويغان» ۋەھاكازالار دەيدۇ.

بۇ مۇجمەل گەپتە مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار: بىرى، تەنقىدچىنىڭ ئىجادىيەتتىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ تۈر ۋە خىللىرىغا بولغان تونۇشى ئايدىڭ ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ مەسىلىنىڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ مەسىلە ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىك ئىكەنلىكىگە قاراپ، تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە، قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىغا بولغان تونۇشى تېخىمۇ يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇ، بۇ مەسىلىدە تولىمۇ قوپاللىق قىلىپ قويغان، مەسىلىنىڭ تۈرى ۋە خاراك-

تېرىنى ئايرىمىغان.

سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈۋالىدىغان ياكى ئاساسىي قىسمىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ، قالغان قىسمىنى كىرىملەپ ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىۋالىدىغان كۆچۈرمىكەشلىك شەكلىدىن باشقا، ھېچقانداق قان-تەر سىڭدۈرمەي باشقىلارنىڭ بۇرۇن ياكى يېقىندا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ «مۈلكى» قىلىۋالىدىغان ئوغرىلىق، ئۆزىگە بولغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكى تۈپەيلىدىن ئالاھىدە ياخشى ئەسەرلەردىن ئەندىزە، نۇسخا، كۆپىيە ئالىدىغان تەقلىدچىلىك ياكى دورامچىلىق قىلىش، تەسىرىگە ئۇچراش، پايدىلىنىپ يېڭىچە مەزمۇن يارىتىش، ئۆگىنىش جەريانىدا سىڭىپ قېلىش قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار. بۇ خىل شەكىللەرنىڭ قايسىبىرى بولمىسۇن، خاراكتېر جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، كۆچۈرمىچىلىك ئوغرىلىقتا، تەقلىد قىلىش تەسىرىگە ئۇچراش، پايدىلىنىش، سىڭىپ ئۆزلىشىپ قېلىشقا ئوخشىمايدۇ. ۋەھالەنكى، كۆچۈرمىكەشلىكتە «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» دېگەنگە ئوخشاش غەلىتە گەپ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى كۆچۈرمىكەشلىكتە ياكى تەقلىد قىلىش ياكى كۆچۈرۈۋېلىش... دېگەن گەپلا مەۋجۇتكى، «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» دېگەن غەلىتە گەپنى تەنقىد نەزەرىيىسى كۆچۈرمىكەشلىكتىكى بىر خىل «تۈر» سۈپىتىدە قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇ يا گرامماتىكىغا، يا لوگىكىغا چۈشەمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» دېگەن بۇ غەلىتە گەپ كىنوچىلىقتىكى «تەقلىدىي ئاۋاز» دېگەن گەپنىڭ ئەندىزىسى ئاساسىدا «توزۇپ» چىقىلغان «يېڭى كەشپىيات» بولۇپ، «تەقلىدىي ئاۋاز»نىڭ ئەسلى مەنىسى ئەسلى ئاۋازغا تەقلىد قىلىش، يەنى ئەسلى ئاۋازنىڭ تۈرى، تۈسى، ئىنتوناتسىيىسىگە تەقلىد قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» كە مەنە ئېيتساق، ئۇ «كۆچۈرۈش» كە تەقلىد قىلىش بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا ئاپتورنىڭ «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» دېگەن گېپى پۈتۈنلەي خاتا. يۇقىرىدا مىسال ئالغان ئىككى مىسرا شېئىرنى ئاپتور يا «تەقلىد قىلغان» يا «كۆچۈرگەن» دەپ ئۈزۈپ بىر نېمە دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ رەددىيە كۆتۈرمەيدۇ.

تەنقىدچىنىڭ يۇقىرىقى غەلىتە گېپى قالايمىقان سىرلىق سۆزلەر بوتقىسى بولۇپ، ئەدناسى گرامماتىكىلىق ئېنىقلىقمۇ يوق. ۋەھالەنكى ئۇ، شائىر ئارسلاننى بۇ جەھەتتە ئۆزىچە مەسخىرە قىلغانىدى. ئالايلۇق: «تەقلىدىي كۆچۈرۈش پەرقلىق جۈملە شەكلىدە مەزمۇن ئوخشاشلىقىنى ساقلاپ قېلىش» دېگەن نېمىدېگەن گەپ؟ بۇ سۆز بوتقىسىدا جۈملىنىڭ «تەقلىدىي كۆچۈرۈش»، «مەزمۇن ئوخشاشلىقىنى ساقلاپ قېلىش» دېگەندەك ئىككى خىل ھالەت شەكلى تەڭ قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق ئېنىق مەنىگە ئىگە گەپ ئەمەس. بىر پارچە تەنقىد ياكى ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمى قايتا ماقالە يېزىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ تەنقىد بولالمايدۇ.

يولداش سىدىقھاجى روزى يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىرنى «يۇلتۇزلار يۇرتى»

نىڭ «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن داستان» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن نەقىل
كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەقىل توغرىسىدا يۇقىرىقى گەپنى تەكرارلىغاندىن
باشقا، يەنە بۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى «ستالىن» داستانىدىكى ئىككى مىسرادىن «تەق-
لىددىي كۆچۈرگەن» ۋە ئۇنىڭغا «تەقلىددىي ئوخشىتىلغان» دېگەندەك غەلىتە گەپلەرنى
قىلدى. بۇ، تەنقىدچىنىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى توغرىسىدا دېمەكچى بولغان
گېپىنىڭ تېخى ئۆزىگە ئايدىڭ ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن
داستان» ياكى «ستالىن» غا «تەقلىد» قىلىنغان ۋە ياكى «ئوخشىتىلغان» داستان ئىكەنلىكىنى
ئاڭقىرىۋالالمايلا سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەنقىدچى قولىغا قەلەم ئېلىشتىن
ئىلگىرى مۇقىم بىر قارارغا كېلىشى ۋە ئۇنى دەلىللىشى لازىم. ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ
شاخقا قونۇش بىلىملىك تەنقىدچىنىڭ ئىشى ئەمەس.

تەنقىدچى نەقىل ئالغان «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى ئىككى مىسرا «ستالىن» دىكى
ئىككى مىسراغا بىرىنچىدىن، «تەقلىد قىلىنغان» ئەمەس، چۈنكى «ستالىن» دىكى ئىك-
كى مىسرادا پارىژ كوممۇنىسىدىن كېيىنكى روسىيە ۋە گرۇزىيىدىكى ئويغىنىش، «ئازاد-
لىق» ۋە «ئەركىنلىك» ئۈچۈن كۈرەشكۈچى گرۇزىن ئوغلانلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى،
«تىرىكلىكنىڭ نۇرلۇق مەشئىلى» (سوسو) نىڭ «تۇغۇلغان» لىقى ھەممىدە ئۇنىڭ
«نۇرلىرى» نىڭ «خۇش خەۋەر كەبى يالقۇنلۇق» ئىكەنلىكى ۋە «جاھاننىڭ ئۇپۇقىدا
ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ» غانلىقى يېزىلغان بولسا، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى ئىككى مىسرا-
دا مىللىي باسمىچىلارنىڭ ئىستېلاسىنى «تاغ بولۇپ توسقان ۋاپادار سۆڭەكلەر» نىڭ
ئەۋلادى بولغان ۋەتەننىڭ «بىر تۇركۇم ئۇلۇغ ئادىمى» ئاشۇ باسمىچىلارنىڭ كېيىنكى
ئىستېلاچى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، «ئېگىز قىيا» ئۈستىدە كالىلىسى ئېلىنى-
دىغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان زېمىن ۋە ئەل-يۇرتىغا تويماي قاراپ: «بىز
ئۆلدۇق، ھەقىقەت ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ، يۈرەك يولىنى يۇلتۇزلار يورۇتىدۇ»، بۇ زې-
مىندا «قۇياشنىڭ مەشئىلى ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ»، «ئەلۋىدا، ئەي قۇياش، ئەلۋىدا، سۆت
بېرىپ باققان ئانىلار» دەپ «ئەل-يۇرت» بىلەن خوشلىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى ئەڭ
ئاخىرقى ئۈمىدى ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە نىدىمۇ «تەقلىد» قىلىش بار؟ نېمە نېمىگە
«تەقلىد» قىلىنغان؟ ئاپتور نەقىل كەلتۈرگەن بۇ تۆت مىسرادا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋال
ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى تامامەن باشقا-باشقا تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ «تەقلىد» قىلىنغان
دېگىلى بولىدۇ؟ ئىككىنچىدىن، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى بۇ ئىككى مىسرا «ستالىن» دى-
كى ھېلىقى ئىككى مىسرادىن كۆچۈرۈلگەن ئەمەس؛ ئۈچىنچىدىن، «تەقلىددىي ئوخشى-
تىلغان» مۇ ئەمەس.

تەنقىدچى يۇقىرىقى گېپىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شۇ ئىككى مىسرانى ئۆزئارا سېلىش-
تۇرۇپ، ئۇلاردا «پىكىر بىرلىكىنىڭ يوق» لۇقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق
دېيىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى ئۆزى «كۆچۈرۈۋالغان» دەپ
نەقىل كەلتۈرگەن ھېلىقى ئىككى مىسرانىڭ كۆچۈرۈلمىگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن
ئۇقۇشماي ئىقرار قىلىپ قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «تەقلىددىي كۆچۈرۈش...ۋە-

زىن، تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن ئىنتايىن خاتا بىر «قائىدە» نى يا-
ساپ چىقىپ، گويا كۆچۈرمىچىلىكنىڭ «تەقلىدىي كۆچۈرۈش» تىن باشقا شەكىللىرى
«ۋەزىن ۋە تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ،» غاندەك، پەقەت «تەقلىدىي كۆچۈ-
رۈشلا ۋەزىن ۋە تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ» غاندەك خاتا چۈشەنچىنى ئوتتۇ-
رىغا قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، كۆچۈرمىچىلىكنىڭ ھەرقانداق بىر خىل تۈرى ئاپتور يا-
ساپ چىققان بۇ «يېڭى كەشپىيات» قا بويسۇنمايدۇ. ئەينەن بولىدىغان كۆچۈرمىچى-
لىك بىلەن ئوغرىلىق بۇ «كەشپىيات» قا تېخىمۇ بويسۇنمايدۇ. دورامچىلىق، تەقلىد
قىلىش، پايدىلىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى بول-
غانلىقتىن، ئۇلاردىمۇ «ۋەزىن ۋە تۇراقنىڭ چەكلىمىسى» گە ئۇچراپ قالىدىغان ھادى-
سە ئەسلا ئۇچرىمايدۇ. كۆچۈرمىكەشلىك قىلىدىغان ئاپتور كۆچۈرىدىغان نەرسىنى
«ۋەزىن ۋە تۇراقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ قالدى»، شۇڭا ئۇنىڭ «پىكىر بىرلىكىنى
يوقىتىۋېتەي» دەپ باشقىچە قىلىپ قويمايدۇ. چۈنكى «باشقىچىلا» بولىدىكەن، ئۇنى
«كۆچۈرۈۋالغان» دەپ تۆھمەت قىلغىلى بولمايدۇ.

مەن يۇقىرىدا تەنقىدچى «كۆچۈرۈۋالغان» دەپ نەقىل كەلتۈرگەن 15 ئېغىز
سۆز - ئاتالغۇنىڭ ھەتتا سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش دائىرىسىگىمۇ كىرمەيدىغان-
لىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ئەمەلىيەت «پىكىر بىرلىكى بولمىغان» مىسرالارنى
«كۆچۈرۈۋالدى» دېيىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەمما بۇ ئىككى مىسرادا «ئۆچمەس ئەبەدىي» دېگەن ئىككى تۈپ سۆزنىڭ
ئوخشىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ماقالە ئاپتورى «بۇ كۆچۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟» دېيىـ
شى مۇمكىن. جاۋاب شۇكى، بۇ كۆچۈرگەنلىك ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەيلى
تۈپ سۆز ياكى سۆز - ئاتالغۇ بولسۇن، ئۇ خەلق تىلىنى مەنبە قىلىدۇ. ئەدەبىي تىل
خەلق تىلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تىل. بۇ ئىككى تۈپ سۆز گىرۇزىن تىلىنىڭ
لۇغەت فوندىدا بار بولغىنىدەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىمۇ بار، شۇڭا تۈپ سۆز-
لەرنى «كۆچۈرۈۋېلىش» مەسىلىسى ئەزەلدىن - ئەبەت مەۋجۇد بولمىغان ۋە بولمايدى-
غان مەسىلە. بۇ ھەرگىز ئاقمايدىغان دەۋا. ھېلىقى ئىككى تۈپ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا
بولمىغان بولسا، ئۇنى خەلقىمىز خەلق تىلى ھېسابىغا گىرۇزىن تىلىدىن قوبۇل قىلغان
تەقدىردىمۇ، ئۇ «گىرۇزىن تىلىدىن كۆچۈرۈۋالغان تىل» ئەمەس، بەلكى «قوبۇل
قىلىنغان»، «سىڭىپ كىرگەن تىل» بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن
ئىككى مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى «ئۆچمەس ئەبەدىي» دېگەن سۆزدىكى «ئەبەدىي» دېگەن
سۆز رادىپ بولۇپ كەلگەن. رادىپنى كۆچۈرۈش مەسىلىسىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بول-
مىغان مەسىلە؛ ئۈچىنچىدىن، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى ئىككى مىسرادا پىكىر شۇنداق
سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشنى زۆرۈر تاپقانىكەن، ئاپتور شۇنداق سۆزنى ئىشلىتىشكە تاما-
مەن ھەقلىق؛ تۆتىنچىدىن، تەنقىدچى قەستەن «يۇلتۇز»، «نۇر»، «قۇياش»، «مەشئەل»
دېگەنگە ئوخشاش تۈپ سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىرمۇنچە ئاتالمىش «لېكسىكىلىق
مەنە» ۋە «باغلىنىشلار» نى ياساپ چىقىپ، بىھۇدە قىينالغان. بۇمۇ «كۆچۈرگەن» لىككە

دەلىل بولالمايدۇ.

تەنقىدچى «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدىكى،

«بۇلۇتلار توپىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە،
ئەزىمەت بوۋىلار كۆلەڭگىسى بار.
ھاۋانىڭ تىترەتكۈچ گۈلدۈرلىشىدە،
ئانىلار قەھرىنىڭ ئەلەڭگۈسى بار.»

دېگەن مىسرالارنى «ستالىن» داستانىدىكى:

«كارتىلى تاغىنىڭ شاماللىرىدا،
تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار.
كارتىلى ئۈزۈمىنىڭ قىزغۇچ رەڭگىدە،
قان قۇيما گۈللەرنىڭ قىزىللىقى بار.»

دېگەن مىسرالارغا «تەقلىد قىلغان» دەيدۇ. ئاندىن قانداق «تەقلىد قىلغان» لىقىنى ئىسپاتلىمايلا، گەپنى «كونكرېتلىق»، «ئابستراكتلىق» ئۈستىگە يۆتكەيدۇ.

تەنقىدچىنىڭ پەرىزىچە «كارتىلى تاغىنىڭ شاماللىرىدا، تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار. كارتىلى ئۈزۈمىنىڭ قىزغۇچ رەڭگىدە، قان قۇيما گۈللەرنىڭ قىزىللىقى بار.» دېسە، «كونكرېت» بولۇپ، «بۇلۇتلار توپىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە، ئەزىمەت بوۋىلار كۆلەڭگىسى بار. ھاۋانىڭ تىترەتكۈچ گۈلدۈرلىشىدە، ئانىلار قەھرىنىڭ ئەلەڭگۈسى بار.» دېسە، «ئابستراكت» بولىدىكەن! ۋەھالەنكى، «كونكرېتلىق»، «ئابستراكتلىق» دېگەن تېرمىنلاردىن ئازراقلا ساۋاتى بولغان ھەرقانداق بىر تەنقىدچى مۇنداق گەپنى قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلا كۇپلېتتا تەپەككۇرنىڭ ئابستراكت شەكىللىرى ئوبرازلار ئارقىلىق سۆزلىتىلگەن ۋە ئابستراكت پىكىرلەر كىشىلەر كۆرۈپ ھېس قىلالايدىغان دەرىجىدە كونكرېتلىققا ئايلاندۇرۇلغان. ھەتتا بۇ جەھەتتە كېيىنكى كۇپلېتتا ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ ھېسسىيلىق ۋە جانلىقلىقى ئالدىنقى كۇپلېتتىن ئېشىپ چۈشكەن.

تەنقىدچىنىڭ كېيىنكى مۇھىم نۇقتىسى تېخى مۇنۇ يەردە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئارسلان بۇ...كۇپلېتنى قۇراشتۇرۇش جەريانىدا...ئەسلى كۇپلېتنىڭ مەزمۇنىنى قىسمەن ساقلاپ قېلىپ، پەقەت شەكلىنىلا قالدۇرىدۇ»، «ساقلاپ قېلىش» بىلەن «قالدۇرۇش» نىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەنە پەرقى يوق. تەنقىدچى «مەزمۇنىنى قىسمەن ساقلاپ قېلىپ، شەكلىنى قالدۇرىدۇ» دېيىش ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ ئالدىنقى كۇپلېتنىڭ مەزمۇنىنىمۇ (قىسمەن)، شەكلىنىمۇ كۆچۈرگەن، دېمەكچى. ئالدىنقى كۇپلېتتا «تاغ، شامال، تورغاي، ئۈزۈم، قىزىللىق» دېگەنگە ئوخشاش تۇغرىدىن ـ تۇغرا ئېيتىلغان تەبىئەت ھادىسىلىرى تەسۋىرى ئىپادىلەنگەن تۇرسا، كېيىنكى كۇپلېتتا كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى جارىڭلىتىدىغان ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھەسرەت ۋە كۆز ياش تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئالدىنقى كۇپلېتنىڭ مەزمۇنىنى «قىسمەن» ساقلاپ قالغان «كۆچۈرۈۋالغان» دېگىلى بولىدۇ؟ ھەر ئىككى كۇپلېتنىڭ 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكى ئۇنىڭ «شەكلىنى

قالدۇرغانلىقى» بولامدۇ؟ شېئىرىيەت شەكلى پەقەت سانغىلا، ۋەزنىگىلا قارىتىلغان ئەرسەمۇ؟

بۇ كۇپلېتتا سۆزمۇ-سۆز، مەنىمۇ-مەنە «كۆچۈرگەن» لىك توغرىسىدا ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمىگەن تەنقىدچى «كۆلەڭگىسى»، «ئەلەڭگۈسى» دېگەن قاپىيىلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۇپلېتتىكى ‹ئەلەڭگۈسى›، ‹كۆلەڭگىسى› دېگەن قاپىيىلەرمۇ ئارسلاننىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، چاندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر قىلغان ئاپتور بەت ئاتلاپ كۆچۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان.» سىدىقھاجى روزىنىڭ «بەت ئاتلاپ» دېگىنى 12-بەتتىن بىراقلا 126-بەتكە «ئاتلىغان» لىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تەنقىدچى مىسال كەلتۈرگەن كۇپلېتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىنى ئەينەن «كۆچۈرۈۋالغان» لىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۆز، قاپىيىلەر ھەرقايسى مىللەت تىلى لۇغەت فوندىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە بايلىقى. پالانى سۆز، پۇستانى قاپىيىنى ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىشلەتمىسۇن، دەيدىغان «خەلقئارالىق بەلگىلىمە» يوق. ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن شۇنداق سۆز، شۇنداق قاپىيە بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا ئوخشىشىپ كېتەمدۇ-يوق؟ نېمە بولسا، شۇنداقلا كۆچۈرۈۋالغانمۇ-يوق؟ بۇ، تەنقىدچى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ھۆكۈم قىلىدىغان مۇھىم نۇقتا. ۋەھالەنكى سىدىقھاجى روزى ھېچنېمىسى ئوخشىمايدىغان كۇپلېتلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىردەم «مەزمۇننى ئېلىپ قېلىپ، شەكلىنى قالدۇرغان» دېسە، بىردەم «قاپىيىنى كۆچۈرگەن» دەيدۇ.

ماقالىدا «تەقلىد قىلغان»، «ئەينەن كۆچۈرگەن» دەپ مىسال كەلتۈرۈلگەن 4-، 5-، 6-، 8-، ۋە 9-مىساللاردىمۇ سۆزمۇ-سۆز ۋە پىكىرمۇ-پىكىر «تەقلىد قىلغان» «ئەينەن كۆچۈرگەن» لىك مەسىلىسى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ماقالە ئاپتورى سۆزمۇ-سۆز «كۆچۈرگەن» ۋە سۆزمۇ-سۆز «تەقلىد قىلغان» پاكىتلارنى كۆرسىتىپ بېرىشنىڭ ئورنىغا مىسال كەلتۈرگەن مىسرالارنى بۇرمىلاپ تەھلىل قىلىدۇ، تەھلىلنى پاكىت قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولىدۇ ۋە بۇ مىساللاردىكى ئوخشىمىغان ئورۇن ۋە ئوخشىمىغان مەنىدە قوللىنىلغان «ئەتىر»، «قان قۇيما»، «رەڭلەر دېڭىزى»، «بۇركۇت»، «قىلىچقا» دېگەن تاق سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «بۇ مىسرالاردىكى پىكىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى «ئەتىر»، «قان قۇيما»، «رەڭدار دېڭىزى»، «بۇركۇت»، «قىلىچقا» چۈشكەن» دەيدۇ. بۇگۈنكى كىتابخانلار بىزەرمىسرا گەپتىكى «پىكىرنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى» نىڭ قەيەرگە «چۈشكەن» لىكىنى بىلىشتە، تەنقىدچىنىڭ ماقالە يېزىپ «كۆرسىتىپ» بېرىشىگە موھتاج ئەمەس. باشقىلارنى كۆچۈرمىكەشلىكتە ئەيىبلەۋاتقان تەنقىدچى «كۆچۈرمىچى» نىڭ قايسى مىسرا، قايسى پىكىرنى «ئەينەن كۆچۈرۈۋالغان» لىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولاتتى.

ماقالە ئاپتورى 7-مىسالدا مۇنداق ئىككى خىل مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى «تۇلپار يايلىنىڭ يەلپۈنۈشى بار» دېگەن مىسرانى «ستالىن» داستانىدىكى «تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار» دېگەن مىسرادىن

«ئەينەن كۆچۈرگەن» دېگەن مەسىلە، يەنە بىرى «گىرۇزىن شائىرىنىڭ ئوخشىتىشى ‹يەلپۈنۈش› قانات بىلەن ئوبرازلىق بىرلىككە ئېرىشكەن بولسا... ئارسلاننىڭ ئوخشىتىشى ‹يەلپۈنۈش› ئاتنىڭ يايلى بىلەن ئىچكى باغلىنىش يارىتالمىغان» دېگەن مەسىلە.

«يەلپۈنۈش» شەيئىنىڭ مەخسۇس شامال ھەرىكىتى ئىچىدىكى ھەرىكەت خاسلىقىغا قارىتىپ ئىشلىتىلگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئۇچار قاناتلار (جۈملىدىن، تورغاي) نىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇش ياكى شامال ھەرىكىتى ئىچىدىكى قانات ھەرىكىتىنىڭ جىمجىت تۇرۇش ھالىتىنى سۈرەتلەپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇچار قاناتلار ئۇچقاندا قانىتىنى يەلپۈپ ئەمەس، قېقىپ ئۇچىدۇ. جىم تۇرغاندا (مەيلى شامال ھەرىكىتى ئىچىدە تۇرغاندا بولسۇن) قانىتىنى يەلپۈپ ئەمەس، بەلكى يىغىپ ئولتۇرىدۇ. تورغاينىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتىمۇ بارلىق ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۇچۇش ھەرىكىتىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ. ئۇمۇ قانىتىنى يەلپۈپ ئەمەس، قېقىپ ئۇچىدۇ. شامال چىققاندا، ئۇنىڭ مەيدە ۋە قورساقلىرىدىكى تۈكلىرى يەلپۈنۈشى مۇمكىن، بىراق قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، «تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار» دېگەن تەسۋىرنى قانداقمۇ «يەلپۈنۈش بىلەن قانات ئوبرازلىق بىرلىككە ئېرىشكەن» دېگىلى بولسۇن؟ يەنە بىر جەھەتتىن، «شامالدا تورغاي قانىتىنىڭ يەلپۈنۈشى بار» دېگەن سۆز شامال ھەرىكىتىدىكى خاسلىقنى دەل ۋە توغرا سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ گەپچە بولغاندا، «كارتىلى تاغنىڭ شاماللىرى...» تورغاي قانىتىنى قاققاندەك «قېقىپ» چىققان بولۇپ قالىدۇ، ۋەھالەنكى تەبىئەت ھادىسىسى بولغان شامال «كارتىلى تاغدا» ئۇچار قاناتلار قانات قاققاندەك «قېقىپ»، تەڭرى تېغىنىڭ «شاماللىرى» يۈزنى سۆيۈپ لەرزان ياكى توپا-تومانلارنى توزۇتۇپ «گۈلدۈرلەپ» چىقىدىغان بولمىسا كېرەك.

ئەمدى تەنقىدچىنىڭ «ئەينەن كۆچۈرگەن ئوخشىتىش — يەلپۈنۈش ئاتنىڭ يايلى بىلەن ئىچكى باغلىنىش يارىتالمىغان» دېگەن گېپىگە كەلسەك، ئۇيغۇر شائىرىنىڭ بۇ يەردە قوللانغان ئوخشىتىش — «يەلپۈنۈش» ئەسلىدە مۇنداق بىر جايدا، مۇنداق بىر مەنىدە قوللىنىلغانىدى:

«ئاقىدۇ دەريا تېز، قەدىمى خاننىڭ،
جەڭگاھقا ئاتلانغان ئالدىرىشىدا.
تۇلپارلار يايلىنىڭ يەلپۈنۈشى بار،
تۈندىكى دولقۇننىڭ يالتىرىشىدا.»

ئېنىقكى، بۇ يەردە ھۇجۇمغا ئۆتكەن خان لەشكەرلىرىدەك گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان تۈندىكى دەريا دولقۇنىنىڭ يالتىرىشى تۇلپار يايلىنىڭ يەلپۈنۈشىگە ئوخشىتىلغان. يۇقىرىدا بىر يەلپۈنۈش سۆزىنىڭ شامال ھەرىكىتى ئىچىدىكى خاسلىقىغا قارىتىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەنىدۇق. تورغاي قانىتى شامالدا يەلپۈنمىگەن بىلەن تۇلپار يايلى شامالدا يەلپۈنۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى دولقۇنمۇ پەيدا قىلىدۇ. شائىر ئارسلاننىڭ بۇ خىل ئوخشىتىشى ھېچكىم قوللىنىپ باقمىغان يېڭى ئوخشىتىش بولۇش بىلەن بىللە ھادىسىنى تولىمۇ رېئال، كونكرېت ۋە تولۇق سۈرەتلەپ بەرگەن. شا-

ئىرىنىڭ قوللانغان «ئوخشىتىش ــ يەلپۈنۈش ئاتىنىڭ يايلى بىلەن ئىچكى باغلىنىش يا-
رىتالمىغان» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك، رېئال ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولغان ۋە
كىشىلەر كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان تولىمۇ كونكرېت ۋە تولىمۇ چىرايلىق ئوبراز-
لىق بىرلىككە ئىگە بولغان.

تەنقىدچى نەقىل كەلتۈرگەن 10 - مىسالدا مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە بار. ئۇ-
نىڭ بىرى، تەنقىدچى «ستالىن» داستانىدىكى:

«ئازادلىق ئىستىگەن تاغلار، دالالار،
ئورمانلا قەلبىدە ساقلىدۇق مەھكەم.»

دېگەن مىسرادىكى «ئازادلىق ئىستىگەن» دېگەن سۆز بىلەن «يۇلتۇزلار يۇرتى»
داستانىدىكى:

«ئورمانلار بوراندا كۆتۈرگەن شاۋقۇن،
يىللارنىڭ سىرىنى سوزلەيدۇ گويا.»

دېگەن مىسرادىكى «يىللارنىڭ سىرى» «ئوخشاش مەنىدىكى، لېكىن ئوخشاش بولمىغان
جۈملە شەكلىدىكى پىكىرلەردۇر» دېسە، يەنە بىرى، ئۇ پۈتۈنلەي ئورۇنسىز هالدا
«پىسخىك مايىللىق» دېگەن غەلىتە گەپنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «گرۇزىن شائىرى بىلەن
ئارسلاننىڭ پىسخىك مايىللىقى بۇ مىسرالاردا ئوخشاش مەقسەت ۋە ئوخشاش پىكىر
ئۈستىگە مەركەزلەشكەن» دەيدۇ.

تەنقىدچى بۇ مىسالدىمۇ شائىر ئارسلاننىڭ «ستالىن» داستانىدىن سۆزمۇ-سۆز،
پىكىرمۇ - پىكىر «ئەينەن كۆچۈرگەن» لىكىگە دائىر ھېچقانداق پاكىت كەلتۈرەلمەي،
«ئازادلىق ئىستىگەن» دېگەن سۆز بىلەن «يىللارنىڭ سىرى» دېگەن سۆز ئوخشاش مەنىدى-
كى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدىكى پىكىرلەردۇر» دېگەن. بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىپتىلىشىلا
ئەمەس، ھەتتا لۇغەت مەنىسىمۇ باشقا-باشقا تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ «ئوخشاش مەنىدىكى
پىكىردۇر» دېگىلى بولىدۇ؟ ئەدناسى «ئىستەك» دېگەن سۆز بىلەن «سىر»، «ئازادلىق»
دېگەن سۆز بىلەن «يىللار» دېگەن سۆز «ئوخشاش مەنىدىكى» سۆزمۇ؟

ئەمدى تەنقىدچىنىڭ نەزەرىدىكى «ئوخشاش مەنىدىكى» بۇ سۆزلەرنىڭ قوللى-
نىلغان ئورنىغا قاراپ باقايلى:

«ستالىن» داستانىدىكى «ئازادلىق ئىستىگەن» دېگەن سۆز «گەرچە ياۋنىڭ
قىيىنىقى ھەددىدىن ئاشقان بولسىمۇ، بىزنى قۇل قىلالمىدى. ئازادلىق ئىستىگەن تاغ-
لار، دالىلار، ئورمانلار قەلبىدە مەھكەم ساقلىدۇق» دەپ، ھەقىقىي ئازادلىق ۋە ئازاد-
لىق ئۈچۈن بولغان كۈرەش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى
«يىللارنىڭ سىرى» دېگەن سۆز تەكرىتاغ «ھەربىر چوققاڭ توغرىسىدا! مىڭلاپ ئەسلى-
مە بار، خىيالىم دەريالار ئارا ئاقىدۇ. بوراندا ئورمانلار كۆتۈرگەن شاۋقۇن يىللارنىڭ
سىرىنى سۆزلەيدۇ» دەپ، تەكرى تاغقا سىمۋول قىلىنغان ۋەتەن خەلقىنىڭ باسقان
ھەر بىر قەدىمىنىڭ «مىڭلاپ ئەسلىمە» بىلەن تولغان تارىخىي يىللار ئىكەنلىكى،
بۇ يىللارنىڭ «سىرى» نى «ئورمانلارنىڭ بوراندا كۆتۈرگەن شاۋقۇنى» لا سۆزلىيەلەي-

ەنغان «شاۋقۇن، سۇرەنلىك تارىخ» ئىكەنلىكى مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ يەردە «يىللارنىڭ سىرى» دېگەن سۆز نەدىمۇ «ئازادلىق ئىستىگىن» دېگەن سۆز بىلەن «ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان» ئىش بار؟

ئەمدى ئاپتورنىڭ ئىككى شائىرنىڭ «پىسخىك مايىللىقى ئوخشاش مەقسەت ۋە ئوخشاش پىكىر ئۈستىگە مەركەزلەشكەن» دېگەن بۇ قالايمىقان گېپىگە كەلسەك، پىسخىكا دېگەن سۆز ئادەمنىڭ مىجەزى، خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى، تېمپېرامېنتى دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەردە بۇ ئىككى شائىرنىڭ قانداق «مىجەزى» (ئېغىر بېسىقمۇ ياكى ئالدىراڭغۇمۇ، ۋات - ۋاتمۇ ياكى مۆردەمەسمۇ؟) قانداق «ئوخشاش مەقسەت» ۋە «ئوخشاش پىكىر ئۈستىگە مەركەزلىشىپ» قالغان ئىش بار؟ «مىجەز مايىللىقى مەركەزلىشىپ قالىدىغان مەقسەت پىكىر ئوخشاشلىقى» نەزەرىيىسى قايسى پىسخولوگىيە «ئالىمى» كەشپ قىلغان «نەزەرىيە»؟

تەنقىدچىنىڭ 11- مىسال ئۈستىدىكى خۇلاسىسىدىمۇ مۇنداق ئىككى خىل مەسىلە بار. بىرى، ئۇ «ستالىن» داستانىنىڭ 10- بېيتىدىكى:

«ھېلى - ھېلىغىچە تىك چوققىلاردا،
قىڭغىر مۇنارلار چوقچىيىپ تۇرار.»

دېگەن مىسرانى ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۈزۈۋېلىپ، ئاندىن «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ 75- بېيتىدە پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش، باشقا بىر ھادىسە، باشقا بىر مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان «شۇ مۇنار بەستىدە تاغنىڭ بەستى بار» دېگەن مىسرانى ئۇنىڭ باش - ئايىغىنى چاناپ تاشلاپ «ستالىن» داستانىدىن ئۈزۈۋالغان ئىككى مىسرانىڭ ئاخىرىغا تىزىپ قويىدۇ.

«شۇ مۇنار بەستىدە تاغنىڭ بەستى بار» دېگەن مىسرا ئەسلىدە «ئەسىرلەر يولىدا قەدەم ئاۋازى» گۈپۈلدەپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، «مېنى يالغۇز دېمەڭلار، ھەربىر مىسرايىمدىن كۆرمىڭلاپ ئوغۇللار تۇغۇلىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى بىلەن جاھان خەلقىگە تونۇشلۇق بولغان بۈيۈك شائىر زەلىلى ھەققىدىكى كۆز ياشلىق ئەسلىمە داۋامىدا «ئۇرغۇپ چىققان كۆز يېشىڭ بىلەن شېئىر يازغان شائىر زەلىلى، قېنى سەن؟»، سەن «شېئىردىن مۇنار تۇرغۇزۇپ» ئۆتكەنىدىڭ دەپ كېلىپ:

«شۇ مۇنار ئۈستىدە تاغنىڭ بەستى بار،
گۈپۈلدەر ئۇنىڭدىن گۈللەر پۇرىقى.»

دەپ قوللىنىلغانىدى. كىتابخانلار «شۇ مۇنار ئۈستىدە تاغنىڭ بەستى بار،» دېگەن مىسرا بىلەن «قىڭغىر مۇنارلار چوقچىيىپ تۇرار.» دېگەن مىسرانىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ.

يەنە بىرى، تەنقىدچى ئۈزۈۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئالغان بۇ نەقىللەرنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى چېتىش ئارقىلىق تىزىپ چىققاندىن كېيىن «گرۇزىن شائىرىنىڭ مىسرالىرىدا ‹مۇنار› بىلەن چوققا سېلىشتۇرما قىلىنغان. ئارسلاننىڭ مىسرالىرىدا... ‹تاغنىڭ بەستى› ‹مۇنارنىڭ بەستى› گە يانمۇ-يان قويۇلغان» دېگەن.

شائىر ئارسلان زەلىلىگە سەن «شەھەردىن مۇنار تۇرغۇزۇپ ئۆتتىڭ»،«شۇ مۇنار بەستىدە تاغنىڭ بەستى بار» دەپ «شەھەردىن تۇرغۇزۇلغان مۇنار» نىڭ «بەستى» نى «تاغ» نىڭ «بەستى» گە ئوخشىتىۋاتسا، ئۇنى بىر-بىرىگە «يانمۇ-يان قويۇلغان» دەپ دەۋا قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

تەنقىدچى 12- مىسالدىكى «قەلئە رەھناسىدىن كېلىدۇ ئاۋاز» («ستالىن»، 16- بەت) دېگەن مىسرادىكى «ئاۋاز»، «ئۈچتۇرپان قەلئەسى كۆتۈرسە چۇقان»، («يۇلتۇزلار يۇرتى»، 89- بەت) دېگەن مىسرادا «چۇقانغا» ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، «پىكىرنىڭ ئەينەن ئوخشاشلىقى ساقلاپ قېلىنغان» دېگەن بولسا، 13- مىسالدىكى «چاقماق يالتىرىشى ئېرىگەن نۇردەك» («ستالىن»، 7- بەت) دېگەن مىسرادىكى پىكىر بىلەن «چاقنىغان چاقماقلار قىلىچىك گويا» («يۇلتۇزلار يۇرتى»، 5- بەت)، دېگەن مىسرادىكى پىكىر «ئوخشاش» دېدى.

تەنقىدچى ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن باش-ئايىغىنى تاشلىۋېتىپ ئۈزۈۋالغان بۇ مىسرالارنىڭ مۇشۇ ھالىتىدە «ئەينەن ساقلاپ قالغان پىكىر ئوخشاشلىقى» مۇ، «پەرقلىق جۈملە شەكلىدىكى پىكىر ئوخشاشلىقى» مۇ مەۋجۇت ئەمەس. بىرىدە «قەلئەدىن ئاۋاز كېلىدۇ»، دېيىلىۋاتسا، يەنە بىرىدە «ئۈچتۇرپان قەلئەسى چۇقان كۆتۈرسە» دېيىلىۋاتسا، بىرى، «چاقماقنىڭ يالتىرىشىنى ئېرىگەن نۇر» غا ئوخشىتىۋاتسا، يەنە بىرى «چاقنىغان چاقماقلار گويا قىلىچىك» دەۋاتسا، بۇ يەردە نەدىمۇ «ئەينەن ئوخشاپ قالغان پىكىر» بولسۇن؟ ئۇنى قانداقمۇ «پەرقلىق جۈملە شەكلىدىكى پىكىر ئوخشاشلىقى دېگىلى» بولىدۇ؟ تەنقىدچى ئۈزۈپ ئالغان نەقىلنىڭ ئۆزىدىكى ئەھۋال ئەنە شۇنداق. مەن كىتابخانلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ۋە تەھلىل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن نەقىلنى نەقىل ئېلىش قائىدىسى بويىچە تولۇق كەلتۈرۈپ قويىمەن:

«قەلئە رەھناسىدىن كېلىدۇ ئاۋاز:
—تاش نەگە تاقالدى، جان ئوغلۇم زوراپ؟!»

«ستالىن» داستانىنىڭ 16- بېتىدىكى بۇ مىسرادا تەنقىدچى «ئاۋاز»نى «چۇقان» غا ئۆزگەرتكەن دېگەن «ئاۋاز» قەلئەگە دەپنە قىلىنغان ئادەمنىڭ «ئاۋازى» ياكى گېپى-سۆزى مەنىسىدە قوللىنىلغان.

«قەلبىمدە ئوت ئالغان قەدىمي ئۈمىد،
ئۈچتۇرپان قەلئەسى كۆتۈرسە چۇقان.»

شائىر ئارسلان مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى موللاشاكىر ھەققىدىكى ئەسلىمىدە «سەن ئۈچتۇرپاندا تۇرغىنىڭدا ئازابنى يەتكۈچە تارتقانسىدىك»، ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدا شېھىت بولغان ئوغلانلار ھۆرلۈك، ئازادلىق ئۈچۈن «چۇقان» كۆتۈرگەندە، «قەلبىمدە قەدىمي ئۈمىد ئوت ئالغان» ئىدى دەپ، «چۇقان» دېگەن سۆزنى بىر كىشىنىڭ «ئاۋازى»، گەپ-سۆزى مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى مىللىي روھنىڭ چۇقانى، مىللىي كۈرەش ساداسى مەنىسىدە قوللانغان.

يولداش سىدىقھاجى روزى نەقىل كەلتۈرگەن 14- ـ 15 - مىسالمۇ باش-ئاخىرى

نى چانىۋېتىپ ئېلىنغان نەقىللەر بولۇپ، ئۇ، بۇ ھەقتە «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن ھۆ-كۈمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىيالايدىغان ھېچقانداق پاكىتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

دېمەك، كۆچۈرمىكەشلىك ساھەسىدە سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ كۆچۈر-مىكەشلىكتىكى بىرخىل ئېغىر ھادىسە ئىكەنلىكى، قانداق كۆچۈرسە سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنىڭ بىرىنچى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قائىدە - پرىنسىپلار بويىچە، سىدىقھاجى روزى «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى 15 ئېغىز سۆز - ئاتالغۇنى ئۇنىڭ «مەنبە» سىگە بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەكشۈرۈپ چىقتۇق. خۇلاسە شۇكى، سىدىقھاجى روزى «ئەينەن كۆچۈرۈۋالغان» دەپ ئۈزۈپ ئېلىپ نەقىل كەلتۈرگەن بۇ 15 ئېغىز سۆز - ئاتالغۇدا «ئەي-نەن كۆچۈرۈۋالغان سۆز - مىسرا» مۇ ھەمدە «پەرقلىق جۈملە شەكلىدە ئەينەن ئوخشاش-لىقىنى ساقلاپ قالغان پىكىر» مۇ يوق.

ئەمدى سۆز - جۈملە (جۈملىدىن، مىسرا) نى ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىشنىڭ ئىككىنچى ئىپادىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. سۆزلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، پىكىرنى ساقلاپ قېلىشمۇ سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىشتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئېغىر ئەھۋال. بۇ خىل ئەھۋالمۇ پرىنسىپ جەھەتتىن ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىشقا كىرىدۇ. بىز مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە، تەنقىدچى مىسال كەلتۈرگەن 15 ئېغىز نەقىلنى بىرمۇ - بىر تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ قائىدىگە ياتىدىغان بىرمۇ مىسالنى، يەنى كېيىنكى لىئوندزىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ساقلاپ قالغانلىق توغرىسىدىكى بىرمۇ مىسالنى ئۇچرىتالمايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا، سۆز - جۈملە مەسىلىسىدە پىكىرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، سۆز - جۈملىلەرنى شۇ پېتى ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بىراق «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىدا بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

بەزىلەر سىدىقھاجى روزى نەقىل كەلتۈرگەن «يۇلتۇزلار يۇرتى» نىڭ 141 - بېيتىدىكى «ئاشقىمەن قان قۇيما ئانارلىرىڭغا» دېگەن مىسرادىكى «قان قۇيما» دېگەن سۆزنى «ستالىن» داستانىنىڭ 12 - بېيتىدىكى «قان قۇيما گۈللەرنىڭ قىزىللىقى بار» دېگەن مىسرادىمۇ ئۇچرىتىپ گۇمانلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق گۇماندا بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. چۈنكى «قان قۇيما» دېگەن سۆز قىزىل، قاندەك قىپقىزىل دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ خەلق ئىچىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، كۆزى قان قۇي-غاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى، قان قۇيغاندەك قىپقىزىل ئانار ياكى ئالما ۋەھا-كازالار. خەلق تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان بۇ سۆز «يۇلتۇزلار يۇرتى» دا قوللىنىلغان، پەقەت باشقا شېئىرلاردىلا تېخى قوللىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق گۈزەل بەدىئىي سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. گەپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى بايقاشتا. «ستالىن» داستا-نىنىڭ تەرجىمانلىرى گرۇزىن تىلىدا بار ياكى يوق دەپ ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولغان بۇ سۆزنى پەقەت ساپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمىلا قىلىپ قويغان، خالاس. بۇ، تەرجىمە-دىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلىتىشكە ياتىدىغان بىر ئىش. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەزەلدىن

بار بولغان سۆزلى ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىشلەتسە ئېمىشقا بولمايدىكەن؟

تەنقىدچى «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىن ئۈزۈۋالغان 15 ئېغىز سۆز ـ ئاتالغۇ توغرىسىدىكى «كۆچۈرۈۋالغان»، «تەقلىدىي كۆچۈرگەن»، «تەقلىدىي ئوخشىتىلغان» دېگەنگە ئوخشاش گەپلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئىسپاتلىيالمىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، داستاندىكى «گۈلدۈرماما، قىلىچ، ئاي» دېگەن ئۈچ سۆز بار 37 ئوخشىتىشنىڭ «مەنبەسى» توغرىسىدا ناھايىتى كەڭ سۆزلىگەن. ئۇ ئالدى بىلەن «ئاتۇش ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرىگە قاتتىق تاپا ـ تەنە قىلغان، ئاندىن تەركىبىدە «گۈلدۈرماما» دېگەن سۆز بولغان ئون ئوخشىتىشنى تېرىشتۇرۇپ كېلىپ، بۇ خىل «تەكرارلانغان ئوخشىتىش ـ گۈلدۈرلەش ‹ستالىن› داستانىدىكى ‹بەزەن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىشىدە، ئوق تەگكەن ئارسلاننىڭ ھۆركىرىشى بار› دېگەن مىسرالاردىن كەلگەن» دەپ خۇلاسە چىقارغان.

تەنقىدچىنىڭ تولىمۇ قارىملىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكرىدە مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار:

بىرىنچى، ئۇنىڭ «كەلگەن» دېگىنى تەركىبىدە گۈلدۈرلەش سۆزى بارلىكى مىسرالارنىڭ مەنبەسى «ستالىن» داستانىدىكى «بەزەن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىشىدە» دېگەن مىسرا ياكى ئۇنىڭدىن «تەقلىدىي كۆچۈرۈۋالغان» دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىز يۇقىرىدا قانداق كۆچۈرسە «كۆچۈرۈۋالغان» لىق ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قائىدە، پرىنسىپلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ماقالە ئاپتورى مىسال كەلتۈرگەن بۇ ئون مىسرا شېئىرنىڭ ھەممىسىدە گەرچە «گۈلدۈرلەش»، «گۈلدۈرى»، «گۈركىرەك»، «گۈلدۈرماما» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇ كۆرسەتكەن «مەنبە» نىڭ مەزمۇنىغىمۇ، شەكلىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئون مىسال ئۆزئارا بىر ـ بىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەرقايسىسى ئوخشىمىغان ئورۇندا ئوخشىمىغان مەزمۇننى ئىپادىلىگەن.

ئىككىنچى، شائىر ئارسلان «گۈلدۈرلەش» دېگەن سۆزنى 50 ـ يىللاردا نەشىر قىلىنغان گېئورگى لىئوندزىنىڭ بۇ داستانىنى ۋاراقلاپ «كۆچۈرمىسىمۇ»، ئۇ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدا ئەزەلدىن بار بولغان، ھەتتا ھەرقانداق كىچىك بالىمۇ، دېھقان، پادىچى، چەرچىن مالچىلارمۇ بىلىدىغان ئەڭ ئاددىيتىكى، ئەڭ ئومۇمىي بىر گەپ.

ئۈچىنچى، تەنقىدچى «نەقىل» كەلتۈرگەن بۇ ئون مىسرا ئىچىدىكى «گۈلدۈرلەش» دېگەن سۆزنى ئۈزۈۋېلىپ بىر ئابزاس قىلىپ تىزىپ قويۇشقا مۇيەسسەر بولغىنىدا، «بەزەن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىشىدە» دېگەن «مەنبە» دىن كەلگەن بۇ ئون مىسرانىڭ ئۆزى «كەلگەن» «مەنبە» گە ئازراقمۇ ئوخشىمايۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ھېچقايسىسىدا «مەنبە» نىڭ تۇسىنىگىمۇ يوقلۇقىنى ئويلىشىپ باقمىغان.

تۆتىنچى، تەنقىدچى «گۈلدۈرلەش» دېگەن تىپقا كىرىدىغان ئون سۆزنى تىزىپ قويۇپ، ئۇنى «تەكرارلانغان ئوخشىتىش» دەپ تەنە قىلىدۇ. تەكرارلىق بايان قىلىنىۋاتقان مەسىلە ئىچىدىكى بەلگىلىك بىر پىكىرنى ئورنى كەلسۇن ـ كەلمىسۇن ئايلاندۇرۇپ دەۋېرىش، بىر خىل ئىدىيىنى بىر خىل مۇقامدا قايتىلاۋېرىشتۇر. يۇقىرىقى ئون مىسالدا شەكىلەن ۋە مەزمۇنەن تەكرارلىقنىڭ ھەرقانداق ئىپادىسى مەۋجۇت ئەمەس. تامامەن ئوخشاش

بولمىغان پىكىرلەر تەركىبىدە قايتىلىنىش ئېھتىماللىقىنىڭ بارلىقى بەلگىلىك بولغان ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ ئايرىلىشىپ قالغانلىقى شەكلىدە تەكرارلىنىشىمۇ ھەرگىز كىرمەيدۇ. ئەمما سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ تەكرارلىنىپ، يېڭى مەزمۇننى ئىپادىلىشى ئەجەبلىنىپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىياتتا قايسى سۆزنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك چوڭ مەسىلە ئەمەس، بەلكى قايسى سۆزنى قانداق ئورۇندا قانداق ئىشلىتىش، جانلىق ئىشلىتىش - ئىشلىتەلمەسلىك مۇھىم مەسىلە. كىچىككىنە بىر شېئىردا بىر رادىپ بىرمۇنچە ئورۇندا تەكرارلانسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى شۇ ئورۇندا مۇۋاپىق بولسا بولۇۋېرىدۇ. بىر سۆزنى ئوخشىمىغان ئورۇندا تەكرارلاش، رىتورىك قايتىلاش، ھەتتا مىسرالارنىمۇ ئۆز پۈتۈنلىكى بىلەن قايتىلاشقا بولۇۋېرىدۇ. ۋەھالەنكى پۈتۈن داستاندا سىدىقھاجى روزى «تەكرارلىق» دەپ تەنە قىلغان سۆز ئون يەردە «تەكرارلانغان» بولسىمۇ، كىشىلەرگە زادى تەكرارلانغاندەك ھېس قىلىنمايدۇ. بۇ سۆزلەر «تەكرارلاندى» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە پىكىر ۋە مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن «تەكرارلانغان». مۇنداق «تەكرارلىق» يوللۇق ۋە لازىم. ئەمەلىيەتتە، تەنقىدچى نەقىل ئالغان ئاشۇ ئون ئېغىز سۆز ھەتتا شەكىل، تەلەپپۇز - ئېيتىلىش جەھەتتىنمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

يولداش سىدىقھاجى روزى «يولتۇزلار يۇرتى» داستانىدىكى تەركىبىدە «قىلىچ» سۆزى بار بولغان 21 مىسرا شېئىرنى قاتار تىزىپ، بۇ مىسرالاردىكى «قىلىچ» «ستالىن» داستانىدىكى «‹قىلىچى ئېسىقلىق ئېگەر قېشىدا› دېگەن مىسرانى ۋە بۇ مىسرادىكى ‹قىلىچ› نى مەنبە قىلغان» دېدى. گېئورگى لېئوندىزىنىڭ بۇ مىسراسىنىڭ قۇدرىتى نېمىدېگەن زور - ھە؟ بىراق بۇ 21 مىسرادىكى «قىلىچ» نىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ «بېشى» غا «ئېسىلماي»، بەلكى ھەرقايسىسى ئوخشىمىغان ئىدىيەۋىلىكنى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھادىسىنىڭ ئۆزىدىكى خاسلىققا ماسلاشقان ھالدا ئۆز سۈپىتى بىلەن ھەرخىل ئورۇندا قوللىنىلغان.

ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا ئىستېلاچىلارغا قارشى قىلىچ، نەيزە بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ لۇغەت سوستاۋىدا «قىلىچ» سۆزىنىڭ بولماسلىقى ھەمدە ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ، جۈملىدىن، شائىر ئارسلاننىڭ «قىلىچ» تىن ئىبارەت مۇنداق ئوبدان سۆزنى بىلمەي قېلىپ، باشقىلارنىڭ داستانىدىن «كۆچۈرۈپ ئىشلىتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشى» ئەقىلغا سىغمايدۇ.

تەنقىدچى «يولتۇزلار يۇرتى» داستانىدىكى «ئەگىم ئاي قېشىڭ سېنىڭكى»، «ئەگىم ئاينى ھەم»، «ھالقىسى ئەگىم ئاي»، «كۆرۈندى ئەگىم ئاي»، «ئەگىم ئاي ئۈستىگە مىنىپ»، «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى» دېگەن ئالتە ئېغىز ئوخشىتىشنى تىزىپ چىققاندىن كېيىن، شائىرنىڭ بۇ ئوخشىتىشلىرىدىكى «گرامماتىكىلىق ئېنىقسىزلىق» «ھىلال ئاي» نى «ئەگىم ئاي» غا ئۆزگەرتىپ، تىل ئادىتىنى بۇزۇۋەتكەنلىك مەسىلىسى توغرىسىدىكى «گەپنى قويۇپ تۇرۇپ»، «‹تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى› دېگەن ئوخشىتىشتا ‹نەزەرى› نى ‹ئاغدۇرىدىغان› لىقىنى» ئېيتىدۇ.

تەنقىدچىنىڭ «گرامماتىكىلىق ئېنىقسىزلىق» دېگىنى پۈتۈنلەي يوق گەپ. چۈنكى يۇقىرىقى ئالتە مىسالدا ھەرقانداق «گرامماتىكىلىق ئېنىقسىزلىق» (قائىدىسىگە چۈشمەيدىغان، باغلاشمايدىغان، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولمىغان ئەھۋال) مەۋجۇت ئەمەس، شۇنداقلا مىسرالارنى بۇزۇپ ئۈزۈۋالغان بۇ ئالتە مىسالنىڭ ئەسلىدىكى قوللىنىلغان ئورنىدىمۇ (پۈتۈنلەنگەن ھالىتىدىمۇ) «ئېنىقسىزلىق» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن، شائىر مىرەن (كۆنچى بويلىرى) دىن تېپىلغان قەبرىدىكى جەسەت توغرىسىدا:

«مارجىنى ئەسلىتەر يورۇق يۇلتۇزنى،
ھالقىسى ئەگىم ئاي تۇرغان ئېسىلىپ.»

دېسە، 57 - بەتتە ئاتايى ھەققىدە توختىلىپ:

«كۆرۈندى ئەگىم ئاي كۆكتە قېيىقتەك،
ئاتايى چۈشۈپتۇ ئاشۇ قېيىققا.»

دەيدۇ ۋە باشقىلار. بۇ يەردە نەدە «گرامماتىكىلىق ئېنىقسىزلىق» بار؟ شېئىرىيەت تىلى بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، زىبا، بۇنىڭدىنمۇ چۈشىنىشلىك، باغلىنىشلىق بولغانىنى ماقالە ئاپتورى نەدە كۆرۈپتىكەن؟

ئەمدى ئۇنىڭ ‹ھىلال ئاي› نى «‹ئەگىم ئاي› غا ئۆزگەرتىپ، تىل ئادىتىنى بۇزۇۋەتكەن» دېگەن گېپىگە كەلسەك، بۇ يەردە «تىل ئادىتىنى بۇزۇۋېتىش»، «ئۆزگەرتىش» دېگەن مەسىلە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. «ھىلال ئاي» دېسە «تىل ئادىتى بويىچە» سۆزلىگەن بولۇپ، «ئەگىم ئاي» دېسە «تىل ئادىتىنى بۇزۇۋەتكەن» لىك بولامدىكەن؟ بۇ يەردە شائىر «ھىلال ئاي» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئەگىم ئاي» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. تېگى - تەكتىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، بىرىنچىدىن، خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر «ھىلال ئاي» دېگەندە گەپنىڭ ئاي توغرىسىدا كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنسىمۇ «ھىلال» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. بۇ يەردە شائىر «ھىلال» دېگەن بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ ئورنىغا «ئەگىم» دېگەن تولۇق ئۇيغۇرچە سۆزنى ئىشلىتىپ، شېئىرنى تېخىمۇ ئاممىبابلاشتۇرغان؛ ئىككىنچىدىن، «ھىلال» دېگەن بۇ سۆز ئاي توغرىسىدىكى شېئىرلاردا تولا تەكرارلىنىپ تەمى قالمىغان ھەمدە شېئىرىيەت تىلىدا قېلىپلىشىپ قالغان. شائىر ئارسلان بۇ يەردە تەمى قالمىغان «ھىلال» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا يېڭى ۋە خېلىلا كونكرېت، ئوبرازچانلىققا ئىگە «ئەگىم» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ، شېئىرغا يېڭىچە ھۆسن ۋە تەم بېغىشلىغان. شائىرنىڭ «بۇزۇۋەتكىنى» «تىل ئادىتى» ئەمەس، بەلكى قېلىپلاشقان تىل ئادىتى. مۇنداق بۇزۇش تامامەن توغرا ۋە يوللۇق. كىم نېمە دېسە شۇنى دېيىش شاتۇتىنىڭ ھۈنىرى.

تەنقىدچى ئۆزىنىڭ 700 بەتكە يېقىن «خوجا نەسىرىددىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىنى بىرمۇ - بىر «ۋاراقلاپ چىققان» لىقى، «6 - بېتىنى ۋاراقلىغان» دا «‹ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى ئاشكارا كۆرۈندى› دېگەن تەسۋىرىي جۈملىنى ئۇچراتقان» لىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «‹بۇ ئوخشىتىش› تا (‹تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى› دېگەن ئوخشىتىشنى دېمەكچى) ‹ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى كۆرۈندى› دېگەن تەسۋىرىي جۈملە-

دىكى ‹ياش ئاي› دېگەن سۆز ‹يېڭى ئاي› دېگەن سۆزگە ئۆزگەرتىلىپ، «ئىنچىكە ئوغىقى› دېگەن سۆز كۆچۈرۈلگەن» دەيدۇ.

تەنقىدچىنىڭ بۇ سۆزىدە مەسىلە ئاز ئەمەس. بىرى، ئۇ نەقىلنى تولۇق كەلتۈرمەي، ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئۈزۈۋالغان. داستاندا بۇ مىسرادىكى «ئاي ئوغىقى» دېگەن ئوخشىتىش ئەسلىدە داستاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتىدا «تىيانشان، بىز بوراندەك گۈركىرەپ ئالغا باسىمىز، شان - شەرەپ يولۇڭغا نۇر بولۇپ ياغسۇن» دەپ كېلىپ:

«تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى بىر قولۇم بىلەن،
تىيانشان، يېپيېشىل مۇرەڭگە سامان»

دەپ ئاينى تىيانشانغا «سوۋغات» قىلىش مەنىسىدە قوللىنىلغان.

بىرىنچىدىن، «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى بىر قولۇم بىلەن» دېگەن مىسرادىكى «ئاي ئوغىقى» دېگەن سۆز «ياش ئاينىڭ ئىنچىكە ئوغىقى ئاشكارا كۆرۈندى» دېگەن تەسۋىرىي خەۋەر جۈملىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس، ئالدىدىكى پوئېزىيە، كېيىنكىسى پروزا.

ئىككىنچىدىن، تەنقىدچى «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى بىر قولۇم بىلەن» دېگەن مۇشۇ مىسرادىكى نەق مەسىلىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە گەپ قىلماي، قايسى زامانلاردا كىملەردۇر تالاشقان بىر تىياتىر ۋە ئۇ توغرىدىكى تەقرىزلەرنى سۆرەپ چىقىپ، مەسىلىنى قەستەن چىگىشلەشتۈرۈپ، خۇددى شۇنداق ئىش باردەك بىر خىل تۇتەك پەردىسىنى تارقىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «تۇتتۇم ئاي ئوغىقىنى بىر قولۇم بىلەن» دېگەن مىسرادا قانداقتۇر «يېڭى ئاي»، «ياش ئاي»، «ئىنچىكە» دېگەندەك سۆزلەر ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت «ئاي ئوغىقى» دېگەن ئوخشىتىلغان سۆزلا مەۋجۇت.

ئۈچىنچىدىن، «ئاي ئوغىقى» دېگەن سۆزنى «خوجا نەسىردىدىن ھەققىدە قىسسە» دېگەن قېلىن رومانىنى بىرمۇ - بىر «ۋاراقلاپ» «كۆچۈرمىسە»، لۇغەت فوندى دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلغار مىللەتلەر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىن زادىلا قېلىشمايدىغان ئۇيغۇر تىلىدا يوقمىكەن؟ خەلقىمىز قىز - جۇۋانلارنىڭ يۈرەكنىڭ بېغىشىغا قادىلىدىغان گۈزەل قاشلىرىنى ئوخشىتىدىغان «ئىنچىكە ئوغاق»نى ئۆز قولى بىلەن ياساپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مۇشۇ تەڭرىتاغ بويلىرىدا ياشاپ كېلىۋاتىدىغۇ؟ خەلقىمىز ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە ئۈچ كۈنلۈك بولغان ئاينى «ئوغاقتەك ئاي چىقىپتۇ» دەپ بۈگۈنكى دەۋرگە كەلدى. ئۇنداقتا، خەلقىمىز بۇ ئوخشىتىشنىمۇ «نەسىردىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» دېگەن رومانىنىڭ 6 - بېتىدىن «كۆچۈرۈۋالغان» مۇ؟

يۇقىرىقى «پاكىت» لار بىلەنمۇ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىنىڭ «كۆچۈرۈلگەن» لىكىنى ئىسپاتلاشقا كۆزى يەتمىگەن تەنقىدچى «غاپۇر غولام تاللانما ئەسەرلىرى» دىكى «يولداش ستالىنغا» دېگەن سېكىلىنىڭ 6 - شېئىرى — «ئۆزبېكىستان» نىڭ باش - ئاخىرىنى، ئۆز ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، چاناپ تاشلاپ:

«قوۋانىڭ ئانارى، ئەنجان ئۈزۈمى،
نەمەنگەن ئەنجۈرى، تاشكەنت ئالمىسى،
سەمەرقەند شارابى، قوقان قوغۇنى،
مەرغىلان شاپتۇلى ھەممە - ھەممىسى»

دېگەن يېرىم - يالاڭ پىكىر تېخى ئاياغلاشمىغان بىر بۆلىكنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئۆز خاسلىقى بىلەن ۋەتەننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان ئېسىل مەدەنىلەر بىلەن تولۇپ ياتقان تاغلىرىغا، «بوۋىلار تىنىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان» پايانسىز مۇنبەت زېمىنى، بوۋىلار قېنى تۆكۈلگەن زېمىننىڭ «ئەتىر پۇركۈپ تۇرغان دېڭىزدەك باغلىرى»... غا ئۇقۇلغان مەدھىيە ئارقىلىق ۋەتەن - ئەل - يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن خىلمۇ كەڭ بىر سەھىپىدىن:

«سۆيىمەن ئالتاينىڭ ئالتۇنلىرىنى،
ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرلۈك بوستانلىرىنى،
كۆزۈمدە قەشقەرنىڭ بېھىشلىك بېغى،
قەلبىمدە ئىلىنىڭ ئالما ۋادىسى.

بىر ھەسەن - ھۈسەندەك يەكەن ئەتلىسى،
خوتەننىڭ قاشتېشى كۆڭلۈم جىلۋىسى.
كۆكسۈمدە شەربەتتىن ئېقىن ياسايدۇ،
تۇرپاننىڭ مارجاندەك ئۈزۈم دانچىسى،
جەملەنسە كورلىنىڭ نەشپۈت شىرنىسى،
تولشامدۇ لوپنۇردەك كۆلدىن قانچىسى.»

دېگەن مىسرالارلى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى «كۆچۈرۈش ئارقىلىق ‹شۆھرەت› قازىنىش» ئۈچۈن «غاپۇر غولامدىن كۆچۈرۈۋالغان» دەيدۇ.

تەنقىدچى تىلغا ئالغان بۇ «پاكىت»، بىرىنچىدىن بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ چەك - چېگرىسى توغرىسىدىكى قائىدە، پرىنسىپلار ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە ئىپادىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشمەيدۇ. ئۇنى پۈتۈنلەي «كۆچۈرۈۋالغان» دېيىشكىمۇ، قىسمەن «كۆچۈرۈۋالغان» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. «تەقلىد» ياكى «دوراپچىلىق» قىلغان دېيىشكىمۇ، «پايدىلانغان» ياكى سىدىقھاجى روزى ئېيتقاندەك «ئۆگىنىش» جەريانىدا «ئۆزلەشتۈرۈپ»، «سىڭدۈرۈپ» قالغان دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى سىدىقھاجى روزى «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن بۇ مىسرالارنىڭ شەكلىمۇ، مەزمۇنىمۇ «كۆچۈرۈۋېلىنغان» «مەنبە» نىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ مىسرالاردا «مەنبە» نىڭ مەزمۇنىنى «ئېلىپ قېلىپ»، شەكلىنى «قالدۇرۇپ قويغان» ياكى شەكلىنى «قالدۇرۇپ»، مەزمۇنىنى «ئېلىپ قالغان» «ئۇستىلىق» مۇ يوق؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزبېكىستاننىڭ قوۋاسىدىن چىقىدىغان ئانار شىنجاڭنىڭ قاغىلىقىدىنمۇ، ئەنجاندىن چىقىدىغان ئۈزۈم تۇرپاندىنمۇ، نەمەنگاندىن چىقىدىغان ئەنجۈر ئاتۇشتىنمۇ، تاشكەنتتىن چىقىدىغان ئالما ئىلىدىنمۇ، سەمەرقەندتىن چىقىدىغان شاراب كۇچاردىنمۇ، قوقاندىن چىقىدىغان قوغۇن پەيزىۋاتتىنمۇ، مەرغىلاندىن چىقىدىغان شاپتۇل قەشقەردىنمۇ ئەمەس، «يۇلتۇزلار يۇرتى» بولغان شىنجاڭنىڭ «ھەممە - ھەممە» جايىدىن كۆپلەپ چىقىدۇ. ئۆزبېك شا-

ئىرى غاپۇر غولام ئۆزبېكىستاننىڭ ئۆزى ئاتاپ ئۆتكەن يەتتە جايىدىن چىقىدىغان يەتتە
خىل مېۋە - چېۋىنىڭ «ئىئوسىف ستالىن ئۇلۇغ ئاتا» نىڭ «نۇرى» دا ئۆزبېكىستاننىڭ
داڭلىق مەھسۇلاتى بولۇپ ئۆسكەنلىكى، ئۇنى «جانداش، قېرىنداش، قانداش» لارغا
سوۋغا قىلىدىغانلىقى، «ئىئوسىف ئاتا» بولمىغاندا، بۇ مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئۆسمەيدىغان-
لىقى، ئۆزبېكلەرنىڭ «نامى» نىگەۋ بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پىكىرنى ئىلگىرى سۈرگەن.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» نىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر شائىرى ئارسلان، بۇنىڭ ئەكسىچە،
ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ، قان ياشلىق ۋە شەۋكەتلىك تارىخى بار ئانا يۇرتىنىڭ جاھانغا
داڭلىق بولغان يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى، جۈملىدىن، باغ - ۋارانلىرىدىن
چىقىدىغان مېۋىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خۇشاللىقى ۋە
غەم - قايغۇسىغا ئورتاق بولغان كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك كۆڭۈل - كۆكسىنى ئىزھار
قىلغان. تەنقىدچى ئۇزۇۋالغان يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئىسىم-
لىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى تىزىپلا قويمىغان، بەلكى ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت-
لىك ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، ئوبرازلاشقان شېئىردى مەنزىرە ياراتقان. ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر،
ئالما، شاراب، قوغۇن پەقەت ئۆزبېك شائىرىنىڭ يۇرتىدىلا بولۇپ، ئۇيغۇر شائىرىنىڭ
يۇرتىدا يوقمىكەن؟ ئۆزبېك شائىرى بۇ يەتتە خىل مېۋە - چېۋىنى ئۆز ئىسمى بىلەن
ئاتاپ شېئىر يازسا بولىدىكەنۇ، ئۇيغۇر شائىرى يازسا نېمىشقا «ئۆزبېك شائىرىدىن كۆ-
چۈرگەن» لىك بولىدىكەن؟ ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇر خەلقى ئالمىنى ئالما، قوغۇننى
قوغۇن، ئانارنى ئانار، ئۈزۈمنى ئۈزۈم، شارابنى شاراب... دېمەي نېمە دېسە بولات-
تى؟ ئەگەر شۇنداق دېسە «ئۆزبېكلەردىن كۆچۈرۈۋالغان» لىق بولىدىغان بولسا، ماقا-
لە ئاپتورى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مېۋە - چېۋىلەرنى نېمىدەپ ئاتىشى لازىملىقى توغرى-
سىدا دەرھال بىر خىل تىل «كەشپ» قىلىپ بېرىشىگە توغرا كېلىپ قالىدۇ. قايسى زاماندا ئۆت-
كەن قايسى تەنقىدچىلەر ئۆز تىلىدىكى توپ سۆزلەر، يەر - جاي نامىلىرى، مېۋە - چېۋە
ئىسىملىرىنى ئاتاپ شېئىر يازغان شائىرلىرىنى «پۈستانى مىللەت شائىرىدىن كۆچۈرۈ-
ۋالغان» دەپ «تەنقىدنىڭ دىققەت مەركىزىگە» قويۇۋاپتىكەن؟ شۇنداق ئىنىق ۋە كەس-
كىن جاكارلاش لازىمكى، ئورگانىك دۇنيادىكى تەبىئىي مەۋجۇداتلارنى، ئىلىم - پەن
كەشپىياتىدىكى ئاتالغۇلارنى ھەرقانداق بىر گىراژدانىنىڭ ئۆز تىلىدا ئاتىشى، ئەسەرلىرىگە
كىرگۈزۈشى پۈتۈنلەي دەخلىسىزدۇر.

2

«ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانى بىلەن «زېمىن ئەركىسى» باللادىسى «داستاندىن
داستانغا پىكىر كۆچۈرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەمەس، مۇستەقىل، ئىجادىي پىكىر قىلىش
ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىلغان كۈچلۈك ئورىگىنال خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەسەر.

يولداش سىدىقھاجى روزى ئەدەبىي تەنقىدنى شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇر-
تى» داستانى بىلەنلا چەكلەپ قويمىدى. ئۇ، شائىرنىڭ «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» ناملىق
850 مىسرا ئەتراپىدىكى مەشھۇر لىرىك داستانى بىلەن 250 مىسرالىق «زېمىن ئەركىسى»
ناملىق مەشھۇر باللادىسىنى سۆرەپ چىقىپ، ئۇنى «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدىن - داس-

تانغا «پېكىر كۆچۈرۈش»، يەنى «ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى كۆچۈرۈش ئارقىلىق يېزىلغان» دېدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، بەلكى بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ «‹مەنبەسى› ‹ستالىن› داستانى» دەپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پاكىتلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

ئۇنداق بولسا، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانى راستىنلا «‹يۇلتۇزلار يۇرتى› دىن داستاندىن-داستانغا پېكىر كۆچۈرۈش ئارقىلىق يېزىلغان» مۇ؟ ئۇ «ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى كۆچۈرۈشنىڭ تىپىك ئۈلگىسى» مۇ؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى «پېكىر كۆچۈرۈش»، «ئۆزىنىڭكىنى ئۆزى كۆچۈرۈش» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

پېكىر كۆچۈرۈش — كۆچۈرۈلگەن ئەسەردە كۆچۈرگەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى، ئاپتورنىڭ دېمەكچى ۋە يەتمەكچى بولغان مۇددىئا، مەقسىتىنىڭ ئەينەن ئوخشاشلىقىغا قارىتىلغان، يەنى نېمە بولسا شۇنى ئەينەن تەكرارلاش — پېكىر كۆچۈرۈش دېيىلىدۇ. پېكىر كۆچۈرۈشتە ئۇچرايدىغان ئەھۋاللار خىلمۇ خىل، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە سۆز-ئىبارىلەر ئوخشىماسلىق، ئەمما دېمەكچى بولغان پېكىرنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بىر ئەھۋال.

شائىر ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى بىلەن «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانىدا دېمەكچى بولغان پىكرى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدۇ. ھەتتا مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى جەھەتتە شائىرنىڭ تاللىۋالغان چىقىش نۇقتىسىمۇ، لىرىك سېزىم ۋە لىرىك ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن ئوبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ قۇرۇلمىسى بىر-بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخى، يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىنسانىيەت ئەجدادلىرىنىڭ تەرەققى قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن ۋاقتىتىن تارتىپ باشلانغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنىڭ يېقىنقى تەرەققىيات باسقۇچى تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشنىڭ توپ ئاساسىي بەدىئىي زېمىنى قىلىنغان. كۆپ قاتلاملىق بۇ بەدىئىي زېمىندە ئىپادىلەنگەن ۋەقە، ھادىسىلەر شۇ ۋەقە، ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان كونكرېت تارىخىي شارائىت بىلەن چوڭقۇر ئىچكى-تاشقى باغلىنىشقا ئىگە قىلىنىپ، ئۇ ۋەقە، ھادىسىلەر تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇ كونكرېت ۋەقە، كونكرېت ھادىسىلەردە تارىخ تېخىمۇ كونكرېتلاشقان. بىز كونكرېتلاشقان بۇ تارىخ ئارقىلىق تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتى بىلەن تولۇق تونۇشۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەنمۇ تولۇق تونۇشالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ياراتقان تارىخ ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا خەلق ئام-

مىسىنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان قەھرىمان شەخسلەر، مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارنىڭمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا شائىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان «پىكرى» مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

ئەمدى بۇ «پىكىر» نى «كۆچۈرۈۋېلىش» ئارقىلىق «بارلىققا كەلگەن»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانىدىكى «پىكىر» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

شائىر «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانىدا ناھايىتى روشەن ۋە كۈچلۈك خەلقپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، سەنئەتلەشكەن نەزەرىيىۋى تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق مىللەتنىڭ ۋىجدان، ئىرادە، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى تەپەككۇر تارىخىنى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، باتۇرلۇق، دوستلۇق، ئىسيانكارلىق، بارلىقىنى ئېتىقاد يولىدا تەقدىم قىلىش روھىدا ئىپادىلەنگەن غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىك نەتىجىلىرى كونكرېتلىقىدا تولىمۇ چوڭقۇر ۋە ئالاھىدە تەسىرلىك بەدىئىي سەھنىدە سۈرەتلەپ بەرگەن. «شۆھرەت ئالىمىگە ھەۋەس قىلمايدۇ» غان، ئەمما «مىڭ يىللار داۋامى زۇلمەتنى يارغان»، «ئانىغا ئاتا، ئانىغا ئانا» بولغان بۇ خەلقنىڭ «قېنىدا ئەركىنلىك ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ» باشلىغان مۇساپىسىدە «باتۇرلۇق، بۆلۈنۈش، ئاپەت، ئاممەت» نىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەنلىكى، بۆلۈنۈش ئېلىپ كەلگەن «ئاپەت» نىڭ «شەپەق نۇرى دولقۇنلاپ» تۇرىدىغان «زۇمرەتتەك بوستانلىق» لارنى «باتۇرلارنىڭ قەبرىستانلىقى» غا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ «بەزمە مەيدانى» غا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى، «نۇر چاچقان» مىللىي روھ، ئەقىل، تەپەككۇر ۋە باتۇرلۇقنىڭ بۆلۈنۈش ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، «قەبرىستانلىق» لارنى قايتىدىن «بوستانلىق» لارغا ئايلاندۇرغانلىقى، بۇ بوستانلىقلاردا يارىتىلغان مەدەنىيەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالغانلىقى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا خۇددى ھەرىكەتتىكى سۈزەتتەك نامايان بولىدۇ.

لېكىن شائىرنىڭ دېمەكچى بولغان پىكرى «شەۋكەتلىك شەرقتە» مىليونلىغان قەھرىمان ئوغلانلارنى ئۆستۈرۈپ، ئەقىل - پاراسىتى ۋە غەيۇرلۇقى بىلەن «شاھلارنىڭ شاھى» بولغان بۇ خەلقنىڭ شان - شەۋكىتىگە بارىكاللا ئوقۇشلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق قەھرىمانلىق تارىخى ۋە يۈكسەك تەپەككۇر تارىخى بولغان بۇ خەلقنىڭ تارىخىي ئورنىنى بۈگۈنكى بىلەن باغلاپ، بۇ خەلقنىڭ بەدىنىدىكى ھورۇنلۇق، مەككارلىق، قۇۋلۇق-شۇملۇق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تەكەببۇرلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ھەسەتخورلۇق، يۇرتۋازلىق، قىزىلكۆزلۈك ۋە ئەمەلدارلىق ساتقۇنلۇقى بىلەن تولغان چىرىك ئىللەتلەر، سېسىق بۇس چىقىرىپ تۇرغان مەرەزلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، مەردانە، شەخسىيەتسىز ئالىيجاناب روھى ۋە ئىلمىي ئىزدىنىش روھىنى ئۇرغۇتۇشقا ئۈندەش؛ «ئىقتىدارلىق دوزاخنىڭ تۈترۈقى» قىلغان، «ناقابىللار قابىللارنى ئىتتەك تالايدۇ» غان، سەنئەتنى «مەنسەپنىڭ شوتىسى»نى ساتىدىغان «بازار» غا ئايلاندۇرۇۋالغان، «دوستىنى شوتا قىلىپ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، شوتىنى تۈۋى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋېتىدۇ» غان رەزىللەرگە نەپرەت بىلدۈرۈش؛ ئۆز مىللىتىنى كەمسىتىدىغان نومۇسسىزلىقلارنى

كۆمران قىلىپ، خەلقپەرۋەرلىك روھىنى تىكلەشكە ئۈندەش؛ «ئەسلىدە قەبىلە كېسىلى» بولغان «يۇرتۋازلىق»، «قۇمدەك چېچىلىپ» يۈرىدىغان «ئىناقسىزلىق» نى تۈگىتىپ، «ئىناقلىق بايرىقى» ئاستىغا «ئۇيۇشۇش» يولىدا «جان پىدا ئەيلەش» كە چاقىرىش؛ «ئەسلى زاتى» ئۇلۇغ بولغان بۇ خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەخلاقسىزلىقلىرىغا لەنەت ياغدۇرۇش، كۆيۈنۈش، ئاھ ئۇرۇش. مانا بۇ، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر بولۇپ، شائىر بۇ پىكىرنى يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، مىللىي روھنىڭ ئاجىزلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بىلەن مەنتىقىي جەھەتتىكى بىلىشنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى مۇستەھكەم باغلىغان ھالدا مىللەت ۋە تارىخ دېگەن نۇقتىدىن ئېچىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ يەردە شائىرنىڭ بۇ پىكىرنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىكى تاللىۋالغان نۇقتىسى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم، سەن شۇنداق ئۇلۇغ، باتۇر، شەخسىيەتسىز خەلق ئىدىڭ. بۈگۈن سېنىڭ شۆھرەتلىك ‹يۈزۈڭ› دە ناھايىتى سەت، يىرگىنچلىك ‹داغ› پەيدا بولۇپ قالدى. بىراق ‹دېغى› يوق نېمە بار؟ قۇياشنىڭ يۈزىدىمۇ «داغ» بارغۇ، ‹دېغى بار› دەپ قۇياشنى كىم سۆيمەيدۇ؟ سېنىڭ دېغىڭ بولسىمۇ، مەن ۋە مېنىڭ زاماندىشلىرىم، ئەۋلادلىرىم سېنى سۆيىدۇ. لېكىن سەن بۇ يىرگىنچلىك داغلىرىڭنى كۈز غازاڭلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغان بوراندەك سۈپۈرۈپ تاشلا. قىزىلكۆزلۈك ۋە ئەمەلپەرەسلىك كېسىلى سېنى بۈگۈن مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ئاھ، مېنىڭ شەۋكەتلىك خەلقىم، مەن سېنىڭ ھالىڭغا ئېچىنىمەن» دېگەن پىكىرگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ «پىكىر» نىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن «پىكىر» بىلەن قانداقمۇ ئوخشاشلىقى بولسۇن؟ «پىكىر» دېگەن ئىككى بوغۇملۇق بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ساۋاتى بولغانلىكى تەنقىدچى ھەتتا پىكىرنى بايان قىلىش ئۈچۈن شائىرنىڭ تاللىۋالغان نۇقتىسىمۇ تامامەن باشقا-باشقا بولغان بۇ ئىككى داستاننى «داستاندىن-داستانغا پىكىر كۆچۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىلغان» دېمەيدۇ.

لېكىن سىدىقھاجى روزى «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن پىكىرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كونا ئۇسۇلى بويىچە «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» ناملىق 850 مىسرا ئەتراپىدىكى بۇ داستاندىن 14 ئېغىز سۆزنى يىغىپ كېلىپ، ئۇنى «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىكى 14 ئېغىز سۆزگە بىرمۇ-بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىدۇ، ئاندىن كىتابخانلاردىن «قاراڭ، قاپىيە بىلەن قاپىيىنىڭ، مىسرا بىلەن مىسرالارنىڭ پىكرىدە (قاپىيە بىلەن قاپىيىنىڭمۇ ‹پىكرى› بولىدىكەن) پەرق بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. مەن كىتابخانلارغا ۋەكالىتەن ئوبزورچىغا خالىس جاۋاب بېرىپ قوياي: بىز قاپىيىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باققان، لېكىن «قاپىيە بىلەن قاپىيىنىڭ پىكرىدە» دېگەندەك ئوخشاش گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان. شۇڭا تەنقىدچى ئالدى بىلەن گەپنى گراماتىكىلىق قائىدىلەرگە ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن قىلىپ يېزىشى ۋە سۆزلىشى لازىم.

ئەمدى تەنقىدچىنىڭ «مىسرا بىلەن مىسرالارنىڭ پىكرىدە پەرق بارمۇ؟» دېگەن كەمتۈك سوئالىغا مەن: «پەرق بار، بەلكى بۇ مىسرالار بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىماي-

دۇ» دەپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى تەنقىدچى «قاپىيە بىلەن قاپىيىنىڭ پىكرىدە، مىسرا بىلەن مىسرالارنىڭ پىكرىدە پەرق يوق، ئوخشاش» دەپ نەقىل ئالغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى بەش مىسرا (بۇ مىسرالارنى كىتابخانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن) دا «كۆچۈرۈۋالغان» لىق «پاكىتى» قىلىنغان «گۈلدۈرمامىسى — گۈلدۈرماما»، «چېتىلما — چاتقان»، «بېشى — كاللا»، «ئالتە مىڭ تۆتيۈز يىل — يەتتە مىڭ يىل»، «بۇغداي، يۇڭ رەخت — يۇڭ ئەديىال، ئۆكىلىك تۇماق» دېگەن بەش سۆزنىڭ قاراتمىلىقى، قوللىنىلغان ئورنى، ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكرى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ، ھەتتا سۆز-ئىبارىلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. تەنقىدچى ئىككىنچى تۈركۈمدە مىسال كەلتۈرگەن تۆت مىسرادىكى «مارجىنى — مارجاندا»، «يېزىقى — يېزىقنى»، «ۋاقىتنىڭ — ۋاقىتنىڭ»، «پۈتۈكلەر — يېزىق» دېگەن تۆت سۆزمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشلا ئوبيېكتى، قاراتمىلىقى، ئورنى، ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكرى جەھەتتىن بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن «كۆچۈرۈۋالغان» لىققا دائىر ئەقەللىي پاكىتلارنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

تەنقىدچى ئۈچىنچى تۈركۈمدە نەقىل كەلتۈرگەن تۆت مىسرادىكى تۆت سۆزمۇ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللارغا ئوخشاشلا بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغان كىتابخانلار تەنقىدچىنىڭ بۇ خىل كارامەت «ھۈنىرى» گە ئېتىراز بىلدۈرمەي قالمايدۇ.

قىسقىسى، يولداش سىدىقھاجى روزىنىڭ «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم» داستانى «يۇلتۇزلار يۇرتى»دىن كۆچۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئەسلى «مەنبەسى ‹ستالىن› داستانى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلىرىنىڭ قىلچىمۇ ئاساسىي يوق.

يولداش سىدىقھاجى روزى شائىر ئارسلاننىڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ھاياتىغا بېغىشلانغان، فانتازىيىلىك تۈسى قويۇق بولغان «زېمىن ئەركىسى» ناملىق بالладىسىنى «شېئىر» دەپ ئاتاپ، ئۇنىمۇ «ئەسلى مەنبەسى ‹ستالىن› داستانى بولغان ‹يۇلتۇزلار يۇرتى› دىن كۆچۈرۈۋېلىنغان» دېدى.

كىتابخانلارغا ئايدىڭكى، «زېمىن ئەركىسى» بالладىسى مەشھۇر تارىخىي شەخس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ ھەرقانداق بايان ياكى بىرەر تەپسىلاتى، ھەتتا بىرەر سۆز-ئىبارىسىدىمۇ «ستالىن» داستانىدا سوسونىڭ يۇرتى گرۇزىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئېكولوگىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى تەسۋىرلەنگەندەك، مەھمۇتنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئېكولوگىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنى زادىلا ئۇچرىتالمايمىز، شۇنداقلا «ستالىن» داستانىدا تەسۋىرلەنگەن سوسونىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىغا بېغىشلانغان ئۇزۇن بايانلارنى «زېمىن ئەركىسى» بالладىسىدا تەسۋىرلەنگەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىغا بېغىشلانغان «كۆچۈرۈلمە» تەسۋىر سۈپىتىدە تېخىمۇ ئۇچرىتالمايمىز. گەرچە «يۇلتۇزلار يۇرتى» دا مەھمۇت قەشقەرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىللە ئاتىلىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە نۇقتىدىن باشقىچە يورۇتۇپ بېرىلگەن. «ئاھ، مېنىڭ

خەلقىم» داستانىدىكى ئەھۋال «زېمىن ئەركىسى» دىكىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ.

«زېمىن ئەركىسى» باللادىسىدا تەسۋىرلەنگەن بۈيۈك شەخس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ياشاپ ئۆتكىنىگە ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىز باللادىنى ئوقۇغاندا، ئۇ گويا بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا دائىر ھادىسىلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىمىز. باللادىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭقۇر تارىخىي مەزمۇن ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور رېئال ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا بۇ باللادا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بىرقەدەر مۇكەممەل ئىزدىنىش ھېسابلىنىدۇ. بىز باللادىدىن ئالىمنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىيلىقتا ئىگە قىلىنغان ئومۇمىي جەريانىنى، يۈكسەك ئەخلاقىي - پەزىلىتى ۋە مېتودولوگىيىسىنى كۆرۈۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي تەرەققىيات ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىنىڭ ئورىگىنال قىرلىرىنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقالايمىز. شائىرنىڭ باللادىدىكى پۈتۈن ئوي - پىكىر ۋە لىرىك ھېسسىياتى ئۇلۇغ ئالىمنىڭ روھىنى چاقىرىش ۋە ئۇنى سېغىنىشقا مەركەزلەشكەن. باللادا باشلىنىش بىلەنلا شائىرنىڭ مۇنداق سېغىنىش ھېسسىياتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، ئالىم ھاياتىدىكى چېچىلىپ ياتقان تۇرمۇش زەنجىرلىرى بىر - بىرىگە ئورگانىك ھالدا چېتىلغان ئېغىر، مۇڭلۇق، سىمفونىك مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ. ئالىمنىڭ بۈيۈك شەرق ئېلىنى دۇنياغا تونۇتقان ئۈچمەس تۆھپىسىنى كۈيلەپ ياڭراۋاتقان ئالتۇن ساز تارلىرى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز بوۋىسىغا بولغان سېغىنىشىنى قانچىلىك كۈچەيتسە، قۇياش نۇرلىرى مۇشۇ ئومۇمىي سېغىنىش ئىچىدە ئالىمنىڭ مۇبارەك نامىنى قىچقىرىپ، ئىنسانىيەت ئالىمى ۋە روھىي ئالەمنى كېزىدۇ؛ ھەيۋەتلىك تاغلار قامىتىدىن ئالىمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىزدىسە، دەريالارنىڭ قىيانلىرىدىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىزدەيدۇ؛ سوزۇلۇپ ئېتىپ كېلىۋاتقان تاڭدىن ئۇنىڭ جامالىنى كۆرگەندەك بولسا، قاش قارايغان گۇگۇمدا ئۇنىڭ لەپىلدەپ كېلىۋاتقان سايىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. بىراق تاغ قامەت، تاڭ سۈپەت بولۇپ كۆرۈنگىنى ئۇلۇغ بوۋىنىڭ غايىۋى جىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەۋلادلارغا تەۋەرۈك بولۇپ قالغان بۈيۈك قامۇس. دەريا قىيانلىرىدەك گۈلدۈرلەپ ئاڭلانغىنى ئۇلۇغ بوۋىنىڭ غايىۋى ئاۋازى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قامۇسنىڭ ھەربىر قۇر، ھەربىر سۆز - ئىبارىسىدىن ئۈزۈلمەس ئېقىن بولۇپ ئەۋلادلار قەلبىگە قۇيۇلۇۋاتقان ئىلىم - مەرىپەت ۋە ھەققانىيەت نۇرى. ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز بوۋىسىدەك ھەيۋەتلىك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ياشاۋاتقاندا، ئاشۇنداق ياشاشنى ئۆگەتكەن بوۋا قېنى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ «تاش پۈتۈك» ۋە «ھەيكىلى» يوق؟ «ئەسىرلەر بورانلىرى ئۇنى كۆمۈپ تاشلىغان» مۇ - يا؟ ياق، ئۇلۇغ بوۋا ئۆلمەيدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىن مەۋجۇت ئىكەن، ئىزمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ نەسلى ھايات ئىكەن، ئۇمۇ ھايات. ئۇنىڭ ھەيكىلى ئۇ ياشىغان زېمىنغا نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي، يۇلتۇزلار، ئۇنىڭ تاش پۈتۈكى ئۇ ياشىغان زېمىن ئۈستىدىكى پايانسىز ئاسمان گۈمبىزى ۋە ھايات گۈللىگەن تەگرىتاغلىرىنىڭ

چوققىسىدۇر. ئالىم ئۆلمەيدۇ، ئۇ، مەڭگۈ ھايات. مانا بۇ «زېمىن ئەركىسى» بالладىسىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر. سوراپ كۆرەيلىكى، بۇ پىكىر «ستالىن» داستانىنىڭ قەيىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتىكەن؟ «يۇلتۇزلار يۇرتى» دىچۇ؟ بالладىنىڭ زادى نېمىسى يۇقىرىقى ئۈچ داستاندىن «كۆچۈرۈلگەن»؟

ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ھېچكىمگە يان باسمىغان ھالدا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «يۇلتۇزلار يۇرتى»، «ئاھ، مېنىڭ خەلقىم»، «زېمىن ئەركىسى» قاتارلىق داستان ۋە بالладا شائىر ئارسلاننىڭ خەلقپەرۋەرلىك مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ يېزىپ چىققان، مىللىي روھنى جاھانغا نامايىش قىلغان نادىر ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردىن ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ ئۈچ ئەسەردە ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ باي، گۈزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاس كۆڭلى، قەلب قۇدرىتى، مىللىي تارىخى، مەدەنىيەت نامايەندىلىرى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى جەمئىيەت سىياسىيسى، قىسقىسى، ئۇيغۇر روھى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. ئەسەردە ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمانلار، مەرد، بويسۇنماس ئوغۇل - قىزلار، دانىشمەن ئالىملار، سەنئەتكارلار، خەلق داھىيلىرى، سەركەردە - سەرۋازلارنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن مەڭگۈ كەتمەيدىغان جانلىق ئوبرازلىرى يارىتىلغان، مەنىۋى ھەيكەللىرى تۇرغۇزۇلۇپ، مىللىي مۇناپىقلار، ۋەتەن ساتقۇچ خۇنپەرلەر، ئىككى يۈزلىمىچىلەر، ھەسەتخورلار، تەپرىقىچىلەر تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان. بۇ ئۈچ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېمىلارنىڭ ئىدىيىنى تېخى ھېچكىم ئويلىشىپ باقمىغان، قول تەگكۈزۈپ باقمىغان، بايقىمىغان «بوزلۇق» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى شەكىل، مەزمۇن، پىكىر، ھېسسىيات، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، بەدىئىي زېمىن، پېرسوناژ، ئىجتىمائىي ھاۋا، كەيپىيات، خاراكتېر، ھەرىكەت، روھ، تەپسىلات، سىيۇژىت، تىل، ئۇسلۇبلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات ھادىسىلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئۇنىڭدىن مىللىي پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرلەر ئۆز مەنىسى بىلەن ئۇيغۇر پوئېزىيىسىدىكى قويۇق مىللىي روھتا سۇغىرىلغان بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ نامايەندىسى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇيغۇر كىتابخانلىرى شائىرنىڭ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىش ھېس قىلىدۇ. بۇ، تالانتقا «نەم تۇپراق» بولۇشنى خالايدىغان خەلقنىڭ يوقلۇقىنى ئەمەس، بەلكى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر مۇھىم پاكىت.

بىز يۇقىرىقى بىر قىسىم سەھىپىدە يولداش سىدىقھاجى روزى «كۆچۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزىلغان» دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىككى داستان، بىر بالладىنى ئۇنىڭ «كۆچۈرۈۋېلىنغان»، «مەنبە» سىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ «كۆچۈرۈۋالغان» دېگەن ھۆكۈمىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

يولداش سىدىقھاجى روزى شائىر ئارسلان ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنقىدى-

تىن كۆرە نېمە، ئۈچۈن ئۇنىڭ «كۆچۈرمىكەش» لىكىگە شۇنچە قىزىقىپ كېتىدۇ؟ يول-
داش سىدىقھاجى روزى «كۆچۈرمىكەشلىك» نى «تەنقىد» قىلىشقا ھەۋەسلىنىپ كېتىۋات-
قىنىدا، شائىر ئارسلاننىڭ كونا، يېڭى ئىجادىيىتىدە بىرەر ئىللەتنىڭ سادىر بولۇپ قال-
غانلىقىنى نەزەردە تۇتامدۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس. بىز كۆچۈرمىكەشلىكنى تەنقىد قىلغىنى-
مىزدا، ئەق پاكىتلارنى ئاساس قىلغاندىن باشقا، ئاپتورنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت تا-
رىخىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكىمۇ يول قويماسلىقىمىز لازىم.

شائىر ئارسلان ئىجادىيەتتە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئەڭ قات-
تىق قول ئىجادكارلارنىڭ بىرى. كىتابخانلار 60 - يىللاردىن باشلانغان شائىر ئىجادىيې-
تىدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئۆز ئۇسلۇبىغا يات بولغان، باشقىلاردىن «كۆچۈرۈۋالغان» بې-
رەر نەرسىسىنى سەزمىدى. ھەربىر ئاپتور بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە مەسىلىگە، مېنىڭچە،
ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما كۆچۈرمىكەش-
لىكنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ھەم شەخسلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەكسان قىلىۋېتىدى-
غان، ھەم قانۇنىي ئىنتىزام دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ،
بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت نەزەرىيىسى ۋە تەنقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق
تۈرلىرىدە بۇ «كەسىپ» بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر شۇغۇللىنىۋاتقانلار ھەقىقەتەن بار.
ۋاقتى - سائىتى پىشىپ يېتىشكەندە، «تەخىر قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن تەنقىد» ئۇلاردىن
ھېساب ئالىدۇ. ئەمما مۇنۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىمكى، تەنقىدچىدە كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ
تۈر ۋە خىللىرىغا بولغان تونۇش ناھايىتى ئايدىڭ بولۇشى، پاكىتلارنىڭ ناھايىتى
تولۇق ۋە ئىشەنچلىك بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى، كېمەيتىپ
قويماسلىقى، ئىشنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ سۆز - ئىبارىلەرنىڭ مۇقىملىقى، سالمىقى، ئىن-
ئوناتسىيىسىگە بەكمۇ دىققەت قىلىشى لازىم. بۇ مەسىلىدە ئېغىز ۋە قەلەمنى بولۇشىغا
قويۇۋېتىشكە، تىل - ھاقارەت، تەنە قىلىشقا، ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىن ئېشىپ كەت-
كەن تەھدىت، پوپوزىلارغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئەدەبىيات سەھنىسىدە
بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي بايلىقىنى يارىتىش ئۈچۈن بىر «ئاكوپ» تا بىللە «جەڭ» قى-
لىۋاتقان سەپداشلارنىڭ ئىشى. ئۇ ھەرگىز دوست بىلەن دۈشمەن ئارىسىدىكى ھايات -
ماماتلىق ئېلىشىش ئەمەس.

3

بىرقانچە زىددىيەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا:

1. يولداش سىدىقھاجى روزى «‹يۇلتۇزلار يۇرتى› داستانى ‹ستالىن› داستانى-
دىن ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن» دېدى، لېكىن يەنە شۇ بەتتىلا «داستان (‹يۇلتۇز-
لار يۇرتى› نى دېمەكچى) ئاپتورى بەزى ئىزدەنگۈچىلەر تۈزۈپ چىققان كلاسسىك
ئەدەبىيات تېزىسلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى ئۆز ئەسىرىگە تارىخىي مەنبە قىل-
غان» دېدى. بۇ گەپنىڭ قايسىسى راست؟ «ستالىن» داستانىدىن «ئۇستىلىق بىلەن
كۆچۈرۈلگەن» ئەسەر قانداق قىلىپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدىكى «بەزى
ئىزدەنگۈچىلەر تۈزۈپ چىققان كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماقا-

لىلەرنى تارىخىي مەنبە قىلغان» بولامدۇ؟ ياكى «ستالىن» داستانىنىڭ ئاپتورى كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرىنى ئۆز ئەسىرىگە «تارىخىي مەنبە قىلغان» مىدى؟

2. ئاپتور بىر بەت ئاتلىغاندىن كېيىن، «ستالىن» داستانىدىن «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن» بۇ داستاننى «كلاسسىك ئەدىبلەر توغرىسىدىكى كاتولوكقا ئايلىنىپ قالغان» دېدى. ئۇنداق بولسا، «ستالىن» داستانىمۇ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرى توغرىسىدىكى كاتولوكقا ئايلىنىپ قالغان» بولامامدۇ؟ ئۇنداقتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ «كاتولوكى» بولغان «ستالىن» داستانىدىن نېمە ئۈچۈن بۇ «كاتولوك»قا ئىسمى كىرگۈزۈلگەن 150 كە يېقىن «كلاسسىك ئەدىب» نىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ؟

3. «ستالىن» داستانى «لىرىك ۋە ئېپىك شەكىلنىڭ بىرلىكىدە يېزىلغان»، «پەلسەپەۋى پىكىر، تەبىئەت مەنزىرىسى، ئىجتىمائىي مەنزىرە ئورگانىك رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈلگەن»، «شەكلى ئابستراكت يۈكسەكلىككە ئىگە بولغان»، «تارىخىي چىنلىقى شۇنچە كونكرېت ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن» داستانىكەن، ئۇنداق بولسا، مۇشۇنداق داستاندىن «ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈلگەن» «يۇلتۇزلار يۇرتى» داستانى نېمە ئۈچۈن «ھېسسىياتنى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرەلمىگەن»، «ئىشنى باشلاپ قويۇپ ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىغان»، «تارىخىي چىنلىق مەركەزلەشمىگەن»، «تارىخىي شەخسلەر خۇنۇكلىشىپ قالغان»، «چىنلىق بولمىغان»، «تولۇق مەنىدىكى لىرىك خۇسۇسىيەت بولمىغان»، «قاپىيىلەرنىڭ رەڭدارلىقىغا كۆچەلگەن»، «تارىخىي شەخسلەر تارىخىي ئوبيېكت بولۇشتىن قالغان»، «شائىرانە سۈرەتلەش بىھۇدە سۈرەتلەش بولۇپ قالغان»، «ئابستراكت نەتىجىگە ئېرىشكەن»، «يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىققان»، «غورۇر بىلەن ئىفتىدار تىرىكىشىپ قالغان»، «قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىچكى ئازابقا دۇچ كەلگەن، ھېچنېمىگە يارىمايدىغان» داستان بولۇپ قالىدۇ؟ ۋەھالەنكى ئۇيغۇر شائىرى ئارسلان «شائىرلىق ئىلھامى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى، گۈزەللىك، پەلسەپىۋى پىكىرلىك ئىچكى نۇر، تەپەككۇر، ھېسسىياتلىق جانلاندۇرۇش، تالانت، فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر، لىرىك تەسۋىر، ھاياجان، پىكىر، باھالارنىڭ ھەممىسىنى «گرۇزىن شائىرىدىن ئارىيەت ئالغان» ئەمەسمىدى؟ تۇرغان - پۈتكىنى گېئورگى لېئونىدزېنىڭ «مەبلىغى» بىلەن «ئۆرە تۇرغان» بۇ داستان نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى «ئۆرە تۇرغۇزغان مەبلەغ» دەك گىگانت ۋە «يۈكسەك» بولالماي، تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر نېمە بولۇپ قالدى؟

